# سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى

## ۋە قەستەلانى شەرھى

由 扫描全能王 扫描创建

# جواهر البخاري

# وشرح القسطلاني

由 扫描全能王 扫描创建

# سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى

# ۋە قەستەلانى شەرھى

مىللەتلەر نەشرىياتى

由 扫描全能王 扫描创建

تۈزگۈچى:

مۇستەفا مۇھەممەد ئەمارە 〔مىسىرلىق〕

تەرجىمە قىلغۇچى:

مۇھەممەت سالىھ

تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

خوجا ئابدۇللا ئوسمان

由 扫描全能王 扫描创建

بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على الأنبياء والمرسلين وعلى سيدنا محمد وعلى آله وأصحابه.

ربنا آتنا من لدنك رحمة وهيء لنا من أمرنا رشدا، واكتبنا من عبيدك السعداء، وتوفنا على كلمتى الايمان والهدى. ربنا لك الحمد على سوابغ آلائك، وجزيل نعمائك، ووافر عطائك ولك الشكر على توفيقك وإحسانك، وخيراتك وأفضالك: حمداً وشكراً يبلغان رضاك، ويوجبان مزيدك، ويجيران من سخطك وأشهد أن لا إله إلا الله، شهادة تنجى من النار، ويحشر قائلها مع الأبرار، وأشهد أن سيدنا محمداً عبده ورسوله. الذى بسقت دوحة رسالته، واستأسدت رياض نبوته، واهتزت لهيبته الأسرة وشرفت بذكره المنابر، وضاقت عن وصفه الطروس، ونفدت دون إحصاء فضله المحابر. رسول تقلب فى أعطاف الفضل، وأعجب بالمنطق الفصل، واختص بجوامع الكلم، وروائع الحكم، وبز

# ترجمة الامام البخارى

هو أبو عبدالله بن اسماعيل بن ابراهيم بن المغيرة بن برْدِزْبه ابن بَذِزْبه جعفى ولاء، البخارى منشأ. إمام المسلمين. وقدوة الموحدين. وسيد المحدثين. المقدم فى قوله وفعله وصاحب الفضل متواتر. والعلم الصحيح الكامل الوافر. قد أشرقت من شرفاته أضواء الهداية اللامعة. وصدح خطيبه على منبر الارشاد بالحجج القاطعة. وتصدّى لاحياء السنة النبوية المصطفية ما أجمع السلف والخلف على قبوله

(ولد) رحمه الله تعالى ببخارى سنة أربع وتسعين ومائة. ونشأ بها يتيما فحفظ القرآن الكريم. وأحاط بعلوم اللغة العربية وهو صبى وحبب اليه سماع الحديث وهو فى المكتب. فكان أول سماعه سنة خمس ومائتين من علماء بخارى أشهرهم أبو أحمد محمد بن يوسف البيكندى وكان يهابه إذا جلس أمامه لكثرة حفظه وذكائه النادر ونبوغه وقد حفظ عشرات الالوف من الأحاديث وهو فى ريعان شبابه وكان أهل المعرفة يتعادون خلفه فى طلب

由 扫描全能王 扫描创建

# كىتابخانىلارغا:

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ھەركەتلىرى ۋە ئۇ سۈكۈت قىلغان ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە ھەركەتلىرى ھەدىس ياكى سۈننەت دەپ ئاتىلىدۇ. ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىسلام شەرىئىتىدە ھەدىس قۇرئاندىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ھەدىسلەر يېزىپ قالدۇرۇلمىغان، پەقەت ساھابىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىلا رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئەرەپ زېمىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىگە تارقالدى. ئىسلام دىنىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى جەريانىدا، خىلمۇ-خىل مەزھەپلەر ۋە سىياسى گۇرۇھلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، ھەدىسلەرنى تۈرلۈكچە ئىزاھلىدى، شۇنىڭدەك باشقا غەرەزدىكى بەزى كىشىلەرمۇ ھەر خىل ماۋزۇ ھەدىس (يالغاندىن توقۇلغان ھەدىس)لەرنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەر ئارىسىدىكى ئىلمى ھەدىس



由 扫描全能王 扫描创建

بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپ، تۈگەشكە باشلىدى.

يۇقۇرقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، نۇرغۇنلىغان ھەدىس ئالىملىرى ھەدىسلەرنى توپلاپ، رەتلەپ، كىتاپ قىلىپ تۈزۈپ چىقىشقا كىرىشتى. 9-ئەسىرگە كەلگەندە، ناھايىتى نۇرغۇن ھەدىس كىتاپلىرى بارلىققا كەلدى. سۈننى مەزھىبىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «سىھاھى سىتتە» ياكى «كۇتۇبى سىتتە» دەپ ئاتالغان 6 پارچە مەشھۇر ھەدىس كىتاۋى ئىچىدە «سەھىھۇلبۇخارى» ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە قۇرئاندىن قالسىلا ئەڭ موتىۋەر ۋە ئىشەنچىلىك كىتاپ دەپ قارالدى.

ھەدىس — قۇرئاننىڭ ئىزاھاتى ۋە قوشۇمچىسى، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە قائىدە-تۈزۈملىرىنى بەلگىلەشتە مۇھىم ئاساستۇر. قۇرئان بىلەن ھەدىس كىتاپ بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، قەدەممۇ-قەدەم ئىلمى تەفسىر، ئىلمى ھەدىس ۋە ئىلمى فىقھى قاتارلىق شەرىئەت ئىلىملىرى بارلىققا كەلدى. ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمى دىنى ئىدىيىسىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن قالماستىن، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالى، سىياسى، ئىقتىسادى، ھەربى ئىشلىرى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلارنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئىسلام دىنى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشتا، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەرەپ جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئېلىمىز قەدىمدىن تارتىپلا ئەرەپ خەلقلىرى بىلەن ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە يېقىن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ



由 扫描全能王 扫描创建

كەلگەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىسلام دىنى ئىلى-تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۇڭخۇينىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىنىڭ 51 يىلى) كىرگەن. ئېلىمىزدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار، قىرغىز، سالا، دۇڭشياڭ، باۋئەن، قاتارلىق ئون مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. ھەدىسنى تونۇشتۇرۇش ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

ھەدىس ئېلىمىزدە بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەمەس. «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى»نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش.

بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش 1979 — 1985-يىللىق مەملىكەتلىك دىنىي ئىلىم تەتقىقاتى پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ خىزمەت شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىنىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئىشقا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىنىي تەتقىقات ئىنستىتۇتى باشتىن-ئاخىر قىزغىن غەمخورلۇق قىلدى ۋە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. تەرجىمە جەريانىدا، «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ «فەتھۇلبارى»، «ئۇمدەتۇلقارى» («ئەينى»مۇ دېيىلىدۇ) ۋە «ئىرشادۇسسارى» («قەستەلانى»مۇ دېيىلىدۇ) قاتارلىق ئەرەبچە مۇپەسسەل شەرھلىرىدىن پايدىلىنىلدى. كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بەزى ئاتالغۇلارغا ۋە ئايرىم ئىبارىلەرگە، شۇنىڭدەك تېكىستتىكى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ قايسى سۈرە ۋە قانچىنچى ئايەت ئىكەنلىگىگە تىرناق



由 扫描全能王 扫描创建

بىلەنچىدە "ت" بەلگىسى بىلەن ئىزاھات بېرىلدى، يەنە بىر قىسىم
تۈرگە كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئىزاھات بېرىلدى، دىنىي كىتابلاردا
ئادەتتە ساھابىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدىغان
"رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ" (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دېگەن سۆز ئۆز
ئەينى بويىچە ئېلىندى. كىتابتىكى قەستەلانى شەرھىنىڭ مەزمۇن
بىلەن ئانچە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ناھايىتى ئاز جايلىرى قىسقارتىپ
ئېلىندى. تەرجىمىدە سۆزلەرنىڭ توغرا، جانلىق چىقىشىغا، مۇمكىن
قەدەر تېكىستنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئىستىلىنى ساقلاشقا تىرىشتىم. بىراق
ھەدىس ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائى مۇھىتىغا ۋە تارىخىي ئارقا
كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغانلىقى، ئەرەپ تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى
بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغانلىقى،
دىنىي تىل ئادەتتىكى تۇرمۇش تىلىدىن پەرقلىق بولىدىغانلىقى،
بۇ جەھەتتە بۇرۇن ئىشلىنىپ چىققان ئۈلگە بولغۇدەك بىرەر كىتاپ-
نىڭ بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەۋىيەم چەكلىك، تەجرىبەم
يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەدىسنىڭ مەنىلىرىنى كىتابخانلارغا
ناھايىتى توغرا يەتكۈزۈپ بېرەلىدىم دەپ ئېيتالمايمەن. شۇڭا،
كىتابخانلارنىڭ كىتابنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا قىممەتلىك
پىكىرلەرنى بېرىشىنى سورايمەن.

مۇھەممەت سالىھ

1981-يىل مارت.

由 扫描全能王 扫描创建

# مۇندەرىجە


ئىمام بۇخارىنىڭ تەرجىمىھالى ........ 11

ئۇستاز قەستەلانىنىڭ تەرجىمىھالى ........ 16

ئەھلى ھەدىسنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا ........ 18

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا ........ 24

3) تەقۋىدارلىق، ئىمان، ھىدايەت، ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى ۋە ئىمان مەسىلىلىرى توغرىسىدا ........ 27

6) مۇسۇلمانى كامىل توغرىسىدا ۋە ئاللا ئۈچۈن بولغان مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭمۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 29

7) كىشىلەرگە ئاش-نان بېرىشنىڭ مۇسۇلمانچىلىق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى، ئۆزى نىمىنى ياخشى كۆرسە، قېرىندىشىغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 29

9) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈشنىڭ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 30

10) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ساھابىلەرنىڭ بەيئەت قىلغانلىقى توغرىسىدا ........ 30




由 扫描全能王 扫描创建

11) سالام بېرىش ئىسلامنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........................ 31

12) گۇنا ئىشلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرى ئىكەنلىكى، خۇداغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇنالارنى سادىر قىلغان كىشىلەرنىڭ كاپىر ھېساپلانمايدىغانلىغى توغرىسىدا ........................ 32

13) كىشىنىڭ قەلبىگە ئىسلامنىڭ چوڭقۇر سىڭىشى توغرىسىدا... 33

14) جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھسان ھەققىدە سورىغان سوئالى توغرىسىدا ........ 34

15) دىندا ئادالىغ بولغان ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ... 36

16) دىنىنىڭ ئاساسى سادىق بولۇش ئىكەنلىكى توغرىسىدا ... 37

18) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوزلەۋاتقاندا بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن قىيامەت توغرىلىق سورىغانلىغى توغرىسىدا.... 39

19) رەسۇلۇللانىڭ يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن مەسىلە ئۇگەتكەنلىكى توغرىسىدا ........................ 39

21) ئالدىن بىلىپ ئاندىن ئېيتىش ۋە ئىشلەش توغرىسىدا ... 41

23) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرگە قېچىپ قالمىسۇن دەپ ۋەز-نەسىھەتنى ئارىلاپ-ئارىلاپ قىلغانلىغى توغرىسىدا ........................ 42

24) ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇگىنىش ۋە ئۇگىتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........................ 43

26) ئىلىمنىڭ كوتىرىلىپ كېتىشى ۋە جاھالەتنىڭ تارىلىشى توغرىسىدا ........................ 44

27) رەسۇلۇللانىڭ ئۆز سوزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدىغانلىغى



由 扫描全能王 扫描创建

توغرىسىدا .......................... 44

28) سورالغان سوئالغا ئىشارەت قىلىپ جاۋاپ بېرىش
توغرىسىدا .......................... 45

29) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغاننى چاپلىغان ئادەمنىڭ
گۇنايى توغرىسىدا ...................... 46

31) ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم ئۆگىتىشتىكى تارتىنچاقلىق
توغرىسىدا .......................... 47

32) بىتاھارەت ئوقۇلغان نامازنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقى
توغرىسىدا .......................... 47

33) تاھارەت ئېلىشنىڭ پەزىلىتى، تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن
چىراي، قول-پۇتلارنىڭ نۇرانە بولۇشى توغرىسىدا ... 48

34) تازا ئىشەنچ قىلمىغچە كوڭلىگە شەك كېلىپ قېلىش بىلەن
تاھارەتنىڭ سۇنمايدىغانلىقى توغرىسىدا .......... 48

35) تام ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بولمىغان شارائىتتا
قىبلىگە قاراپ چوڭ-كىچىك تەرەت قىلماسلىق
توغرىسىدا .......................... 49

36) تەرەت قىلغاندا ئەۋرىتىنى ئوڭ قول بىلەن تازىلىماسلىق
توغرىسىدا .......................... 49

37) تاھارەت ئالغاندا ئەزالارنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش
توغرىسىدا .......................... 49

38) تاھارەتتە بۇرۇنغا سۇ ئېلىش توغرىسىدا .......... 50

39) تاھارەتتە ۋە غەسلدە ئوڭدىن باشلاش توغرىسىدا .... 50

40) ئىت چېپىلىپ قويغان قاچا توغرىسىدا ........... 51

41) مەسچىتتە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .......... 51




由 扫描全能王 扫描创建

42) قاچىغا قولىنى سېلىپ تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا ...... 51
43) ھاجەت قىلغاندىن كېيىن چالمىنى تاق تۇتۇش
توغرىسىدا .................... 52
44) ئۇيقۇدىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇش
توغرىسىدا ..................... 52
45) سۇيدۇك تېگىپ كېتىشتىن ساقلانماسلىقنىڭ چوڭ گۇنا
ئىكەنلىكى توغرىسىدا ................. 52
46) سېرىق مايغا ياكى سۇغا چۈشۈپ قالغان نىجىس نەرسە
توغرىسىدا ..................... 53
47) تاھارەت بىلەن ياتقان ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ... 53
48) يالىڭاچ يۇيۇنغان ئادەم توغرىسىدا........... 54
49) جۇنۇپ تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ئۇخلاش توغرىسىدا.... 54
50) ھەيزدار ئايالنىڭ ئېرىنىڭ بېشىنى يۇيۇپ ۋە تاراپ
قويۇشى توغرىسىدا ................... 55
51) ھەيزدار ئايالغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇش توغرىسىدا.. 55
52) ھەيزدار ئايالنىڭ روزا تۇتماسلىقى توغرىسىدا....... 55
53) ھەيزدىن پاك بولغان ئايالنىڭ غۇسلى قىلغان چاغدا خۇش
پۇراق ئىشلىتىشى توغرىسىدا............. 56
54) قوساقتىكى بالىنىڭ يارىلىش جەريانى توغرىسىدا..... 57
55) قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا....... 57
56) نامازغا تۇرغاندا سەپراس بولۇپ تۇرۇش توغرىسىدا... 58
57) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنىنىڭ ھەممە يېرى ماڭا
سەجدە قىلىشقا بولىدىغان جاي قىلىندى دېگەن سۆزى
توغرىسىدا ........................ 58



由 扫描全能王 扫描创建

58) مەسچىتتە تاھارەتنىڭ سۇنۇپ كېتىشى توغرىسىدا . . . . . . 59

59) مەسچىتتە قەيەر توغرا كەلسە، شۇ يەردە ئولتۇرۇش توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 59

60) مۆمىنلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىشى توغرىسىدا . . . . . . 60

61) نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلغانلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 60

62) بەش ۋاق نامازنىڭ گۇناغا كاپارەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 61

63) ئەسرى نامىزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا . . . . . . . . . . 61

64) نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەزان ئېيتىش توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 62

65) جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشنىڭ زورۇرلۇگى توغرىسىدا. . . 63

66) جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا. . . 63

68) پېشىن نامىزىنى دەسلەپكى ۋاقتىدا ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىگى توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 64

69) مەسچىتلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ئاللا سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا. . . . . . . . . . . 65

70) ناماز ۋاقتىدا غىزا تەييار بولۇپ قالسا قانداق قىلىش توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 65

71) ناماز ئوقۇۋاتقاندا كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ قانداق قىلىشى توغرىسىدا. . . . . . . . . . . . . . . . 66

72) ئاجىزلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . 66

73) رۇكۇ ياكى سەجدىدە ئىمامدىن بۇرۇن بېشىنى كۆتەرگەن ئادەمنىڭ گۇنايى توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . 66



由 扫描全能王 扫描创建

74) قولىنىڭ ۋە ئازات قىلىنغان قولىنىڭ ئىمام بولۇشى توغرىسىدا .................. 67
75) ئىمام بولغان ئادەمنىڭ نامازنى يەڭگىل ئوقۇشى توغرىسىدا .................. 67
76) ناماز ئوقۇغاندا سەپتە رۇس تۇرۇش توغرىسىدا ...... 67
77) نامازغا قولاق قاققاندىن كېيىن نېمە ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا .................. 68
78) نامازدا تۇرۇپ ئاسمانغا قاراش توغرىسىدا ........ 68
79) نامازدا تۇرۇپ ئوڭ-سولغا قاراش توغرىسىدا ....... 69
80) نامازدا سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ئىمامنىڭ ئامىن دېگەن سوزنى ئۇنلۇك ئېيتىشى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا... 69
81) سەجدە قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........... 70
82) سەجدىدە تۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىش ۋە دۇئا ئوقۇش توغرىسىدا ....................... 73
85) نامازدىن كېيىن زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش توغرىسىدا... 74
87) جۈمەگە بېرىشتا خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىش توغرىسىدا ........................ 76
88) جۈمە كۈنى مىسۋاك ئىشلىتىش توغرىسىدا ۋە ھەر بىرىڭلار پادىچى ھېساپلىنىسىلەر دېگەن ھەدىس توغرىسىدا..... 76
90) جۈمە كۈندە يۇيۇنۇش توغرىسىدا .............. 78
91) جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت توغرىسىدا ........................ 78
92) تەشرىق كۈنلىرى (قۇربان ھېيتىنىڭ 2-، 3-، 4- كۈنلىرى-ت)دە قىلىنغان ئىبادەتنىڭ پەزىلىتى



由 扫描全能王 扫描创建

توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 79
93) يەر تەۋرەش توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . 79
94) ئاللادىن باشقا ھېچكىم ئالدىن بىلمەيدىغان بەش تۈرلۈك
نەرسە توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 80
95) ئاياللارنىڭ مۇئامىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ سەپەرگە چىقىشى
توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 80
97) كېسەلنىڭ يېنىدا يىغلاش توغرىسىدا . . . . . . . . . . 81
98) دۇنيادا رەڭگا-رەڭ كىيىم كىيگەن ئاياللارنىڭ ھالى ۋە
شەيتاننىڭ توقۇناق چىگىشى توغرىسىدا . . . . . . . . . . 82
100) كېچىنىڭ ئاخىرىدا دۇئا قىلىش توغرىسىدا . . . . . . . . . 83
101) قاتتىق ئىبادەت قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا . . . 83
103) بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، پەزىلەتلىك ئەمەل دەپ
ئىستىخارە نامىزى ئوقۇش توغرىسىدا . . . . . . . . . . . 84
104) جىنازىغا ئەگىشىشكە قىلىنغان ئەمر توغرىسىدا . . . . . . . 85
105) بالىسى ئۆلگەن ئادەمگە بولىدىغان ساۋاب توغرىسىدا . . . . 86
106) مېيىتكە يىغلاشنىڭ يامانلىقى توغرىسىدا . . . . . . . . . . 86
107) ياقا يىرتىپ يىغلاشنىڭ رەسۇلۇللانىڭ سۈننىتىگە خىلاپ
ئىكەنلىكى توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 87
108) مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلىش توغرىسىدا . . . . 87
109) ھازىدار ئايالنى مۇسىبەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە چېچىنى
ئالدۇرۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا . . . . . . . . . . . 88
110) جىنازىنى كورگەندە ئورنىدىن تۇرۇش توغرىسىدا . . . . . . 88
111) ئەرلەرنىڭ جىنازىنى كوتىرىشى توغرىسىدا . . . . . . . . . 88
112) جىنازىغا ھازىر بولغانلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا . . . . . . 89

113) گودەكلەرنىڭ ئىسلامىيىتى توغرىسىدا ........... 89

114) ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئادەم توغرىسىدا.......... 90

115) ئۆلۈكلەرنى ھاقارەتلەشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا.... 90

116) زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........... 90

118) زاكاتنى مەنئى قىلغۇچىنىڭ گۇنايى توغرىسىدا....... 92

119) پۇل-مالنى ئۆز يولىدا سەرپ قىلىش توغرىسىدا....... 92

120) ھالال كەسپ بىلەن تاپقان مالدىن سەدىقە قىلىش توغرىسىدا..................... 92

121) سەدىقىنى ئۇنى ئالدىغان ئادەم تېپىلماي قېلىشتىن ئىلگىرى بېرىۋېلىش توغرىسىدا............. 93

122) قايسى خىلدىكى سەدىقىنىڭ ئەۋزەل بولىدىغانلىغى توغرىسىدا .................. 93

123) خادىمى ۋاكالىتەن سەدىقە بەرگەن كىشى توغرىسىدا... 94

124) كىشى كەمبەغەل، ئائىلىسى مۇھتاج ۋە قەرزدار تۇرۇپ سەدىقە بېرىشكە بولمايدىغانلىغى توغرىسىدا....... 94

126) سېخى بىلەن بېخىل توغرىسىدا............. 95

128) ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ سەدىقە قىلىشى لازىملىغى توغرىسىدا .................. 96

129) تىلەمچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىش توغرىسىدا......... 96

131) بېيىش ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار توغرىسىدا ۋە ھەج قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.......... 98

135) مىنادا سوزلەنگەن نوتۇق توغرىسىدا........... 99

136) سەپەر قىلىشنىڭ بىر تۈرلۈك ئازاپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا .................. 100




由 扫描全能王 扫描创建

137) مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.......... 100
140) روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.......... 101
142) روزا تۇتقاندا يالغان سۆزلەش توغرىسىدا.......... 102
143) بويتاقلىقتىن قورققان ئادەمنىڭ روزا تۇتۇشى توغرىسىدا.. 102
144) سوھورلۇق يېيىشنىڭ بەرىكەت ئىكەنلىگى توغرىسىدا.... 103
145) روزىدار ئادەمنىڭ مىسۋاك ئىشلىتىشى توغرىسىدا...... 103
146) رامىزان كېچىلىرىدە ۋە شىبى قەدرى كېچىسىدە ئىبادەت
قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا............. 103
147) ھالالىنىڭمۇ، ھارامىنىڭمۇ ئېنىق ئىكەنلىگى توغرىسىدا.... 104
148) بالا ئەرنىڭ بولىدىغانلىغى توغرىسىدا......... 104
149) ھالال كەسىپ بىلەن ھارام كەسىپنى پەرق قىلمايدىغان
كىشىلەر توغرىسىدا................... 105
150) رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشى توغرىسىدا........... 105
151) كىشىنىڭ كەسپى ياكى ئۆز ئەمگىگى توغرىسىدا...... 106
152) قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزدارغا موھلەت بېرىشنىڭ پەزىلىتى
توغرىسىدا ..................... 107
153) يالغان سۆز سودىنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغانلىغى
توغرىسىدا ..................... 107
154) جازانىخورلۇق توغرىسىدا............. 107
155) يالغان قەسەم توغرىسىدا............. 108
156) ياخشى ھەمرا ئىزدەش توغرىسىدا............ 108
157) نەسىھەت قىلىشقا تەرغىپ قىلىش توغرىسىدا........ 109
158) خۇدالىق ئۈچۈن قىلىنغان خالىس ئەمەلىنىڭ نەتىجىسى
توغرىسىدا ..................... 109



由 扫描全能王 扫描创建

159) جانسىز نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ سېتىش
توغرىسىدا ........................ 111
160) هور ئادەمنى ساتقانلارنىڭ گۇنايى توغرىسىدا. ......... 112
161) قەرزنى باشقىلارغا هاۋالە قىلىش توغرىسىدا. ........ 112
162) تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا. .......... 112
163) دېخانچىلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىت بېقىش توغرىسىدا. .. 113
164) يالغان قەسەم ئىچىش توغرىسىدا. .............. 113
165) مۇساپىرغا سۇ بەرمىگەن ئادەمنىڭ گۇنايى توغرىسىدا. ... 113
166) ئات ۋە ئۇلاقلارنى سۇغىرىش توغرىسىدا. .......... 114
167) كىشىلەردىن پۇل ـ مال ئالغان ئادەم توغرىسىدا. ...... 115
168) رەسۇلۇللانىڭ قەرزدىن پانا تىلىگەنلىگى توغرىسىدا. .. 115
169) پۇل ـ مالنى ئىسراپ قىلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا. .. 116
170) زۇلۇم ۋە ناهەقچىلىقلاردىن قىساس ئېلىش توغرىسىدا. .. 116
173) مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىگى، ئۆزئارا
ياردەمدە ۋە يار ـ يۆلەكتە بولۇشى لازىملىغى توغرىسىدا. .. 117
174) زۇلۇمنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەت بولىدىغانلىغى توغرىسىدا. ... 118
175) ئۈستىدە بىراۋنىڭ هەققى قالغان كىشى توغرىسىدا. .... 118
176) كىشىنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالغان ئادەم توغرىسىدا. ...... 119
177) دەۋاسىدا قاتتىق ئادەم توغرىسىدا. ............. 119
180) زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆز هەققىنى ئېلىش توغرىسىدا. .. 120
181) كىشىنىڭ ئۆز تېمىدىن خوشنىسىنىڭ پايدىلىنىۋېلىشىنى
توسماسلىغى توغرىسىدا. ............... 121
182) ئىشىك ئالدىدا ۋە كوچىلاردا ئولتۇرۇش توغرىسىدا ... 121
183) يولدىكى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلىۋېتىش



由 扫描全能王 扫描创建

توغرىسىدا .......................... 122

184) ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىۋېلىنغان مال-مۈلۈك
توغرىسىدا .......................... 122

185) سەلىب (ناسارالارنىڭ قارىشىچە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېسىلغان
ياغاچنىڭ شەكلى. — ت)نىڭ چېقىلىشى ۋە چوشقىلارنىڭ
ئۆلتۈرۈلۈشى .......................... 123

186) پۇل-مېلىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۇرۇشقان ئادەم
توغرىسىدا .......................... 123

187) سەۋەنلىك، ئۇنتۇپ قالغانلىق توغرىسىدا ۋە ئەمەلىنىڭ
نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا .......... 124

190) خىزمەتچىسى تاماق ئېلىپ كەلگەن كىشى توغرىسىدا ... 125

191) خىزمەتچىسىنى ئۇرۇش توغرا كەلگەندە يۈزىگە ئۇرماسلىق
توغرىسىدا .......................... 125

192) سوغىغا قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا ................ 125

193) بەرگەن سوغىنى قايتۇرۇۋالماسلىق توغرىسىدا ........ 126

194) ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرىدىن غەيرىگە خەيرى-ساخاۋەت
قىلىشى توغرىسىدا .......................... 126

195) ھەق گەپ قىلىش توغرىسىدا .......................... 126

196) مومىن ئادەمنىڭ ناھەق ئىشقا گۇۋالىققا تارتىلسا گۇۋا
بولماسلىقى توغرىسىدا .......................... 127

198) يالغان گۇۋالىق بېرىش توغرىسىدا، كىشىلەرنى ئەپلەش-
تۈرۈش مەقسىدىدە قىلىنغان يالغان گەپنىڭ يالغان ھىساپ-
لانمايدىغانلىقى توغرىسىدا .......................... 128

200) جاۋاپكارنىڭ قەسەم كەلگەن يەردە قەسەم ئىچىشى



由 扫描全能王 扫描创建

توغرىسىدا .................... 129

202) ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، راستلىق ۋە ئىشەنچ توغرىسىدا ... 129

203) شەرىئەتتە يوق نەرسىلەرنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى
توغرىسىدا .................... 130

204) كىشىلەرنى ئەپلەشتۇرۇپ قويۇشنىڭ پەزىلىتى
توغرىسىدا .................... 130

205) نىكادا دۇرۇس بولمايدىغان شەرتلەر ۋە نادۇرۇس سودا
توغرىسىدا .................... 131

206) ئۆلىدىغان ۋاقتىدا قىلىدىغان سەدىقىنىڭ پەزىلىتى
توغرىسىدا .................... 131

207) خىش-ئەقرىبالىرىغا سەدىقە قىلغان كىشى توغرىسىدا ... 132

208) يېتىملەرنىڭ مېلىنى يېۋېلىشنىڭ يەتتە خىل ھالاكەتلىك
گۇنا قاتارىغا كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا............ 133

209) جىھادنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا ............... 133

210) كىمنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 133

212) جىھاد قىلغۇچى غازىيلارنىڭ ۋە ئاللا يولىدا شەھىت بولغان-
لارنىڭ مەرتىۋىلىرى توغرىسىدا.............. 135

214) ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ يارىلانغانلارنىڭ پەزىلىتى
توغرىسىدا .................... 136

215) جەننەتنىڭ چاقناپ تۇرغان قىلىچلار ئاستىدا ئىكەنلىكى
توغرىسىدا .................... 136

216) يېتەكچىمىز سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ جىھاد ئۈچۈن بالا
تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا .............. 136

217) قورقۇنچاقلىقتىن ۋە باشقىلاردىن پانا تىلەش




由 扫描全能王 扫描创建

توغرىسىدا ........................ 137

218) شەھىتنىڭ بەش تۈرلۈك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا....... 137

219) خۇدالىق ئۈچۈن روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ... 138

220) ئاللانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........................ 138

222) ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرىدىكى ھەققى توغرىسىدا ...... 140

223) ئۈچ نەرسىنى شۇم نەرسە دەپ قاراش توغرىسىدا..... 141

224) سەپەر ئۈستىدە ھەمرىيىسىنىڭ يۈك-تاقىلىرىنى ئارتىشىپ بەرگەن ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .......... 141

225) دىن يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ دۈشمەننى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.......... 142

226) ئاجىزلارغا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا .......... 142

227) كىشى قىلغان ئەمەلى بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىكى توغرىسىدا ........................ 143

228) يەھۇدىلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا ...... 144

229) تۈركلەر بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا........ 144

230) مۇسۇلمان باشلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئۇرۇشى توغرىسىدا................ 145

233) ۋاقىراپ تەكبىر ئېيتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا... 147

234) يولۇچىغا ۋە كېسەلگە ئۆيىدىكى چاغدىكى ۋە ساق چاغدىكى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى بولۇپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا... 147

235) يالغۇز يول مېڭىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا.... 148

236) خىرىستىيان ۋە يەھۇدىلاردىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ




由 扫描全能王 扫描创建

پەزىلىتى توغرىسىدا ............... 148

237) ئەزىيەت يەتكۈزگۈچى جاندارلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمى
توغرىسىدا ................... 149

238) سوقۇش ئۈستىدە دە-تالاش ۋە ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ياخشى
ئەمەسلىكى توغرىسىدا ............. 150

239) ئەسىرلەرنى دۈشمەن قولىدىن ئاجرىتىۋېلىش توغرىسىدا... 150

240) غەنىمەتكە قارا ساناشنىڭ ھاراملىقى ۋە ئاللاتائالانىڭ
"كىمكى غەنىمەتكە قارا سانايدىكەن، قىيامەت كۈنى قارا
سانىغان نەرسىسى بىلەن بىللە ھازىر بولىدۇ" دىگەن سۆزى
توغرىسىدا .................. 150

241) غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى پەيغەمبەرنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ
ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەھلى سۇففە
(مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىدىدە يېتىپ قوپىدىغان بىر تۈركۈم
ئۆي-ماكانسىز نامرات ساھابىلەر.—ت)، يېتىم ئوغۇل،
تۇل خوتۇنلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا
بىلىپ، غەنىمەتتىكى ئۆز ھەسسىسنى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى
ئۈچۈن سەرپ قىلغانلىقى توغرىسىدا ............ 152

243) كۆڭلى ئىسلامغا مايىل قىلىنغانلارغا ۋە باشقىلارغا پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ غەنىمەتتىن ئالغان ئۆز ھەسسىسىنى
بەرگەنلىكى توغرىسىدا ............ 153

245) دۇنيا قوغلىشىش، يەھۇدى، ناسارا، مەجۇسىلەردىن
جىزيە ئېلىش توغرىسىدا ............ 154

246) دۈشمەننىڭ خىيانەت قىلىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئاللاتا-
ئالانىڭ "ئەگەر ئۇلار سېنى ئالدىماقچى بولۇشسا،



由 扫描全能王 扫描创建

ئاللا ساڭا كۆپايە قىلغۇچىدۇر" دېگەن سوزى
توغرىسىدا. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 156

247) مەيلى ياخشى ئادەمگە بولسۇن، مەيلى يامان ئادەمگە
بولسۇن، قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ گۇنا
ئىكەنلىكى توغرىسىدا. . . . . . . . . . . . . . . . . . 157

248) دەسلەپكى مەخلۇقاتلارنىڭ يارىلىشى توغرىسىدا. . . . . . . 157

پەرىشتىلەر توغرىسىدا ۋە ئاللا دوست تۇتقان كىشىنى
كىشىلەرنىڭمۇ دوست تۇتىدىغانلىغى، قوساقتىكى بالىنىڭ
تورىلىش جەريانى توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . 158

250) ئېرى توشەككە چاقىرسا ئۇنىمىغان ئايال توغرىسىدا . . . . 162

251) جەننەتنىڭ، ئەھلى جەننەتنىڭ ۋە ئۇلارغا تەييارلانغان
نەرسىلەرنىڭ تەرىپى توغرىسىدا. . . . . . . . . . . . . 162

252) دەۋزەخنىڭ ۋە دەۋزەختىكى ئەھلى دەۋزەخنىڭ سۈپىتى
توغرىسىدا. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 164

253) شەيتان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى توغرىسىدا. . . . . . . . . . 165

254) زىيانداش هايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا. . . . . . . . . 167

255) مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈشنىڭ يامانلىغى توغرىسىدا. . . . . . . . . 167

256) قاچىغا چىۋىن چۈشۈپ قالسا قانداق قىلىش
توغرىسىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 167

257) ئۇسسىغانغا سۇ بېرىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا. . . . . . . . 168

258) ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ يارىتىلىشتىكى
شەكلى توغرىسىدا. . . . . . . . . . . . . . . . . . . 168

259) كىشىلەرنىڭ روھلىرى ئالەمى ئەرۋاھتا توپلانغان لەشكەرلەر
ئىكەنلىكى توغرىسىدا. . . . . . . . . . . . . . . . . . 170



由 扫描全能王 扫描创建

260) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ............ 170
260) گۆشنىڭ چىرىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ........ 171
261) داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزى ۋە تۇتقان روزىسى توغرىسىدا ............ 172
262) كىشىلەرنىڭ دەۋزەخ ئوتىغا ئۆزلىرىنى پەرۋانىغا ئوخشاش ئاتىدىغانلىقى توغرىسىدا ............ 172
263) مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا ............ 173
264) بەنى ئىسرائىل توغرىسىدا ............ 174
288) ئۆزىنىڭ نەسەبىنى يالغان ئېيتقان ۋە يالغان چۈش بايان قىلغان ئادەم توغرىسىدا ............ 179
289) پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى — رەسۇلۇللانىڭ يوچۇقىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكى توغرىسىدا ......... 180
290) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ..... 180
299) ئەنسارلارنى سۆيۈش توغرىسىدا ............ 183
300) ئاللا بىلەن قەسەم قىلىش توغرىسىدا ............ 183
301) كىشىنىڭ نىيىتى توغرىسىدا ............ 184
302) ئاللانىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم ئۈچ مەسىلە توغرىسىدا ..... 184
303) نەپىقە توغرىسىدا ............ 186
304) بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەت توغرىسىدا ... 186
305) چوكانغا ئۆيلىنىش توغرىسىدا ............ 186
306) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكىتى توغرىسىدا ...... 187
307) زاتۇررىقا غازىتى ۋە رەسۇلۇللانىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغۇچىنى ئەپۇ قىلغانلىقى توغرىسىدا ...... 188



由 扫描全能王 扫描创建

310) خەيبەر غازىتى ۋە "لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللا" دىگەن سوزنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ............ 189
311) مەككىنى پەتھى قىلىش غازىتى ۋە مەككىدە قىلىش چەكلەنگەن ئىشلار توغرىسىدا ............... 190
312) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتىشى ۋە ئۇنىڭغا قىلغان تەۋسىيىسى توغرىسىدا ............ 192
313) ئەمەلگە ئۆزرىسى بار تۇرۇقلۇق نىيەت قىلىش توغرىسىدا ......................... 192
314) ئاياللارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشى توغرىسىدا .......... 193
315) پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋرىلىرى ۋە يەھۇدىلار توغرىسىدا ... 194
316) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ................. 194
317) قانداق گۇنانىڭ ئەڭ چوڭ ئىكەنلىكى توغرىسىدا ...... 197
318) ئاللانىڭ بالىسى بار دىگەنلەرنىڭ سوزى توغرىسىدا .... 197
319) پۇتۇنلەي خەيردىن ئىبارەت بولغان دۇئا توغرىسىدا .... 198
320) كىشىدىن نەرسە تىلىمەيدىغان مىسكىن توغرىسىدا ..... 199
321) جاۋاپكارغا قەسەم كىلىدىغانلىقى توغرىسىدا .......... 199
322) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىرەقلىگە مەكتۇپ يوللىشى ..................... 200
323) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىسراغا مەكتۇپ يوللىشى ... 205
324) ئاللا تائالانىڭ: "ئاللا ھىچ ئادەمگە زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ" دىگەن سوزى توغرىسىدا .............. 206
325) تولا سوزلەشنىڭ گۇنا ئىكەنلىكى توغرىسىدا ....... 208
326) مەھشەرگاھ توغرىسىدا .............. 208



由 扫描全能王 扫描创建

327) غەيىپنىڭ غەزنىسى ئاللانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى
توغرىسىدا ..............209
328) قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى توغرىسىدا..........210
329) "گۇنالىرىنى تونۇغان ئىككىنچى تۈرلۈك ئادەملەرمۇ
بار" دېگەن ئايەت توغرىسىدا ............211
330) ئاشۇرا روزىسى توغرىسىدا..........212
331) "رەببىڭ ئەنە شۇنداق ئازاپ قىلىدۇ" دېگەن ئايەت
توغرىسىدا ..................212
332) "ئەتىگەنلىك ۋە كەچقۇرۇنلۇق نامازلارنى ئوقۇغىن"
دېگەن ئايەت توغرىسىدا..............213
333) ئەرەپلەرنىڭ پەخىرلىنىدىغان نەسەبى توغرىسىدا ۋە دىنىي
ئىشلارنى تازا بىلىدىغان ئادەمنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك
ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..............214
334) "ئاللا مۆمىنلەرنى چىن ئىمانىدا بەرقارار قىلىدۇ" دېگەن
ئايەت توغرىسىدا ..................215
335) ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان دۇئا
توغرىسىدا ..................215
336) "قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى
يوقىقا چىقىرىپ، ئېتىۋارغا ئالمايمىز" دېگەن ئايەت
توغرىسىدا..............216
337) "ئۇلارنى ھەسرەت چېكىدىغان كۈندىن قورقۇتقىن" دېگەن
ئايەت توغرىسىدا.............216
338) ئائىشىگە قىلىنغان تۆھمەت توغرىسىدا.........217



由 扫描全能王 扫描创建

337) مۇسا ئەلەيھەسسالام بىلەن ئادەم ئەلەيھەسسالامنىڭ مۇنازىرىسى ۋە "جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەپ بولمىغاي......" دىگەن ئايەت توغرىسىدا.......... 225
338) قىيامەت كۈنى "كىشىلەرنى مەس كورسەن......" دىگەن ئايەت توغرىسىدا.................. 226
339) "قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ئاللاغىلا مەلۇم......" دىگەن ئايەت توغرىسىدا.............. 227
340) "ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا ساقلانغان نەرسىلەرنى ھېچكىم بىلمەيدۇ......" دىگەن ئايەت توغرىسىدا.......... 229
341) مومىنلەر ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ ھەممىدىن چارە ئىكەنلىگى توغرىسىدا.............. 229
342) "كۈن ئۆزىنىڭ قارارگاھىغا قاراپ سەيىر قىلىدۇ" دىگەن ئايەت توغرىسىدا.................. 230
343) "ماڭا مەندىن كېيىن ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشالىقنى بەرگىن......" دىگەن ئايەت توغرىسىدا.... 231
344) "ئاللانى ئۆز لايىغىدا ئۇلۇغلاشمىدى......" دىگەن ئايەت توغرىسىدا....................... 232
345) "بىزنى پەقەت زامانلا ھالاك قىلىدۇ" (دەھرىلەرنىڭ سوزى ھىكايە قىلىپ ئېيتىلغان. ـ ت) دىگەن ئايەت توغرىسىدا.... 232
346) "سىلە ـ رەھىمگىلارنى ئۈزۈپ قويۇشقۇچىلار كۈتۈلەمدۇ؟" دىگەن ئايەت توغرىسىدا.............. 233
347) "بىز سېنى ھەقىقەتەن گۇۋاچى قىلىپ ئەۋەتتۇق......" دىگەن ئايەت توغرىسىدا.................. 234
348) "دەۋزەخ يەنە بارمۇ دەيدۇ" دىگەن ئايەت توغرىسىدا... 235



由 扫描全能王 扫描创建

350) لات ۋە ئۇززا بۇتلىرى توغرىسىدا.............236
351) ئاينىڭ يېرىلغانلىقى توغرىسىدا.............236
352) جەننەتنىڭ چېدىرلىرىدىكى مەستۇرە ھورلەر توغرىسىدا...237
353) بەدەنگە يىگنە سانچىپ مەڭ قويدۇرغۇچى ۋە چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن چىشىغا ئىكەك سالدۇرغۇچى ئاياللار توغرىسىدا...........................238
354) قوپال، ئەسكى ئادەم توغرىسىدا.............239
355) قۇرئان ئوقۇغۇچى توغرىسىدا.............239
356) "......ئۇنىڭغا بىز جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەللەرنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز" دېگەن ئايەت توغرىسىدا...240
357) ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.........241
358) سۇرە ئىخلاس، سۇرە ناس ۋە سۇرە پەلەقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا..........................242
359) قۇرئاننىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.............243
360) قۇرئان ئۆگەنگەن ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا......244
361) قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش توغرىسىدا........244
363) قۇرئان ئوقۇش بىلەن پەخىرلەنگەن ئەمما ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ئادەم توغرىسىدا...............245
364) ئۆيلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا..........245
364) ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغان ئادەم توغرىسىدا........246
365) ئۆيلىنىشتە ئاياللاردىكى تۆت خىسلەت كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا.........................247
366) خوتۇننىڭ شۇملۇق تەرىپى توغرىسىدا...........247
367) قېرىندىشى ئالىدىغان لايىقنى ئېلىش ئۈچۈن ئېغىز ئاچماسلىق



由 扫描全能王 扫描创建

توغرىسىدا .......... 248
369) نىكادىكى شەرتلەر توغرىسىدا .......... 248
370) نىكادا دۇرۇس بولمايدىغان شەرتلەر توغرىسىدا ....... 249
371) تويغا چاقىرسا بېرىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا ....... 249
373) ئاياللارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ....... 250
374) ئاياللار ھەققىدىكى ۋەسىيەت توغرىسىدا .......... 250
375) ئايال كىشىنىڭ نەپلى روزا تۇتۇشى توغرىسىدا ....... 251
376) ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىگە باشقىلارنىڭ كىرىشىگە
ئىجازەت بېرىشى توغرىسىدا .............. 251
377) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دەۋزەخ توغرىسىدا ......... 251
379) ئاياللارنى ئۇرۇشنىڭ يامان ئىكەنلىكى توغرىسىدا ...... 253
380) ئاياللار ئۈستىدە قورۇش توغرىسىدا ........... 253
381) ئاياللارنىڭ مەسچىتكە بېرىشقا ئىجازەت سورىشى
توغرىسىدا ................ 253
382) ئايال كىشى ئېرىگە باشقا ئايالنىڭ سۈپىتىنى دەپ بېرىشى
توغرىسىدا ................ 254
383) سەپەردىكى ئادەم ئائىلىسىگە كېچىسى قايتىپ كەلمەسلىكى
توغرىسىدا ................ 255
385) يېتىمنى باققۇچى كىشى توغرىسىدا ............ 255
386) ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال توغرىسىدا .......... 256
387) خەيرى-ئېھسان قىلىش ۋە نەپىقە بېرىش توغرىسىدا ... 256
392) ياخشى ئەمەللەرگە ياتىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ...... 258
393) تاماق يېيىش ئالدىدا بىسمىللا دېيىش توغرىسىدا ..... 258
394) تاماق يېيىشنى ۋە باشقا ئىشلارنى ئوڭدىن باشلاش



由 扫描全能王 扫描创建

توغرىسىدا .................... 259
395) تاماقتىكى بەرىكەت توغرىسىدا ............. 259
397) تاماقنى ئۇلتۇرۇش توغرىسىدا ............. 260
399) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماقنى كەمسىتمىگەنلىكى
توغرىسىدا .................... 261
400) كۆمۈش يالىتىلغان قاچىدا تاماق يېيىشنىڭ ھۆكمى
توغرىسىدا .................... 261
401) خورمىنىڭ بەرىكىتى توغرىسىدا ............. 262
402) ئەجۋە خورمىسى توغرىسىدا ............. 262
403) سامساق ۋە پىياز يېيىش توغرىسىدا ............. 262
404) بارماقلارنى يالاش توغرىسىدا ............. 263
405) تاماقتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا توغرىسىدا ........ 263
406) ئەقىقە توغرىسىدا ............. 264
407) مالنى قان ئېقىتالايدىغانلىكى نەرسىلەر بىلەن بوغۇزلاشنىڭ
دۇرۇس ئىكەنلىكى توغرىسىدا ............. 264
408) ئايالنىڭ ۋە دىدەكنىڭ بوغۇزلىغان مېلى توغرىسىدا ...... 265
409) قىرلىقلارنىڭ ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرى
توغرىسىدا .................... 265
410) ھايۋانلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئەزالىرىنى كېسىشنىڭ ۋە
تىرىك ھايۋاننى باغلاپ قويۇپ قارىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ
يامان ئىكەنلىكى توغرىسىدا ............. 266
411) قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ گوشىنى يېيىش توغرىسىدا ... 266
412) ھاراق ئىچىش توغرىسىدا ............. 267
413) ھاراقنى ھالال سانايدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ...... 267




由 扫描全能王 扫描创建

414) سۇت ئىچىش ۋە نىل، فۇرات دەريالىرى توغرىسىدا.... 267
415) ئورە تۇرۇپ ئىچىش توغرىسىدا............ 268
416) قاچىغا تىنىپ ئىچىش توغرىسىدا............ 268
417) كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىش توغرىسىدا......... 269
418) ئىچىلگەن بەرىكەتلىك سۇ توغرىسىدا......... 269
419) ئاغرىق-سىلاقنىڭ گۇناغا كاپارەت بولىدىغانلىقى
توغرىسىدا.................. 270
424) كوزىدىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا..... 272
425) كىچىك بالىلارنىڭ كېسىلىنى يوقلاش توغرىسىدا...... 272
426) كېسەل ئادەمنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى ۋە ئۇنىڭ
قىلىدىغان دۇئاسى توغرىسىدا............. 273
429) كېسەلگە ئاللانىڭ شىپا بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا...... 274
432) بەزگەك، ۋابا، كوز تېگىش ۋە دەم سېلىش توغرىسىدا... 275
437) كاھىنلىق، كېسەلنىڭ يۇقۇشى ۋە زەھەر ئىچىش
توغرىسىدا.................. 277
440) كىيىم-كېچەك ۋە تەكەببۇرلۇق توغرىسىدا......... 278
444) بورىدا ئولتۇرۇش توغرىسىدا............ 281
445) ئاياللاردەك بولۇۋالغان ئەرلەر توغرىسىدا......... 281
446) بۇرۇتنى قىرقىش توغرىسىدا............ 282
449) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇپەتلىرى توغرىسىدا.... 282
450) چاچنى تاراش توغرىسىدا............... 283
451) رەسىم سىزغۇچىلارنىڭ ئازاپقا قالىدىغانلىقلىرى ۋە سىزىلغان
رەسىملەرنى بۇزۇۋېتىش توغرىسىدا........... 284
454) ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادەم توغرىسىدا...... 286



由 扫描全能王 扫描创建

توغرىسىدا.......... 286
456) كىشىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى تىللىماسلىقى توغرىسىدا.... 287
457) ئايالنىڭ ئۆز ئانىسىغا سىلە-رەھىم قىلىشى توغرىسىدا.... 287
458) سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىنىڭ گۇنايى، بالىغا كويۈنۈش ۋە ئۆزئارا كوڭۈل بولۇش توغرىسىدا....... 288
465) ھەقەمسايىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىنىڭ گۇنايى ۋە ھەقەمسايىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا......... 290
468) ياخشى ئىش ۋە ياخشى سوزنىڭ ھەممىسى سەدىقە ھىساپلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا.......... 291
470) ھەممە ئىشتا مۇلايىم بولۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.... 292
471) خەيرلىك ئىشلار ئۈستىدە شاپائەت قىلىش توغرىسىدا... 292
472) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەتئەخلاق ئەمەسلىكى توغرىسىدا ....... 293
474) گۈزەل خۇلق ۋە سېخىلىق توغرىسىدا ....... 294
476) ئاللا ئۈچۈن دوست بولۇش توغرىسىدا، تىللاش ۋە قاغاش توغرىسىدا ....... 295
479) سۆخەنچىلىك ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك توغرىسىدا....... 296
481) مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆز ئەيىۋىنى يوشۇرۇشى ۋە مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى توغرىسىدا ....... 297
483) يالغانچىلىق، ئاللا ھەققىدە غەزەپلىنىش ۋە غەزەپتىن ساقلىنىش توغرىسىدا........ 298
488) ھايا قىلىش، كىشىلەر ئارىسىدا خۇش خۇي بولۇش ۋە



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇلارغا مادارا قىلىش توغرىسىدا ............. 300
491) مۆمىن ئادەمنىڭ يىلان چېقىۋالغان توشۇككە قايتا قول سالمايدىغانلىقى ۋە رەسۇلۇللانىڭ شېئىرغا ئائىت سۆزلىرى توغرىسىدا ..................... 301
497) ئاللاتائالانى سۆيۈشنىڭ ئالامىتى توغرىسىدا ........ 302
498) چۈشكۈرۈش، ئەسنەش ۋە ئاز سانلىقنىڭ كۆپ سانلىققا سالام بېرىشى توغرىسىدا ................ 303
500) ئەزالارنىڭ زىناسى ۋە گۇنا قىلغۇچىلارغا سالام قىلماسلىق توغرىسىدا ..................... 304
502) باشلىققا ئورنىدىن تۇرۇش ۋە كىشىنى ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپقۇزۇۋەتمەسلىك توغرىسىدا ............ 305
505) ئۈچ ئادەم بار يەردە ئىككى ئادەمنىڭ ئۈچىنچى ئادەمدىن يوشۇرۇن پىچىرلاشماسلىقى ۋە ئۇخلايدىغان چاغدا ئوتنى يېنىقلىق قويماسلىق توغرىسىدا ............. 306
506) دۇئالار، سەيىيدۇلئىستىغفار ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرى توغرىسىدا ..................... 307
509) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلىقى، تەۋبە قىلغانلىقى ۋە قىلغان تەھەججۇد دۇئاسى توغرىسىدا ..................... 309
513) ھاجەتخانىغا كىرگەندە ۋە دىشۋارلىققا يولۇققاندا قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا .................. 311
515) بېخىللىقتىن ۋە باشقىلاردىن پانا تىلەش، گۇنالارنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەش توغرىسىدا ............ 311
517) ئاللاغا تەسبىھ ۋە زىكرى ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ... 312



由 扫描全能王 扫描创建

521) ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى، تەن ساقلىق، بوش ۋاقىت ۋە
دۇنيادا مۇساپىردەك ئۆتۈش توغرىسىدا.......... 315
525) تۈگىمەس ئارزۇ توغرىسىدا، ئەمەلنى ئاللانىڭ رازىلىقى
ئۈچۈن قىلىش ۋە پۇل-مالنىڭ پىتنىسى توغرىسىدا.... 317
531) روھىي بايلىقنىڭ ھەقىقى بايلىق ئىكەنلىكى، كەمبەغەللىك-
نىڭ پەزىلىتى ۋە تىلنى ساقلاش توغرىسىدا ........ 319
535) ئاللادىن قورقۇش، گۇنادىن يېنىش ۋە جەننەتنىڭ يېقىنلىقى
توغرىسىدا..................... 321
539) ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە قاراش توغرىسىدا ۋە ياخشىلىقنى ياكى
يامانلىقنى كۆڭلىگە كەلتۈرگەن كىشى توغرىسىدا ....... 323
541) باشقىلار كۆرسۇن ۋە ئاڭلىسۇن دەپ رىيا بىلەن قىلىنغان
ئەمەل ۋە كەمتەرلىك توغرىسىدا ............ 323
543) ئاللاتائالاغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدىغان ئادەم
توغرىسىدا، سەكرات توغرىسىدا، ئاللانىڭ قىيامەت كۈنى
زېمىننى گۇمران قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 324
546) قىيامەت كۈنى دوزەختىن ساقلىنىش، جەننەت، دوزەخ
ۋە ھەۋزى كەۋسەر توغرىسىدا............ 326
555) ئاللا گۇنادىن ساقلىغان ئادەمنىڭ گۇناسىز بولىدىغانلىقى،
ئىمان ۋە ئەڭ ئەۋزەل سوز توغرىسىدا ........ 329
559) نەزر قىلىش (شەرىئەتتە يوق ئىبادەتنى قىلىمەن دەپ ئۈستىگە
ئېلىۋېلىش. —ت)، ئىستائەت قىلىش، ھاراق ئىچكەننى
ئۇرۇش، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ۋە دىيەت (قىساس
ئۈچۈن ئېلىنىدىغان تۆلەم، —ت) توغرىسىدا......... 331
564) ئادەم ئۆلتۈرگەننى ئۆلتۈرۈش، ناھەق قان تۆكۈش،



由 扫描全能王 扫描创建

قىساس ئېلىش توغرىسىدا ............... 334
567) قەسەم ئىچىش، كان بېسىۋېلىپ ئۆلگەنگە تولەم كەلمەسلىك
ۋە زىممى (مۇسۇلمانلار ھامىلىقىدىكى مۇسۇلمان ئەمەس
ئادەم. — ت)نى ئۆلتۈرگەننىڭ گۇناھى توغرىسىدا ....... 335
570) ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش، زاكاتنى مەنئى قىلىش ۋە
ھىلىگەرلىك توغرىسىدا ............... 336
573) نىكا ۋە ھەدىيە توغرىسىدا ............ 337
575) ياخشى بەندىلەرنىڭ كورگەن چۈشى، چۈشنىڭ ئاللا
تەرىپىدىن بولىدىغانلىقى ۋە بېشارەتلىك چۈشلەر
توغرىسىدا ..................... 338
578) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كورۈش توغرىسىدا ... 339
581) يالغاندىن چۈش كوردۇم دىيىش توغرىسىدا ......... 340
582) يامان چۈش كورگەندە قانداق قىلىش، بامدات نامىزىدىن
كېيىن چۈش ئورۇش توغرىسىدا ............ 341
585) سۇلتانغا ئىتائەت قىلىش ۋە بىزگە قارشى قورال كوتەرگەنلەر
دىگەن ھەدىس توغرىسىدا ............ 346
591) بىرەر قەۋمنى ئاللانىڭ جازالىشى، پۇقرالارنى ياخشى
باشقۇرۇش، گورىستانلىقنى ئارزۇ قىلىش توغرىسىدا .... 347
593) كىشى قازى بولۇشقا ۋە ئادالەت بىلەن ھوكۇم چىقىرىشقا
قاچان لايىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ............ 349
594) سۇلتاننى ماختاش توغرىسىدا ............ 350
595) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ۋە
ئاياللارغا دىنىنى تەلىم بېرىش توغرىسىدا ......... 350
597) بۇرۇنقىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش ۋە گومراھلىققا دەۋەت



由 扫描全能王 扫描创建

قىلغان ئادەمنىڭ گۇنايى توغرىسىدا............352

598) ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە ئاللانىڭ رىزقى بەرگۈچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ............353

599) ئۇخلاش ۋاقتىدا ئاللاتائالانىڭ ئىسىملىرىنى ۋاستە قىلىپ تىلەش توغرىسىدا ۋە "ئاللا سىلەرنى ئۇنىڭغا ئاسىلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ" دىگەن ئايەت توغرىسىدا ....354

600) ئاللانىڭ ناھايىتى باي ئىكەنلىكى، ئاللانىڭ ھەممىدىن بەك قورۇيدىغانلىقى ۋە غەم-قايغۇ دۇئاسى توغرىسىدا .....356

601) پەرىشتىلەرنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىغا چىقىپ تۇرىدىغانلىقى، قىيامەت كۈنى مومىنلەرنىڭ ئاللانىڭ جامالىنى كورىدىغانلىقى ۋە چىھرىلىرىنىڭ نۇرانە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا...357

604) بۈيۈك ئاللانىڭ كالامى توغرىسىدا ............362

605) قۇرئان بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، قۇرئان ئوقۇشقا ئۇستا ئادەم ۋە قۇرئاننى ياخشى ئوقۇش توغرىسىدا ....364

608) مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازى، ئاللانىڭ سىلەرنى ياراتقانلىقى ۋە مىراج توغرىسىدا....................365

611) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش رەۋىشى ۋە يولىدىكى پۇتلىشىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش توغرىسىدا ........................371

613) خۇپتەندىن بۇرۇن ئۇخلاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئەللا-ھۇممە رەببەنا دۇئاسىنىڭ پەزىلىتى ۋە سەجدىگە بارغاندا بىلىگىنى كەڭ ئېچىش توغرىسىدا ...............372

616) يەتتە ئەزانى يەرگە تەككۈزۈپ سەجدە قىلىش توغرىسىدا.........................373



由 扫描全能王 扫描创建

617) ئىمامنىڭ جامائەتكە ئالدىنى قىلىشى ۋە جۈمە كۈنىدە
غۇسلى قىلماقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .......... 373
619) ئىماننىڭ زىيادە بولۇشى ۋە مەسچىتكە بېرىش توغرىسىدا... 374
622) بايىغا قىلىنغان سەدىقە، سۆزلىگەن بوۋاق ۋە ئامانەت
توغرىسىدا.................... 375
625) ئۆلۈمنى تاللىغان ۋە ئۆلتۈرۈلۈش ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت
ناماز ئوقۇشنى سۈننەت قىلىپ قالدۇرغان ئادەم
توغرىسىدا .................... 378
626) ۋىترى نامىزى ئوقۇش، يامغۇر تەلەپ قىلىش، جۈمە
خۇتبىسىنى ئاڭلاش ۋە كېچىسى بىدار بولۇش توغرىسىدا.. 382
630) جىنازىنى تېز كۆتۈرۈپ مېڭىش، مېيىتنىڭ تىرىكلەرنىڭ
گېپىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچى
ۋە كىشىلەرنىڭ مېيىتنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشى
توغرىسىدا .................... 384
634) ھەج سەپىرىدە ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىۋېلىش، تەلبىيە ئېيتىش
ۋە مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا...... 386
638) تەھىيە تۇلمەسجىد نامىزى (پەرز نامازدىن باشقا، مەسچىتكە
كىرگەندە مەسچىتكە سالام بېرىش يۈزىسىدىن ئوقۇلىدىغان ئىككى
رەكئەت ناماز. — ت)، ئۆيدە ئوقۇلىدىغان چاچكا نامىزى،
نەپلى ناماز ۋە رامزان ئېيى توغرىسىدا ......... 388
642) روزىدار ئادەمنىڭ بىر نەرسە يەپ سېلىشى ۋە گەدىنىدە
قازا روزىسى قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم توغرىسىدا... 389
646) ئىپتارنى بالدۇر قىلىش ۋە جۈمە كۈنىدە روزا تۇتۇش
توغرىسىدا.................... 390



由 扫描全能王 扫描创建

648) ساتقۇچىنىڭ ۋە بەرگۈچىنىڭ ئۆلچەپ بېرىشى، ئالتۇنىنى ئالتۇنغا سېتىش، شاختىكى ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىش توغرىسىدا .................. 390
653) ئىتنىڭ پۇلى، ئىشەنچلىك ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىش، بالىلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش ۋە مەھرىدىكى شەرتلەر توغرىسىدا .................. 392
658) ۋەخپىنىڭ شەرتلىرى، ئۇنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى ۋە روزا تۇتقۇچىنىڭ جەننەتكە رەييان دېگەن دەرۋازىدىن كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا .......... 393
661) تەۋبە توغرىسىدا ۋە ئۇرۇشتا ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا .............. 395
663) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرى توغرىسىدا .... 396
664) تويغا چاقىرىش، قان ئېلىپ داۋالاش ۋە گال ئاغرىقى توغرىسىدا .................. 396
667) پۇتنى مىنگەشتۈرۈش ۋە ئائىلىدە قانداق بولۇش توغرىسىدا .................. 398
669) كىشىلەرنى كۆككە كۆتىرىپ ماختاش ۋە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا .................. 398
671) ئۇخلايدىغان چاغدا، ئويقۇدىن ئويغانغان چاغدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇشنىڭ رەۋىشى توغرىسىدا .................. 399
673) كېچىسى ئويغانغان چاغدا قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا... 400
674) مېيىت قەۋرىدە قويۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالىدىغان نەرسىلەر ۋە قايتىپ كېتىدىغان نەرسىلەر




由 扫描全能王 扫描创建

تۇغرىسىدا، نەزىر قىلىش ۋە ئەمەل تۇتۇشقا بولغان ھىرىس-
لىق تۇغرىسىدا .................. 401
677) ئىككى يۈزلىمىلىكنىڭ يامانلىقى ۋە ئاللاتائالانىڭ ئاللاغا
زىكرى قىلغانلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى تۇغرىسىدا.... 402
679) ئىماننىڭ ھالاۋىتى، تاھارەتنى تولۇق ئېلىش ۋە ھاجەتخانىغا
كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا تۇغرىسىدا ........... 403
682) باشقىلارنى ئۆزىدىن ئەلا بىلىش ۋە تاھارەتنىڭ پەزىلىتى
تۇغرىسىدا .................. 404
684) ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى چاقىرغان بالا ۋە ئاياللارنىڭ
جىنازىغا ئەگىشىشى تۇغرىسىدا ............ 405
686) بازارلاردا سۈرەن سېلىشنىڭ يامانلىقى ۋە رەسۇلۇللانىڭ
تەۋراتتىكى سۈپىتى تۇغرىسىدا ............ 407
687) ئەركەك ھايۋانلار ئۈچۈن چاپتۇرۇش ھەققى ئېلىشنى مەنئى
قىلىش تۇغرىسىدا ................ 407
688) غۇسلى قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشى، يېتىمنى
باققان ئادەم ۋە جۈمەگە ھازىر بولغانلارنى پەرىشتىلەر
خاتىرىلەپ تۇرىدىغانلىقى تۇغرىسىدا ........... 408
691) كېچىسى ئىبادەت قىلىش ۋە "بەرگەن سەدىقەڭلارنى
مىننەت قىلىپ بىكار قىلىۋەتمەڭلار" دېگەن ئايەت
تۇغرىسىدا..................... 409
693) باي تۇرۇپ قەرزنى ئارقىسىغا سورەش، ۋاقتىدا بەرمەسلىك
تۇغرىسىدا، توقلۇققا شۈكرى قىلغۇچى، ئاچلىققا سەۋرى
قىلغۇچى تۇغرىسىدا ................ 411
695) ھەسەلنىڭ داۋا بولىدىغانلىقى، كوز تېگىشنىڭ راست



由 扫描全能王 扫描创建

ئىكەنلىگى، كېسەلنىڭ كوچمەيدىغانلىغى ۋە ماخاۋ
كېسەلدىن قېچىش توغرىسىدا ............... 412
غەيۋەت قىلماسلىق، ئادىل بولۇش، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ
كەچۇرۇشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سوزلىرىدىن
تاللانغان دۇئالار ۋە داۋاملىق دۇئا قىلىپ تۇرۇشقا تەرغىپ
قىلىش توغرىسىدا .................... 414



由 扫描全能王 扫描创建

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ
ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

جىمى ھەمدۇ-سانا پۈتكۈل ئالەمنى پەرۋىش قىلغۇچى ئاللاغا خاستۇر، ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئاللادىن رەھمەت ۋە ئامانلىق تىلەيمەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدگە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغىمۇ ئاللادىن رەھمەت ۋە ئامانلىق تىلەيمەن.

رەببىمىز، سەن بىزنى رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرگىن، ئىشلىرىمىزدا بىزنى توغرا يولغا سالغىن، بىزنى سائادەتمەن بەندىلىرىڭ قاتارىدا قىلغىن، بىزنى بۇ دۇنيادىن ئىمان ۋە ھىدايەت بىلەن كېتىشكە مۇۋەپپەق قىلغىن. رەببىمىز، سېنىڭ زور ۋە مول نېمەتلىرىڭدىن، ئۇلۇغ سوغا ئاتالىرىڭدىن مىننەتدارمىز، سېنىڭ بەرگەن تەۋپىقىڭگە، ئېھسانىڭغا، قىلغان مەرھەمەتلىرىڭگە، ئىلتىپاتلىرىڭغا تەشەككۈر ئېيتىمىز، بۇ شۇنداق تەشەككۈركى، شۇ ئارقىلىق سېنىڭ رازىلىغىڭغا، غەمخورلۇغۇڭغا ئېرىشىمىز، غەزىۋىڭدىن ساقلىنىمىز. بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوق، يولباشچىمىز مۇھەممەد ئاللانىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ كەلىمە شەھادەت ئېيتىمىزكى، بۇنى ئېيتقۇچىلار دەۋزەختىن نىجات تاپىدۇ ۋە مەھشەرگاھدا ياخشى



由 扫描全能王 扫描创建

بەندىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. مۇھەممەد شۇنداق پەيغەمبەركى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك چوڭ دەرىخى پەلەككە يەتكەن، پەيغەمبەرلىك باغچىلىرى بۇك-باراقسانلاشقان، ئۇنىڭ نوپۇزىدىن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن. مۇنبەرلەردە ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىش بىلەن مۇنبەرلەر شەرەپكە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ تەرىپىنى يېزىشقا قەغەزلەر تارلىق قىلىدۇ، سىيالار يېتىشمەيدۇ. ئۇ شۇنداق پەيغەمبەركى، شەرەپ ئۈستىگە شەرەپ قازانغان، ھەل قىلغۇچ سۆز قابىلىيىتى بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان، ئۆزى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇر سۆزلەرنى، گۈزەل ھېكمەتلەرنى سۆزلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، ئەرەپ ۋە غەيرى ئەرەپ سۆز ئۇستىلىرى نىشان قىلغان يۇقۇرى دەرىجىنى قولغا كەلتۈرگەن. يۈكسەكلىك دەرۋازىلىرىنى ئاچقان، بەخت ۋە ھىدايەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىچىسى بولغان، شەخسى غەرەز بىلەن سۆزلىمەيدىغان، ئىلىملەرنىڭ بايراقدارى بولغان، ئادالەت قىلىشنى كۆتەرگەن، ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلغان ۋە كۈچەيتكەن، ھەققانى ھاكىمىيەت تىكلىگەن شۇ پەيغەمبەرگە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ھەقپەرۋەر ساھابىلىرىگە ئاللانىڭ تولۇق، پاك رەھمىتى بولغايكى، شۇ ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزدىكى ئۇلۇغ ھەققى ئادا بولغاي ۋە شۇ ئارقىلىق بىز ئۇنىڭغا يېقىنلاشقايمىز، ھەۋزى كەۋسەرگە ئېرىشكەيمىز. ئاللا ئىسلام دىنىنىڭ يولباشچىلىرى ۋە ئۆلىمالىرىدىن رازى بولغايكى، مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىسلام ئىلىملىرىنى تارقىتىشقا كۆڭۈل بۆلدى، شەرىئەتنى ئەڭ پۇختا ئاساسقا بەرپا قىلدى، شەرىئەتنىڭ ئىنچىكە نۇقتىلىرىنى ئىگەللەپ، ماھىيىتىنى بايان قىلىپ بەردى، چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ ئىلىملىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەرتىپلىك



由 扫描全能王 扫描创建

ئاساستا رەتكە سالدى، ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى بەرپا قىلىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى، پارلاق شەرىئەتنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالدى، ئىسلام شەرىئىتى شۇلار ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارالدى. ئىلاھىم. شۇ ئالىملارغا رەھمەت قىلغىن، ئۇلارغا بىزنى يېقىن قىلغىن، بىزنى ئۇلارنىڭ يولىغا يېتەك-لىگىن. ئىشىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم ئاللانىڭ ياردىمىگىلا باغلىق، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدىم ۋە يۈزلەندىم، ئىشىمنى ئاللاغا تاپشۇرىمەن. ئاللا ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

بۇ دۇنيادا لەززەتلىنىش ۋە ئۇ دۇنيادا مەنپەئەتلىنىش مەقسى-دىدە، مۇقەددەس، ئۇلۇغ ئاللانىڭ كالامىنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئويى، ئۇ دۇنيادىمۇ، بۇ دۇنيادىمۇ مەن ئۈچۈن قورال ۋە بايلىق بولۇپ قالىدىغان بىر خاتىرە ئەسەر ئىشلەپ چىقىش ئويى كۆڭلۈمگە كىرىپلا ئالدى، يۈرىكىم بۇ ئويدىن خۇش ھىد ئالدى. ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتىمنىڭ ئاجىزلىغى، ئەقلىمنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى، ئۇنتۇغاقلىغىم، سەۋەنلىكنى كۆپ سادىر قىلىدىغانلىغىم ۋە ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىن-لىرىمنىڭ رەسۇلۇللانىڭ ئۇلۇغ ھەدىسلىرىنى ئاڭلاشقا ۋە چۈشەن-دۈرۈپ بېرىشكە بولغان ئېھتىياجى مېنى بۇ ئىشقا قىزىقتۇردى. مېنى ھۆرمەتلەپ كۈتۈۋالغان، ياخشى مېھمان قىلغان يار-بۇرادەرلىرىمنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا. بۇ ھال ئوچۇق كۆرۈلدى. ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللادىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىپ، ئۇلارغا ئەمرى-مەرۇپ قىلىشقا باشلىدىم، مۇمكىن قەدەر ئۇلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتتۈم. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ يارامسىزلىغىم ۋە نادانلىغىم ئاشكارا بولۇپ قالدى. ئۆزەمنىڭ ئۇزۇن ۋە ئاساسلىق چوڭ كىتاپ-لارنى مۇتالىئە قىلىپ ئوقۇپ چىقىشقا زور دەرىجىدە مۇھتاج ئىكەن-

لگىنى بايقىدىم. بۇ چاغدا، «سەھىھۇلبۇخارى» كىتاۋىنىڭ باغچىسىدا سەيلە قىلىشقا، ئۇنىڭ يېتىلگەن مېۋىلىرىدىن ئۈزۈشكە ۋە تاڭدەك روشەن نۇرى بىلەن نۇرلىنىشقا ئاساس ھازىرلاندى. شۇ باغچىنىڭ نۇرلۇق چېچەكلىرىدىن ئۇرۇق-تۇققانلىرىمغا تەرگەچ باردىم. ياخشىلارنىڭ سەردارى بولغان پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنى تاللاپ چىقىش يۈزىسىدىن، شۇ مەيداندا بىرقەدەر ئىلگىرىلىدىم. ئۇرۇق-تۇققانلىرىمنىڭ ھەدىسنىڭ مول ياغمۇرىدىن پايدىلىنىشىنى ۋە ئۇنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن خۇش بۇي ئېلىشىنى كۆزدە تۇتتۇم. قەتئىي ئىرادە باغلاپ، ئىشقا كىرىشتىم، مەن بۇ مەقبۇل كىتاپقا بېرىلگەنسېرى نۇرغا نۇر قوشۇلدى، دىلىنىڭ ئىللەتلىرى ئۇچۇن شىپا ئۈستىگە شىپا قوشۇلدى، گۈزەل، كامالەتكە يەتكەن، پاساھەتلىك، پايدىلىق ھېكمەتلەر قوشۇلۇپ باردى. ئاللانىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، «سەھىھۇلبۇخارى»دىكى پايدىلىق، گوھەر سۈپەت بەزى ھەدىسلەرنى قەغەزگە قەيت قىلىپ باردىم، ئاللاتائالاغا ئىستىخارە (بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، ئاللادىن شۇ ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەش. — ت) قىلدىم. ئىمام بۇخارىنىڭ نۇرلىرىدىن، ھۆرمەتلىك قەستەلانى شەرھىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئېلىپ، بۇ توپلامنى تۈزۈپ چىقتىم. خۇداغا شۈكرى، خۇداغا مەدھىيە-سانالار بولسۇنكى، بۇ توپلام ھاجەتكە يارايدىغان، كۆزگە لەززەت بېغىشلايدىغان، كۆڭۈلگە ياقىدىغان بىر كىتاپ بولۇپ چىقتى. بۇ كىتاپ بەدىئىلىكى يۇقۇرى بولغان گوھەردەك سۆزلەرنى، شانلىق ۋەزلەرنى، گۈزەل نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، چىرايلىق ئۇسلۇپتا، پۇختا ئاساستا نەپىس تۈزۈلگەن. بۇ كىتاپ مۇتتەقىلەر ئۈچۈن ۋەزدۇر، ھەقىقەتنىڭ چىرىغىدۇر، ھەممىگە يول كۆرسەتكۈچىدۇر، تەشنالارنىڭ بۇلىقىدۇر،



由 扫描全能王 扫描创建

قورقۇنچقا دۇچار بولغانلارنىڭ پانايىدۇر، ئاسىلارنى مات قىلىدىغان پاكىتتۇر، ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ دىلىنى يورۇتىدىغان گۈزەل ھىكمەتتۇر، گۇمراھلار ھىدايەت تاپىدىغان، سوزى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇر، تولۇن ئايدەك ھەدىسلەردۇر، پەيغەمبەرنىڭ جانلارنىڭ دىماقلىرىنى خۇش بۇي قىلىدىغان خۇش نەپەسلىرىدۇر، چىرىگەن جەسەتلەرگە ھايات بەخش ئېتىدىغان ئۇلپەتچان ئاھاملاردۇر، راۋانلىقىدىن جاملارغا قۇيۇپ ئىچىدىغان، نازاكەتلىكلىكىدىن جانلارغا ئارىلىشىپ كېتىدىغان پەيغەمبەر سوزلىرىدۇر، گوھەر ياڭلىغ ساھىپ-جامالدۇركى، پەرىلەرنىڭ مەڭزىگە نۇر بىلەن يېزىشقا تېگىشلىكتۇر. كىتاپنىڭ قىسقىچە شەرھى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ، ئىخچام مەنىسى قۇلاققا ياقىدۇ. ئۇ سۆزۈك، تازا، ئېقىن سۇدىنمۇ شىرىن، سىھرى ھالال (دىنغا خىلاپ كەلمەيدىغان ئۇسۇل بىلەن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن، كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ئىشلار. — ت) دىنمۇ نازۇك. ئەگەر ئۇ تاشقا ئوقۇلىدىغان بولسا، تاش چوقۇم يېرىلىپ كېتەتتى، يۇلتۇزلارغا ئوقۇلىدىغان بولسا، يۇلتۇزلار چېچىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ نادىر مەزمۇنلىرى غەمكىننى خوشاللاندۇرىدۇ، ھوسنىلەر غەزنىسىدىكى گوھەرنى خىجىللىقتا قالدۇرىدۇ، شاراپتىنمۇ سۆزۈك، ياشلىق چاغلاردىنمۇ گۈزەل مەزمۇنلارنى بايان قىلىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ يۇقۇرقىدەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇشى ئاللانىڭ ئاتاسىدۇر. ئاللا يېتەرلىككى، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللا خالىغان ئادەمگە ئىلىم ئاتا قىلىدۇ، ئىلىم ئاتا قىلىنغان ئادەم كوپ ياخشىلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئى ياخشى بۇرادەر! 3-قېتىم نەشر قىلىنغان بۇ كىتاۋنى سىزگە زور ھورمەت بىلەن تونۇشتۇرماقچىمەن. بۇ كىتاپ ئىمام

بۇخارى، شەيخ قەستەلانى (ئاللا بۇلاردىن رازى بولسۇن)دىن ئىبارەت ئىككى ئالىمنىڭ يازغان ئىككى ئەسىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان سەھىھ ھەدىسلەرنى ۋە شەرھىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتاپ ئۇلارنىڭ قالدۇرغان بىر ياخشى خىزمىتى ۋە قىزىلگۈلى ھېساپلىنىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ باغچىسىغا كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ كوللىرىدە ئەقلىڭنى سۇغارغىن، تەبىتىڭنى ئۇنىڭ باغچىسىدا ئوتلاتقىن، ئۇنىڭ قۇياشىدىن ئىلىم نۇرلىرىنى ئالغىن، ئۇنى تەلەپكارلاردىن ئايىما، قىزىقمىغانلارنىڭ ئالدىدا خار قىلما. بۇ كىتاپ قىزىلگۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان باغچىدۇر، شايى-كىمخاپتىن تىكىلگەن ھەشە-مەتلىك كىيىملەرگە ئورالغان مەكزى قىزىل نازىنىن رەنا قىزدۇر. بۇ كىتاپنى يالغۇزلۇغۇڭدا ھەمرا، زېرىككىنىڭدە ئىچ پۇشۇغى، غەم-قايغۇڭدا قالغىنىڭدا شاتلىق بېغىشلىغۇچى، خالى جايدا بولغىنىڭدا سىرداش، سەپىرىڭدە يولداش، ئۆيۈڭدە بولغىنىڭدا ئۇلپەت قىلىۋالغىن. چۈنكى ئۇ سەن ئۇچۇن كۆيۈنگۈچى خوشنا، خاپىلىغىنى ئالغۇچى سۆھبەتداش، ئىنائەتچان مۇئەللىم، كەمتەر ئۇستاز ۋە ئىشەنچلىك رەھبەردۇر، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر، دائىمى بەختكە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر. بۇ كىتاپنى «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى» دەپ ئاتىدىم. بۇ كىتاپ «سەھىھۇلبۇخارى»دىن تاللاپ ئېلىنغان ھەدىسلەر توپلىمىدۇر. بۇخارىنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ جىمىسى جىلۋىدار مەرۋايىتلارغا، جەۋھەرلەرگە ئوخشايدۇ، نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا ۋە بەخت يۇلتۇزلىرىغا ئوخشايدۇ. مېنىڭ بۇ كىتاۋىم ئەنە شۇ «سەھىھۇلبۇخارى»دىن تاللاپ ئېلىنغانلىغى ئۇچۇن، ئۇنىڭ شەرىپىدىن كىتاۋىمنىڭ ھەسسىدار ئىكەنلىگىگە ئىشىنىمەن. بۇ قىممەتلىك غەزنىدىن ۋە بىباھا گوھەرلەردىن ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆينىڭ



由 扫描全能王 扫描创建

خالى بولماسلىقىنى ئۈمىت قىلىمەن. ئاللانىڭ رەھمەت قىلىپ مول ساۋاپ بېرىشىنى، ئىشىنىڭ ئاخىرىدا بىزنى بەختكە ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرۈشىنى تىلەيمەن. كىتاپنى تۈزۈشتە، ئالدى بىلەن ھەدىسلەرنىڭ ئۆزىنى بەردىم، ئاخىرىغا بىر سىزىق تارتىپ، سىزىقنىڭ ئاستىغا ھەدىسلەرنىڭ شەرھىنى بەردىم. كىتاپخانلارنىڭ ئېلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ئەسلىگە مۇراجەت قىلىشتا ۋاقتىنى زايا قىلىپ قويماسلىقى ۋە مالال بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ كىتاپ «سەھىھۇلبۇخارى» تەرتىۋى بويىچە تۈزۈلدى. ھەدىسنىڭ قايسى باپتىن ئېلىنغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ھەدىسلەرنى رەقەم بىلەن بەردىم. ئىمام بۇخارى قايسى ھەدىسنى قايسى باپتا بەرگەن بولسا، بۇ كىتاپتىمۇ شۇنداق بېرىلدى. مېنىڭ بۇ كىتاپنى ئىشلەشتىن مەقسىدىم كىتاۋىمدىن پايدىلىنىدىغان پاك ئىخلاسمەن ياخشى ئادەملەرنىڭ مېنىڭ ھەققىمدە قىلىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن قەۋرەمدە پايدىسى تېگىپ تۇرىدىغان دۇئاسىنى ئۈمىت قىلىشتىنلا ئىبارەت. بۇ ئىشىمنىڭ باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ياكى پۇل تېپىش ياكى شوھرەت قازىنىش مەقسىدىدە بولۇشىدىن خۇدا ساقلىسۇن. بۇ خىزمىتىمنىڭ خالىس، خۇدالىق ئۈچۈن بولۇشىنى ۋە نازۇ-نېمەتلىك جەننەتكە كىرىشىمگە سەۋەپ بولۇشىنى پۈتۈن كۈچ-قۇدرىتىم بىلەن ئاللادىن تىلەيمەن ۋە ئىلتىجا قىلىمەن. ئاللا ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە رەھىمدىلدۇر، خالىغانلارغا مەرھەمەت قىلغۇچى، دانا، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. بىزنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغان ئاللاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. بىزنى ئاللا توغرا يولغا يېتەكلىمىگەن بولسا، ھىدايەت تاپمىغان بولاتتۇق.



由 扫描全能王 扫描创建

مۇرادىمغا مۇۋاپىق خەيرلىك ئىش
پۈتۈپ چىقتى، ئەمەسـمەن قىلچە مەغرۇر.
ساۋاپ ئىزدەپ خۇدانىڭ رەھمىتىدىن،
دۇرۇد ئېيتاي رەسۇلۇلـلاغا بىر قۇر.

يولداش كىتاپخانـدىن خاتا بولۇپ قالـغان ياكى قەلىمىم سەۋەن كەتكەن تەرەپلىرىنى كەچۇرۇشنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئاقلىمايمەن ئۆزەمنى چۈنكى ئاجىز ئىنسانمەن،
ساقلىمىسا خۇدايىم خاتالىقتا سەرسانمەن.

ئالـلا ماڭا كۆپايە قىلىـدۇ، ئۇ نىـمە دىـگەن ياخشى يولەنچۈك. ئاللانىڭ پەزلى كوپ، ئۇ ماڭا نۇسرەت بەرگۈچى، هەمـمىگە قادىر، مېنىڭ دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىشقا لايىقتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇهەمـمەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىاتـلىرىغا ۋە ساهابىـلىرىگە ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى بولسۇن. بۇ كىـتاپ تولۇن ئايدەك تاماملانغان ۋە خۇش پۇراق چاچقان چاغدا، بىسمىللانى تىلىمغا جارى قىلىپ دۇرۇد ئېيتىپ، توۋەندىكى قەسىدىنى يازدىم:

مۇسۇلمانلار، قولۇمدا پۇر باها قىممەت كىتاۋىم بار،
بۇخارىنىڭ سەهىھىدىن* گوهەرلەردۇركى بەك داڭـدار.
بېغىشلاپ شەنىگە تىزدىم شېرىدىن ئۈنچە-مارجانلار،
گوهەر قويغان بىلەيزۈكتەك كىشىنىڭ زەۋقىـنى قوزغار.
نەدۇر ئالتۇن گۈزەللىكتە بۇ توپلام ئالدىدا هەيهات،
يېتەلمەس هەم ئۇنىڭ هوسنىگە زىبا نازىنىن-دىلدار.

* «سەهىھۇلبۇخارى» كوزدە تۇتۇلىدۇ. — ت.

بىيىتتى شۇ كىتاپ شەرھىنى قەستەلانى* بىر-بىرلەپ،
دېگىنىزدەك كاتتا-چوڭقۇر مەنىلەرنى كەڭ قىلىپ ئىزھار.
خۇداغا شۇكرىكىم مەيدانغا كەلدى بۇ گۈزەل نۇسخا،
ھەدىسلەرنىڭ ئاساسى چىقتى ساغلام تاللىنىپ تەكرار.
يورۇق يۇلتۇز بولۇپ قالدى ئۇنىڭ مەزمۇنى بىزلەرگە،
زەلالەت زۇلمىتى ئىچرە ئېزىپ قالغانغا يول باشلار.
ئالار مۇندىن مۇسۇلمان تەقۋىدارلار ھەرقاچان مەنپەت،
ھىدايەت يولىدا يانغان ماياك ئۇ نۇر چېچىپ چاقنار.
بۇخارى مەتنىگە** سادىق بولۇپ تاللاپ كوچۇردۇم مەن،
يېنىمدىن قوشمىدىم ھىچ نەرسە، تاللاشتا بولۇپ ھوشيار.
مېنىڭ بۇ خىزمىتىم تاللاپ ئېلىشتىنلا ئىبارەتتۇر،
تىشەككۇر يا مۇكاپاتقا ئەمەسمەن مۇستەھىق زىنھار.
خۇدا بولدى مەدەتكارىم بۇ ئىشتا ئىپتىخارىمدۇر،
تېپىلماس مەندە ھىچ خىسلەت، مېنىڭدىن بولما مىننەتدار.
جىمى ئارتۇقچىلىقلار قۇدرىتى چوڭ تەڭرىگە خاستۇر،
بۇخارى شەنىگە مەنسۇپ پەزىلەتلەر ھامان بىسيار.
ھەمىشە ھەي مۇسۇلمان تەرك ئەتمە ئەمرى-مەرۇپنى،
كى غاپىل بەندىلەر بولسۇن بۇنىڭدىن ئويغىنىپ بىدار.
ھەدىس-سۈننەتكە خىزمەت قىل قىلىپ تەبلىغ ئۇنى تاكى
مۇسۇلمانلار ئارا ئەڭ كەڭ تارالغاي سۈننىتى مۇختار.***

---

* «سەھىھۇل-بۇخارى»غا شەرھى يازغان ئىمام قەستەلانى كوزدە تۇتۇلدۇ.— ت.

** مەتنى — تېكىست مەنىسىدە.— ت.

*** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى.— ت.

由 扫描全能王 扫描创建

ھەدىسلەر روھىنى سىڭدۇر كىشىلەر قەلبىگە ھەتتا،
سائادەت ئەسرى*، دىنىدارلىق زامانى ئەسلىگە قايتار.
ئەدەپ-ئەخلاق گۇلىدۇر بۇ ئېچىلغان زەپمۇ پورەكلەپ،
ئاۋايلاپ-پەپىلەپ ئۇستۇر ئۇ تۇزۇپ كەتمىسۇن بىكار.
قاساۋەتلىك** دىلىڭنى پاكلىغىن، بۇ باغدا يايراتقىن،
يېتىلگەن مۆۋىلىك باغ بۇ، مۇئەتتەر يىلدىساڭ ھەر بار.
ئىلاھىم، ئىلتىجا ئەيلەپ تىلەيمەن مەغپىرەت سەندىن،
تىلەيمەن كەڭتاشا تۇرمۇش، جاھاندا قىلمىغايسەن خار.
ساڭا سۇندۇم كىتاۋىمنى يېزىپ ئىخلاس بىلەن يا رەب،
كەرەم ئەيلەپ قوبۇل قىلغىن مۇئەللىپتىن ئېتى ئەممار.
رەھىم ئەيلەپ ئۇنى تىرگۈز مەئەلئەبرار*** قىيامەتتە،
نېسىپ ئەيلە ئاڭا جەننەتنى تەجرى تەھتەھەلئەنھار.****

بۇ كىتاپ ھىجرىيىنىڭ 1341-يىلى (مىلادى 1922) 1-قېتىم نەشر قىلىنغان. 1345-يىل شەۋۋال ئېيىنىڭ 10-كۈنى 2-قېتىم نەشر قىلىنغان. 1348-يىل زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8-كۈنى 3-قېتىم نەشر قىلىندى.

مىسىر پادىشالىق مەدرىسىلىرىنىڭ
مۇدەررىسى مۇستەفا مۇھەممەد ئەمارە.

---

* مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋە چارىيالارنىڭ دەۋرى. — ت.

** قاساۋەت — گۇنا بىلەن دىلى كىرلىشىپ قاتتىقلىشىپ كەتكەن دىگەن مەنىدە. — ت.

*** مەئەلئەبرار — ياخشىلار بىلەن دىگەن مەنىدە. — ت.

**** تەجرى تەھتەھەلئەنھار — ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان دىگەن مەنىدە. — ت.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئىمام بۇخارىنىڭ تەرجىمھالى

ئىمام بۇخارىنىڭ ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ ئىسمائىلنىڭ ئوغلى، ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ ئوغلى، ئىبراھىم مۇغىرەنىڭ ئوغلى، مۇغىرە بەردىزبىنىڭ ئوغلى، بەردىزبى بەزىزبىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئىمام بۇخارىنىڭ چوڭ بوۋىسى مۇغىرە يەمانى جۇئفى ئىسىملىك مەشھۇر بىر ئادەمنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىمام بۇخارى شۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنىپ جۇئفى دەپ ئاتالغان، بۇخارادا تۇغۇلۇپ ئوسكەنلىكى ئۈچۈن بۇخارى دېيىلگەن. ئىمام بۇخارى ئەھلى ئىسلامنىڭ يېتەكچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلگىسىدۇر، ئۇ مۇھەددىس (ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم. — ت) لەرنىڭ پېشۋاسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ سوز ـ ھەركىتى ھەممىدىن نوپۇزلۇقتۇر، ئۇ ھەممە ئېتىراپ قىلغان چوڭ پەزىلەتكە ۋە ناھايىتى مول، ھەقىقى، ساغلام بىلىمگە ئىگە ئىدى. ئىمام بۇخارىنىڭ ئىلىم ۋاراقلىرىدىن ھىدايەتنىڭ پارلاق نۇرلىرى چاقنىدى. ئىرشاد (توغرا يولغا يېتەكلەش. — ت) مۇنبىرىدىكى ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى يىمىرىلمەس دەلىللەر بىلەن ياڭرىدى. پەيغەمبەرنىڭ سۇننىتىنى گۇللەندۇرۇش يولىدا ئۇنىڭ جان كويدۇرۇپ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىسلام ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن



由 扫描全能王 扫描创建

بىردەك ماقۇللانىدى.

ئىمام بۇخارى (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) (ھىجرىيىنىڭ 194 ـ يىلى بۇخارادا تۇغۇلدى. ئاتىسىدىن كىچىك قېلىپ يېتىمچىلىكتە ئۆستى، ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىلا قۇرئان كەرىمنى ياد ئالدى ۋە ئەرەپ تىلى بىلىملىرىنى پۇختا ئىگەللىدى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ھەدىس ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىدى. ھەدىس ئىلمىنى 205 ـ يىلى بۇخارا ئۆلىمالىرىدا ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىبىكەندلىق ئەبۇ ئەھمەد مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپ ئەڭ ئاتاق-لىق ئالىم ئىدى. ئىمام بۇخارى ئۇستازى ئەبۇ ئەھمەدنىڭ ھوزۇرىدا بولغان چاغدا، ئۇنىڭ ياد ئېلىپ ئوقۇغان ھەدىسلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن، كەم ئۇچرايدىغان زېرەكلىكىدىن ۋە سوز ماھارىتىدىن ئەبۇ ئەھمەد تەپ تارتاتتى. ئىمام بۇخارى ياپ-ياش تۇرۇپلا ئون مىڭلىغان ھەدىسلەرنى ياد ئېلىپ ئوقۇدى. ئىلىم ئەھلىلىرى ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىمام بۇخارىنىڭ ئارقىسىدا چېپىپ يۈرۈشەتتى. يول ئۈستىدە كېتىۋاتقان يېرىدە ئۇنىڭدىن ھەدىس ئىلمى تەھسىل قىلغۇچىلاردىن نۇرغۇن ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋالاتتى.

210 ـ يىلى ئىمام بۇخارى ئانىسى ۋە ئاكىسى بىلەن ھەج قىلىش نىيىتىدە مەككىگە سەپەر قىلدى، ھەج پائالىيەتلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، ئۇ ھەدىس ئىلمى تەھسىل قىلىش ئۈچۈن مەككىدە قېلىپ قالدى. خۇراسان، جەبەلئىراق، ھىجاز، مىسىر، شام قاتارلىق كۆپلىگەن شەرق مەملىكەتلىرىگە باردى. ئۇ يەرلەرنىڭ ئۆلىمالىرى ۋە دىنىي ئەرباپلىرى ئۇنىڭدىن ھەدىس ئۆگەندى، ھەزرىتى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (ئىسلام دىنىدىكى مەشھۇر 4 مەزھەپنىڭ بىرى بولغان ھەنبىلى مەزھىبىنىڭ ئاساسچىسى. — ت) شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

ئىمام بۇخارى بولسا ھەزرىتى ئىمام شافىئى مەزھىبىنىڭ فىقھى بىلىم-لىرىنى تولۇق ئىگەللىگەن ئىدى.

ئىمام بۇخارى ئىلمىي جەھەتتىن ئۇسۇپ يېتىلگەن ۋە ھەدىسلەرنى ئېنىقلاش جەھەتتە كۆڭلىدە زەررىچە غۇبار قالمىغان چاغدا، سەھىھ ھەدىس (سەنەدى پەيغەمبەرگە ئۇزلۇكسىز تۇتاشقان ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس. — ت) لەرنى غەيرى سەھىھ ھەدىس-لەردىن ئايرىپ چىقىشقا كىرىشتى، ھەدىسلەرنىڭ تۈرلىرىنى، دەرىجىلىرىنى ۋە ئۇسۇل-قائىدىلىرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە پۇختا ئىگەللىدى. ھەتتا بۇ جەھەتتە زامانىنىڭ ئالدىنقى كىشىسى، دەۋرىنىڭ مىسلىسىز يەككە-يېگانىسىگە ئايلاندى ۋە يەر يۈزىدىكى ئۆلىمالارنىڭ سەردارى بولۇپ قالدى.

ئۇ «سەھىھۇلبۇخارى» كىتاۋىنى 600 مىڭ ھەدىس ئىچىدىن تاللاپ، 16 يىل ئىچىدە يېزىپ چىقتى. ھەر بىر ھەدىسنى يازغاندا، ئالدى بىلەن غۇسلى قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، شۇ ھەدىس ئۈستىدە ئاللاتائالاغا ئىستىخارە قىلىپ ئاندىن يازاتتى. ئۇ، كىتاپنى ئاللا بىلەن مېنىڭ ئارامدا دەلىل-ئىسپات قىلدىم، دەيتتى. «سەھى-ھۇلبۇخارى» كىتاۋى تەكرارلانغانلىرى قوشۇلۇپ 9 مىڭ ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمى مەنە جەھەتتىنلا تەكرار ھىساپلىنىدۇ. ھەدىس ساھەسىدە «سەھىھۇلبۇخارى» كىتاۋىدىنمۇ دۇرۇس كىتاپنىڭ يوق ئىكەنلىگى توغرىسىدا ھەدىس ئالىملىرىنىڭ پىكرى بىردەك. ئالىملار بۇ كىتاپقا شەرھى يېزىش، ئۇنى قىسقارتىش، تاللاپ ئېلىش ۋە باشقىچە تەرتىپتە تۈزۈش جەھەتلىرىدە سانسىز ئىشلارنى ئىشلىدى. ئاللانىڭ ئەزمىتى ۋە بۈيۈكلۈگى ئالدىدا بوي ئېگىپ تۇرغان، ئۇزىنىڭ بىلىمسىزلىگى ۋە



由 扫描全能王 扫描创建

ئىبنى مۇھەممەد ئەمارە مۇستەفا پەقىر كەمتەرىن ئىقرار ئاجىزلىقىغا بولۇپ، ئەدناسى ئەڭ ئۇلىمالارنىڭ «سەھىھۇلبۇخارى»دىن مەزكۇر سۆزلىرىدىن 700 رەسۇلۇللانىڭ كىتاپتىكى مەقبۇل بۇ ئىبارەت «سەھىھۇلمۇسلىم»دىن تاللانمىلار شۇنداقلا ئالدىم. تاللاپ ھەدىسنى ھەدىسنى مىڭ 2 سۆزلىرىدىن رەسۇلۇللانىڭ كىتاۋىمىزغىمۇ دىگەن گوھەرلىرى پاراخوتلىرى خۇددى مەن ئىدىم. كىرگۈزگەن تاللاپ ئويناقشىپ بىلەن كىملىرى تەپەككۇر دولقۇنلىرى تولغان، بىلەن «سەھىھۇلبۇخارى» ئوخشايدىغان دېگىزغا سۈلۈق شېرىن تۇرغان مۇسى يىلدىم. بويىنى مۇئەتتەر ئۇنىڭ ئىچتىم، قېنىپ كىتاۋىدىن بۇخارىنىڭ ئىمام مەسىلىلەر نۇرغۇن يېشىلمىگەن ئۇزۇۋالاندىم. بىلەن قانائەت ئۈستىدە ئۇلار روشەنلىشىپ، بەرىكىتىدىن كىتاۋىنىڭ شۇ موجىزە، چوڭ ئەڭ قىلىشتا بايان نەسىھەتلەرنى ۋەز ـ قىلدىم، ھاسىل دەرىجە غايىۋى قىلىشتا بايان ھىكمەتلەرنى مەزمۇنلۇق ئىنچام، دۇردانىلىرىنىڭ كىتاپ بۇ قويدۇم. مەيدانىغا كىتاپنى بىر ھىساپلانغان چىقتى. بولۇپ مىسلىسىز بىلەن مولىلىغى پايدىسىنىڭ كوپلۇگى، شىرىن مەنبەسى كىتاپنىڭ بۇ مۇقىملاشتۇردىكى، شۇنى رىۋايەتچىلەر (بىر كافۇر بىلەن سىيا قارا ئىشلەنگەن ئىپاردىن ئۇ بولغانلىقتىن، ئۈستىگە قەغەز ئاق ياسالغان دىن نەرسە.ـت) پۇراقلىق خۇش خىل پەرىلەرنىڭ يۈزلۈك ئاي بىلەن يىپ ئىشلىگەن نۇردىن يېزىلىشقا، ئەنھۇ رەزىيەللاھۇ بۇخارى ئىمام ھەقلىقتۇر. ئىسلىشقا بويۇنلىرىغا نىسابورىدىمۇ باغداتتىمۇ، يۈردى. ئايلىنىپ شەھەرلەرنى بويى ئۆمۈر قايتىپ سىغىنىپ يۇرتىنى ئاخىرىدا بولدى. شەھەرلىرىدىمۇ باشقا ۋە دۇچ- پىتنىگە دەيدىغان مەخلۇق قۇرئاننى ئۇ يەردە بۇ كەلدى. لەفزى قۇرئاننىڭ تۇتۇپ: يول ئوتتۇرا ئۇ مەسىلىدە بۇ كەلدى.

ۋە خېتى مەخلۇقتۇر. ئاللاتائالانىڭ زاتىدا ئەزەلدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كالامۇللانىڭ ئۆزى ئەزەلى بولۇپ، ئەلۋەتتە مەخلۇق ئەمەس دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇخارانىڭ ھاكىمى كىشىلەرنى ئىمام بۇخارىغا قارشى تۇرۇشقا قوزغاپ، ئۇنى بۇخارادىن ھەيدەپ چىقاردى. ئىمام بۇخارى ھىجرىيىنىڭ 256 - يىلى سەمەرقەنتتىن ئۈچ فەرسەخ (بىر فەرسەخ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ. — ت) نېرىدىكى خەرتەڭ دېگەن يېزىدا يول ئۈستىدە قازا تاپتى. ئىمام بۇخارى ئون ئۈچ كۈنى كەم ئاتمىش ئىككى يىل ياشىدى.

ئاللا ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت قىلغاي، ئۇنىڭ خادىمى (مۇئەللىپ ئۆزىنى دېمەكچى. — ت) مۇستەفانىمۇ مەھشەرگاھدا ئۇنىڭ يېنىدا قىلغاي ۋە ئۇنىڭغا كەڭ جەننىتىدىن ئورۇن بەرگەي. ئىلاھىم، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۇ كىتاپنى تارقىتىشقا ئىمام بۇخارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەركاتى يۈزىسىدىن مەدەت قىلغايسەن. سېنىڭ ماڭا رەھمەت قىلىشىڭ، كەچۈرۈشىڭ ۋە رازى بولۇشىڭدىن باشقا، ھېچ ئادەمدىن بۇ ئىشىم ئۈچۈن مۇكاپاتقا ۋە تەشەككۈرگە ئېرىشىشنى خالىمايمەن. رەببىم، مېنى ئۆزەڭ ياراتقان نەرسىگە خاس قىلغىن، مېنى كېپىل بولغان نەرسەڭدىن باشقا ئىش بىلەن شۇغۇللاندۇرمىغىن. مېنى مەھرۇم قىلمىغىن، ھالبۇكى، سەندىن سوراپ تۇرۇپتىمەن، ماڭا ئازاپ قىلمىغىن، ھالبۇكى، سەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرۇپتىمەن. رەببىم، سېنى پاك دەپ ھىساپلايمەن، ساڭا بولغان مەدھىيىلەرنى تۈگىتىپ بولالمايمەن، ئۆزلۈكسىز مەدھىيىلەر، ئىزچىل تەشەككۈرلار ساڭا مەنسۇپ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى بولغاي.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئۇستاز قەستەلانىنىڭ تەرجىمھالى

پەيغەمبەرلەر سەردارىنىڭ ھەدىسلىرىنى شەرھىلىگۈچى، ئىسلام دىنىنىڭ زىننىتى، ئۆتكۈر زېھىنلىك، تەقۋىدار، ئاتاقلىق ئالىم قەس-تەلانىنىڭ ئىسمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكرى ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەين ئىبنى ئەلى بولۇپ، قاھىرىنىڭ قەستەلانى دىگەن جايىدىن. ئۇ شافىي مەزھىبىدە ئىدى. مەرھۇم قەستەلانى ھىجرىيىنىڭ 851-يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 22-كۈنى مىسىردا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بىرمۇنچە كىتاپلارنى، جۇملىدىن شاتىبىيە كىتاۋىنى ياد ئېلىپ ئوقۇغان. بۇرھان ئەجلۇن، جەلال كەبىر، ئۇستاز خالىد ئەزھەرى، ھاپىز سەخاۋى، شەيخۇل-ئىسلام (بىر خىل دىنىي مەرتىۋە بولۇپ، ئىسلامنىڭ پىشىۋاسى مەنىسىدە. — ت) زەكەرىيا ئەنسارى قاتارلىق ئالىملاردا ئوقۇغان، قەستەلانى ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان بۇ مۇكەممەل شەرھىنى يېزىپ چىققان. ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى ھاۋادىنمۇ نازۇك، سۇدىنمۇ شىرىن جۇملىلەر بىلەن ئەستايىدىل بايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەڭ ئىلىم دېڭىزىغا، پەزلى ۋە ئىپتىخارنىڭ قىبلىسىگە ئايلانغان، پەزىلەت ۋە خىسلەتلەر-نىڭ چوققىسىغا مىنگەن. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى يورۇق يۇلتۇزلار-دەك ئاشكارا بولدى. ئۇ يازغان گۈزەل شەرھى مېنىڭ گال زېھنىمگە ياردەم بېرىپ، ئۇنى ئۆتكۈر قىلىچتەك ئىتتىك قىلىۋەتتى، شۇنداق قىلىپ، مەن ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىش بىلەن، ھەدىسلەردە ئۇچرايدىغان بىر قىسىم قىيىن سۆزلەرنىڭ ۋە يوشۇرۇن مەنىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇپ قەستەلانىنىڭ شەرھىدىن



由 扫描全能王 扫描创建

ئالالاپ ئالدىم. بەتلەرنىڭ يۇقۇرىسىدا ھەدىسلەرنى بەردىم، ئوتتۇرىسىغا بىر سىزىق تارتىپ، ئۇنىڭ ئاستىغا ئىزاھاتلارنى بەردىم، ھەدىسلەرنى زىر-زەۋەرلىرى بىلەن، ئىزاھاتلارنى بولسا زىر-زەۋەرسىز بەردىم. ئىلاھىم، پەقىر بەندەڭنىڭ بۇ خىزمىتىنى قوبۇل قىلىپ، مېنى ئۇلۇغ جامالىڭنى كورۇشكە مۇشەررەپ قىلغايسەن.

ئۇستاز قەستەلانى «سەھىھۇلبۇخارى»غا يازغان شەرھىنىڭ «ئەلئىسناد» ناملىق قىسقارتىلمىسىنى ئىشلەپ چىققان بولسىمۇ. بۇ كىتاپ تاماملانماي قالغان. ئۇ يەنە «سەھىھۇلمۇسلىم» كىتاۋىنىڭ ھەج توغرىسىدىكى بابىنىڭ يېرىمىغىچە شەرھى يازغان، شۇنىڭدەك ئۇ «شاتىبىيە»، «قەسىدە بۇردە»لەرگە شەرھى يازغان. «مەسالىكۇلھۇنەفا»، «مەۋاھىبۇللەدۇنىيە»، قۇرئاننىڭ 14 خىل ئوقۇلۇشى ئۇستىدە يېزىلغان «لەتائىفۇلئىشارات» دىگەن كىتاپلارنى ۋە باشقا ئەسەرلەرنى تەسنىپ قىلغان. ئۇ شەيخ ئىبراھىم مەتبۇلىنىڭ سوھبىتىدە بولغان ۋە ئەتىق جامەسىدە ۋائىزلىق ۋەزىپىسىدىمۇ بولغان ئىدى. ئۇستاز قەستەلانى ئەينىيەدىكى خانىسىدا ھىجرىيىنىڭ 923-يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا پەيشەمبە كۇنى ئالەمدىن ئوتتى. ئۇنىڭ ۋاپات بولغان كۇنى سۇلتان سەلىمنىڭ مىسىرغا كىرگەن كۇنىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن، ئۇنى سەھراغا ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلىش قىيىن بولدى. قەستەلانى قانداقتۇر روھىي كېسەللىكتەك بىر كېسەللىگە دۇچار بولۇپ قازا تاپتى. جامىئۇلئەزھەرنىڭ يېنىدىكى مەدرىسىگە «سەھىھۇلبۇخارى»غا شەرھى يازغۇچى ئىمام ئەينىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئاللاتائالا ئۇلارنى ۋە بىزنى رەھمىتىگە چومدۇرۇپ، جەننەت ئىچىدە دەرقەمتە قىلغاي ۋە ئىلىم-ئەمەل جەھەتلەردىن بىزگە مەدەت بەرگەي، ئى مەدەتكار ئاللا،

دۇنيايمىزنى قوبۇل قىلغىن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدگە، ئۇنىڭ
ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە
سالاملىرى بولسۇن.

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

### ئەھلى ھەدىسنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

ئۇلۇغ ئاللادىن ياردەم، روشەنلىك، تەۋپىق ۋە رازىلىق تىلەيمەن، ئىشىمنىڭ خۇدانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇشىنى تىلەيمەن، ئىلمىمىزنى زىيادە قىلىشنى، تائەت-ئىبادىتىمىزگە مەدەت بېرىشنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى تارقىتىشقا يار-يۆلەك بولۇشنى تىلەيمەن، مېنىڭ چوڭ مەقسىدىم ئەنە شۇ. ئاللانى پاك دەپ ھىساپلايمەنكى، ئۇ مېنىڭ ئىشەنچىم ۋە يۆلەنچۈكۈمدۇر. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: "مېنىڭ سوزلىرىمنى ئاڭلاپ ئېسىدە قالدۇرۇپ، ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزگەن ئادەمنى ئاللا شاتلاندۇرغاي، فىقھى سەۋىيىسى تۆۋەنلەر فىقھىنى ئۆزلىرىدىن سەۋىيىسى يۇقۇرى بولغانلارغا يەتكۈزۈشى مۇمكىن." بۇ ھەدىسنى شافىئى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان (مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇ ئادەم ئىلمىنى جانلاندۇرۇش ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى گۈللەندۈرۈشكە ھەركەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللا مەخسۇس ئۇنى شاتلىققا ئىگە قىلدى. پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى



由 扫描全能王 扫描创建

هالىغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئا قىلدى. كىمكى ئاڭلىغىنىنى ئېسىدە تۇتۇپ، ئۇزگەرتمەي، شۇ پېتى باشقىلارغا يەتكۈزسە، گويا ئۇ ئادەم مەنىنى يېپ-يېڭى قىلغان بولىدۇ. بۇ ھەدىستە فىقھى دېگەن سوز تىلغا ئېلىنىپ، ئىلىم دېگەن سوز تىلغا ئېلىنماسلىغى يەتكۈزگۈچىنىڭ ئىلىمسىز ئەمەسلىگىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇندۇر، چۈنكى فىقھى دېگەن قىياس ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىغان نازۇك ئىلىملەرنى بىلىشتىن ئىبارەت. مۇبادا يەتكۈزگۈچى ئىلىمسىز دېيىلگەن بولسا، يەتكۈزگۈچىنىڭ نادانلىغى كېلىپ چىقاتتى، يەنى فىقھى سەۋىيىسى تۆۋەنلەر ئۇزلىرىدىن فىقھى سەۋىيىسى يۇقۇرى بولغانلارغا چۈشەنمەي تۇرۇپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن دېگەن مەنە چىقىپ قالاتتى).

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئاللا، مېنىڭ خەلىپىلىرىمگە رەھمى قىلغىن" دېدى. بىز: ئى رەسۇلۇللا، سېنىڭ خەلىپىلىرىڭ كىملەر بولىدۇ؟ دەپ سورىدۇق، رەسۇلۇللا: "مېنىڭ خەلىپىلىرىم مېنىڭ ھەدىسلىرىمنى رىۋايەت قىلىدىغان ۋە كىشىلەرگە ئۇگىتىدىغان ئادەملەردۇر" دېدى. بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارغا سادىق بولۇش يۈزىسىدىن، ئۇلارغا سۈننەتلەرنى يەتكۈزۈش پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى جۈملىسىدىندۇركى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى بولغاي. كىمكى بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىدىكەن، ئۇ رەسۇلۇللانىڭ خەلىپىسى بولغان بولىدۇ. پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا ئاللانىڭ سالاملىرى بولغاي)نىڭ ئۇز دۇشمەنلىرىنى تاشلىۋېتىشى ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلماسلىغى لايىق بولمىغىنىدەك، ھەدىس تەھسىل قىلغۇچى ۋە

سۈننەتنى يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئۆز دوستلىرىغا ئۆگىتىپ، دۈشمەن-
لىرىگە ئۆگەتمەسلىكى ياخشى ئەمەس. ھەدىسنى تارقىتىش سۈننەت
ئالىملىرىنىڭ ئەڭ چوڭ مەقسىدى بولۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەي-
ھىسسالام ئۆز ھەدىسلىرىنى يەتكۈزۈش توغرىسىدا: "مەندىن بىرەر
ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار" دېگەن، بۇنى مەرھۇم ئىمام بۇخارى
رىۋايەت قىلغان. مەزھەرى ئۇ ھەدىسنى: مېنىڭ ھەدىسلىرىمنى ئاز
بولغان تەقدىردىمۇ يەتكۈزۈڭلار، دېگەن بولىدۇ دەپ چۈشەندۈردۇ.
مەرھۇم بەيزاۋى: ھەدىستە بىرەر ھەدىس بولسىمۇ دېيىلمەي، بىرەر
ئايەت بولسىمۇ دېيىلىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، بۇ سوزدىن ھەدىسنى
يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغانلىقى تېخىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان
ئايەتلىرىنىڭ كەڭ تارالغانلىقى ۋە ئۇنى ياد ئالغۇچىلارنىڭ كوپ
بولغانلىقىدىن، ئاللا ئۇنى يوقلىپ كېتىش ۋە ئوزگەرتىلىپ كېتىش-
تىن ساقلاشقا كېپىللىك قىلغان، دەيدۇ. ئۇلۇغ، پاك ئاللانىڭ
رازىلىقىنى تىلەش، دىنغا، مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىش ۋە ھەممە
پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۇيۇش
يۇزىسىدىن، بۇ ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىپ ۋە نەشر قىلدۇرۇپ،
جاھاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىشىمغا، ئارقىدىنلا «سەھىھۇل-
مۇسلىم» كىتاۋىدىن 2 مىڭ ھەدىسنى تاللاپ توپلام قىلىپ چىقىشىمغا
تۈرتكە بولغان نەرسە ئەنە شۇ ھەدىستۇر.

ئۇلىمالارنىڭ پېشىۋاسى مەرھۇم ئىمام مالىكنىڭ ئېيتىشىچە: پەي-
غەمبەرلەر (ئۇلارغا ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى بولغاي)دىن
قىيامەت كۈنى دىنغا دەۋەت قىلغانلىقى سورالغىنىدەك، ئۇلىمالار-
دىنمۇ دىنىي ئىلىملەرنى يەتكۈزگەنلىكى سورىلىدۇ. سۇفيان سەۋرى:
ئاللانىڭ رازىلىقىنى كوزلىگەنلەرنىڭ شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ھەدىس



由 扫描全能王 扫描创建

ئىلمىدىن ئەۋزەل ئىلىمنىڭ بارلىقىنى ئۇقمايمەن، كىشىلەر ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىدا ھەدىس ئىلمىگە موھتاج بولىدۇ. ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىش پەرز كۇپايە (بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئادا قىلسا، قالغانلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرز.— ت) بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ نەپلى ناماز ۋە نەپلى روزىدىن ئەۋزەل ھېساپلىنىدۇ، دېگەن.

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ھەدىس ئىلمىنى ھەر ئەۋلادنىڭ ھەققانى كىشىلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلار ساختىپەزلەرنىڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشىنى، بۇزۇقلارنىڭ رەڭۋازلىقلىرىنى ۋە نادان-لارنىڭ بۇرمىلاشلىرىنى رەت قىلىدۇ." بۇ ھەدىسنى ساھابىلەردىن بىر تۈركۈم كىشى رىۋايەت قىلغان. مەرھۇم نەۋەۋى «تەھزىپ» ناملىق كىتاۋىنىڭ بېشىدا: بۇ بولسا ھەدىس ئىلمىنى قوغداش، مۇھاپىزەت قىلىش ۋە راۋىلىرىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن بېشارەتتۇر، دەيدۇ. ئاللاتائالا ھەر بىر ئەسىردە ھەدىس ئىلمى ئۈچۈن، ئۇنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ يوقىتىۋېتىشنى رەت قىلىدىغان ھەققانى ئەۋلاد-لارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ ھەر بىر ئەسىردىكى ھەدىس ئىلمىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلارنىڭ ئادىللىقىنى ئوچۇق كورسىتىپ بېرىدۇ. خۇداغا شۈكرى، ئەمەلدىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ، پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر، بىر قىسىم پاسىق ئادەملەرنىڭ ھەدىس ئىلمىدىن ئاز-تولا بىر نەرسە بىلىشى ئۇنىڭغا نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ. مەزكۇر ھەدىس پەقەت ھەدىس ئىلمىنى ھەققانى ئادەملەرنىڭلا ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇلاردىن باشقىلار



由 扫描全能王 扫描创建

ھەدىستىن ھېچ نەرسە ئۇقمايدۇ، دىگەن مەنە چىقمايدۇ. شۇنىسى باركى، پاسىقلارنىڭ ھەدىس ئىلمىدىن بىلگەنلىرى ئۇلار ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقى ئىلىم ھىساپلانمايدۇ. ئىمام شافىي بۇ ھەقتە: ھەقىقى ئىلىم تەقۋىدارلىق بىلەنلا بولىدۇ، ئەقىل دىگەن ئەدەپ بىلەنلا بولىدۇ، دەيدۇ.

ئىبنى قەتتان: دۇنيادا بىدئەتچىلەرلا بولىدىكەن، ئۇ ئەھلى ھەدىس (ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى. — ت)نى يامان كورىدۇ، دەيدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسمۇ ئەھلى ھەدىسنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ بىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغان كىشىلەر ماڭا ئەڭ كوپ دۇرۇد ئېيتىدىغان ئادەملەردۇر“ دىگەن. ئىبنى ھىببان ئۆزىنىڭ «سەھىھى ئىبنى ھىببان» دىگەن كىتاۋىدا مەزكۇر ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاغا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەھلى ھەدىس ئىكەنلىكى بۇ ھەدىستە ئوچۇق بايان قىلىندى، چۈنكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئەھلى ھەدىستىن كوپ دۇرۇد ئېيتىدىغانلار يوق.

يەنە ئەبۇليۇمنى ئىبنى ئەساكىر: بۇ بىشارەت بىلەن ئەھلى ھەدىس (ئاللا ئۇلارنىڭ سانىنى كوپ قىلسۇن) كە مۇبارەك بولسۇن، ئاللاتائالا مۇشۇ چوڭ شاراپەت بىلەن ئەھلى ھەدىسكە بەرگەن نېمەتلىرىنى تولۇقلاپ بەردى، خۇدا خالىسا ئۇلار قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاغا ئەڭ يېقىن ئادەملەر بولۇپ، رەسۇلۇللانىڭ شاپائىتىگە ئەڭ ئالدىدا ئېرىشىدىغانلاردۇر، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ نامىنى قەغەزلەردە مەڭگۈ قالدۇرىدۇ، كوپ قىسىم ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىپ، يەتكۈزۈپ ۋە مۇزاكىرە قىلىپ، رەسۇ-



由 扫描全能王 扫描创建

لۇللاغا ئۇزلۇكسىز دۇرۇد ئېيتىپ تۇرىدۇ، خۇدا خالىسا پىرقە ناجىيە (مەسلىكى، ئۇتقان يولى توغرا بولۇپ، ئاللانىڭ دەرگاھىدا نىجات تاپقۇچى گۇرۇھ. — ت) ئەنە شۇلار بولغۇسى، دەيدۇ. پاك ئاللا بىزنى شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ، قىيامەت كۈنى شۇلارنىڭ توپىدا قىلغاي، بىزنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغاي، بىزگە ياخشىلىق ۋە بەخت ئاتا قىلغاي. ئى ئاللا، مېنىڭ بۇ ئىشىمنى قوبۇل قىلىپ مەدەت بەرگەيسەن. ئىمام بۇخارىدىن ۋە ئۇستاز قەستەلانىدىن ئاللا رازى بولغايكى، ئۇلار مېنىڭ بۇ ئەمگىكىمنىڭ مەنبەسى ۋە كىتاۋىمغا كوركەملىك بېغىشلىغۇچىلاردۇر. "قۇدرەتلىك رەببىڭ مۇشرىكلەرنىڭ قىلغان توھمەتلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن، بارلىق ھەمدۇسانا ھەممە ئالەمنى پەرۋىش قىلغۇچى ئاللاغا مەنسۇپ." (سۇرە سافقات، 180-، 181-، 182-ئايەتلەر. — ت) "ئى ئىنسانلار، سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھىكمەتلىك ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن تولغان، دىلىڭلاردىكى شەك-شۇبھىلەرگە شىپا بولىدىغان، مومىنلەر ئۇچۇن ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان قۇرئان چۇشتى، ئى مۇھەممەد، ئېيتقىنكى، مومىنلەر ئاللادىن بولغان پەزلى مەرھەمەتتىن شات بولۇشسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىققان ماللىرىدىن ياخشىدۇر." (سۇرە يۇنۇس، 57—58-ئايەتلەر. — ت)

تۇزگۇچى: مۇستەفا مۇھەممەد ئەمارە.



由 扫描全能王 扫描创建

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھارىس ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى رەسۇلۇللا، ساڭا ۋەھيى قايسى رەۋىشتە كېلىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن: ۋەھيى ماڭا گايىدا قوڭغۇراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق كېلىدۇ، بۇ خىلى ماڭا ئەڭ قىيىن تۇيۇلىدۇ، پەرىشتە مەندىن ئايرىلىدۇ-دە، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىمگە ئېلىۋالىمەن، گايىدا پەرىشتە ماڭا ئىنسان سۈرىتىدە كورۇنۇپ سوزلەيدۇ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىمگە ئېلىۋالىمەن، دېدى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق سوغاق كۈنلەردە ۋەھيى كېلىپ، پەرىشتە ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىۋاتقانلىقىنى كورگەن ئىدىم①.

ئائىشە يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىدىغان ۋەھيى دەسلىۋىدە راست چۈشلەردىن باشلانغان، ئۇنىڭ كورگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى. كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇ ھىرا غارىدا ئويگە قايتماي قانچىلىغان كېچىلەر

---

① بۇ ئەھۋال بىرىنچىدىن، ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا قاتتىق چارچاش ھېس قىلىنغانلىقتىن بولاتتى، چۈنكى ۋەھيى ئىنساننىڭ تەبىتىگە تاسادىپى تۇيۇلىدىغان ئىش؛ ئىككىنچىدىن، پەيغەمبەرلىك يۈكىنى كوتىرەلەيدىغان قىلىپ چىنىقتۇرۇش يۈزىسىدىن، پەيغەمبەرنىڭ چىداملىقلىقىنى سىناش ئۈچۈن ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

يالغۇز ئىستىقامەت قىلاتتى، ئىستىقامەتكە چىققاندا ئوزۇقلۇق ئېلى-
ۋالاتتى. ئىستىقامەتتىن بوشىغاندا خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا
قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم چىقىش ئۈچۈن تەييارلىناتتى. بۇ
ئىش ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەھيى كەلگەنگە قەدەر
داۋام قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا
پەرىشتە كېلىپ: ئوقۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ئوقۇشنى ئۇقمايمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
مۇنداق دەيدۇ: پەرىشتە مېنى تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ
قويۇۋېتىپ، ئوقۇ، دېدى. مەن، ئوقۇشنى ئۇقمايمەن، دېدىم. مېنى
ئىككىنچى قېتىم تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ، ئوقۇ، دېدى.
مەن، ئوقۇشنى ئۇقمايمەن، دېدىم. مېنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە
تۇتۇپ سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن: "ئىنساننى ئۇيۇل قاندىن
ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ، ئوقۇغىن، رەببىڭنىڭ كەرەمى
كەڭدۇر" دېدى. (سۈرە ئەلەق، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ئايەتلەر. ـ ت) پەي-
غەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا
پەيدا بولغان قورقۇنچ بىلەن خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە (مۆمىن-
لەرنىڭ ئانىسى)نىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، قورقۇنچىسىنى بېسىش
ئۈچۈن، مېنى يوگەپ قويۇڭلار، يوگەپ قويۇڭلار، دېدى. ئۇ
قورقۇنچىسى تۈگىگىچە يۆگەپ قويۇلدى، ئۇ خەدىچىگە ئەھۋالنى
مەلۇم قىلىپ، ئۆزەم توغرىسىدا قورقۇپ قالدىم، دېدى. خەدىچە:
ئۇنداق ئەمەس، ئەزبىرايى خۇدا، ئاللا سېنى ھەرگىز رەسۋا
قىلمايدۇ، چۈنكى سەن خىش-ئەقرىبالارغا شەپقەت قىلىسەن،
ئاجىز، بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر
ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋالىسەن، بېشىغا كۈن چۈشكەن-

لەرگە ياردەم قىلسەن، دىدى. شۇنىڭ بىلەن خەدىچە ئۇنى تاغىسـ
نىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇل-
ئۇززانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ۋەرەقە جاھىلىيەت دەۋرىدە
(ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋر. — ت) خرىستىيان دىنىغا
كىرگەن ئىدى، ئىبرانى يېزىقنى بىلەتتى، ئىبرانى يېزىق بىلەن
ئىنجىلدىن كوپ نەرسىلەرنى يازاتتى. ئۇ ياشانغان، كوزى ئەما
بولۇپ قالغان بوۋاي ئىدى. خەدىچە ۋەرەقەگە: ئى تاغامنىڭ ئوغلى،
قېرىنداشىڭنىڭ① ئوغلىنىڭ سوزىگە قۇلاق سال، دىدى. ۋەرەقە
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى، نىمە
بولدۇڭ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا كورگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ
بەردى. ۋەرەقە ئۇنىڭغا: ئاللا مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن شەرىئەت
مۇشۇ، ئىست، مەن سېنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان ۋاقىتلىرىڭدا ياش
يىگىت بولغان بولسامچۇ، ئىست، مەن خەلقىڭنىڭ سېنى يۇرتۇڭدىن
ھەيدەپ چىقارغان ۋاقتىدا ھايات بولسامچۇ، دىدى. رەسۇلۇللا
ئەجەپلىنىپ: خەلقىم مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرارمۇ؟ دىدى.
ۋەرەقە: ھەئە، ھەيدەپ چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەن-
لىك بولىدۇ، سېنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ھايات بولغان
بولسام، ساڭا يېقىندىن ياردەم قىلاتتىم، دىدى. ئۇزاق ئوتمەي
ۋەرەقە ۋاپات بولۇپ كەتتى. ۋەھيى ئۇزۇلۇپ قالدى.

① ۋەرەقەنىڭ 3 - بوۋىسى رەسۇلۇللانىڭ 4 - بوۋىسىنىڭ قېرىندىشى ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

## 3) تەقۋادارلىق، ئىمان، ھىدايەت، ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى ۋە ئىمان مەسىلىرى توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەندە كۆڭلىدىكى شۈبھىلىك نەرسىلەرنى تەرك ئەتمىگىچە، تەقۋادارلىقنىڭ ماھىيىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ھەنزەلە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ئىكرەمە ئىبنى خالىددىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئىكرەمە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇ بولسا: بىر ئاللادىن باشقا ھىچ خۇدا يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى، دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىشتىن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت. قۇرئاندا ئاللاتائالا مۇنداق دىگەن: "سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، مۇقەددەس كىتاپلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللانى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىقا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىكتە ۋە ئۇرۇشتا سەۋرى قىلىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يۇقۇرىدىكى ئەمەللەرنى ئىشلىگۈچىلەر) راستچىل ئادەملەردۇر (مۇسۇلمانچىلىق دەۋاسىدا)،



由 扫描全能王 扫描创建

ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر."① (سۈرە بەقەرە، 177 ـ ئايەت. ـ ت)

"قەدئەفلەھەلمۇئمىنۇن" (شۇنداق مۆمىنلەر نىجاتلىققا ئېرىشتى) دېگەن ئايەتتە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايەتتىمۇ مۇسۇلمانچىلىق ئەمەللىرى بايان قىلىنغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچىدىن تەركىب تاپقان، ھايامۇ② ئىماننىڭ بىر شاخچىسى.

---

① بۇ ئايەت ئىنسانلاردا بولىدىغان كامالەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇق-يېيىق رەۋىشتە ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇلار كوپ ۋە خىلمۇ-خىل بولۇش بىلەن مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان: 1) دۇرۇس ئەقىدە، بۇ مەزمۇن ئايەتتىكى "ئاللاغا......پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئەمەللىرى" دېگەن يەرگىچە سىڭدۈرۈلگەن. 2) كوركەم مۇناسىۋەت، بۇ مەزمۇن ئايەتتىكى "خىش ـ ئەقرىبالارغا......قۇللارنىڭ ئازاتلىققا ئېرىشىشىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش ئەمەللىرى" دېگەن يەرگىچە سىڭدۈرۈلگەن. 3) ئۆز ئۆزىنى تەربىيلەش، بۇ مەزمۇن ئايەتتىكى "ناماز ئوقۇش" دېگەن يەردىن ئايەتنىڭ ئاخىرىغىچە سىڭدۈرۈلگەن.

② شەرىئەتتە كوزدە تۇتۇلىدىغان ھايا سەت ئىشلاردىن ساقلىنىشقا، ھەق-دارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل ئەخلاقتۇر. ھايانىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى ئۇنىڭ ئىماننىڭ باشقا شاخچىلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىدىندۇر. چۈنكى ھايا كىشىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ قالارمەنمۇ دېگەن قورقۇنچنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەيىبدار ئىشلارنى قىلىپ، ناچار ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ. ھايانىڭ مەنىسى ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سوزى مۇلاھىزە قىلىنسا بولىدۇ: ئاللادىن ھەقىقى رەۋىشتە ھايا قىلىڭلار. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا،



由 扫描全能王 扫描创建

## 6) مۇسۇلمانى كامىل توغرىسىدا ۋە ئاللا ئۈچۈن بولغان مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭمۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سوزى ۋە ھەركىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەم ھەقىقى مۇسۇلمان ھىساپلىنىدۇ، ئاللا مەنئى قىلغان نەرسىلەرنى تەرك ئەتكەن ئادەم مۇھاجىرلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كوچۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە مەككىدىن مەدىنىگە كوچۇپ بارغان مۇسۇلمانلار. — ت) قاتارىدا سانىلىدۇ.

## 7) كىشىلەرگە ئاش-نان بېرىشنىڭ مۇسۇلمانچىلىق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى، ئوزى نىمىنى ياخشى كورسە، قېرىندىشىغىمۇ شۇنى ياخشى كورۇشنىڭ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى خىسلەت-

---

بىز ئەلۋەتتە ئاللادىن ھايا قىلىمىز دىگەندە، رەسۇلۇللا: ئۇنداق ئەمەس، ئاللادىن ھەقىقى رەۋىشتە ھايا قىلىش دىگەن بەدەندىكى پۈتۈن ئەزالىرىنى گۇنادىن ساقلاشتىن، ئولۇمنى ۋە ئولگەندىن كىيىن چىرىشنى ياد ئېتىشتىن ئىبارەت، ئاخىرەتنى كوزلىگەن ئادەم دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى تەرك ئېتىدۇ، ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئەلا بىلىدۇ، ئەنە شۇ يۇقۇرىدىكىلەرنى ئورۇنلىغان ئادەم ئاللادىن ھەقىقى ھايا قىلغان بولىدۇ، دىگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

لىرى نىمە؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: كىشىلەرگە ئاش-نان بېرىش، تونۇيدىغان ئادەملەرگىمۇ، تونۇمايدىغان ئادەملەرگىمۇ① سالام قىلىش، دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ② ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن مۇسۇلمانى كامىل ھىساپلىنىدۇ.

## 9) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈشنىڭ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىگى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ھەرقانداق بىر كىشى مىنى ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىنمۇ، بالىسىدىنمۇ ۋە بارلىق كىشىلەردىنمۇ ئارتۇقراق كۆرگەندىلا، ئاندىن ھەقىقى مومىن ھىساپلىنىدۇ.③

## 10) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ساھابىلىرىنىڭ بەيئەت قىلغانلىقى توغرىسىدا

بەدرى غازىتىغا قاتناشقان ۋە ئەقەبە بەيئىتىگە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ھارپىسىدا مەدىنىلىكلەردىن ئون ئىككى ئادەم

① مۇسۇلمان ئادەملەر.
② دىنىي قېرىندىشى.
③ ئاللاتائالا قۇرئاندا: پەيغەمبەر مومىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىنمۇ چارىدۇر، دىگەن.

مەككىكە كېلىپ مۇسۇلمان بولۇپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان ۋەقە. ــ ت) هازىر بولغان ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر توپ ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ: سىلەر ئاللاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، بوھتان چاپلىماسلىق، پەيغەمبەر بۇيرۇغان خەيرلىك ئىشلاردىن باش تارتماسلىق جەھەتلىرىدە ماڭا بەيئەت قىلىڭلار، سىلەردىن كىمكى ۋەدىگە ۋاپا قىلسا، ئاللا ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىدۇ، كىمكى يۇقۇرىدىكى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىپ سېلىپ بۇ دۇنيادا جازاغا تارتىلغان بولسا (شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە جازاغا تارتىلغان بولسا. ــ ت)، بۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا كاپارەت بولىدۇ (ئاخىرەتتە جازاغا تارتىلمايدۇ). كىمكى يۇقۇرقى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىپ سالغان ۋە ئاللا ئۇنى ئاشكارىلىمىغان بولسا، بۇ ئىش ئاللانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، ئاللا خالىسا كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ، دېدى. بىز يۇقۇرقى گەپ بويىچە رەسۇلۇللاغا بەيئەت قىلدۇق.

## 11) سالام بېرىش ئىسلامنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئەممار ئىبنى ياسىر① مۇنداق دېگەن: ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بار، كىمكى بۇ خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرسە، ئىماننى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ، بۇ خىسلەتلەر ئۆزىگە قارىتا ھەققانى بولۇش②،

① ئۇ ــ ئەڭ ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان چوڭ ساھابىلەردىن بىرى.

② ئۆزىگە قارىتا ھەققانى بولۇش دېگەنلىك ئاللا تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئىشلارنى تولۇق ئورۇنلاش، ئاللا چەكلىگەن ئىشلارنى قەتئى قىلماسلىق دېمەكتۇر.

ھەر بىر مۇسۇلمانغا سالام بېرىش، يوقسۇل تۇرۇقلۇق كەڭ قول① بولۇشتىن ئىبارەت.

### 12) گۇنا ئىشلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرى ئىكەنلىكى، خۇداغا شىرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇنالارنى سادىر قىلغان كىشىلەرنىڭ كاپىر ھىساپلانمايدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر ئادەم بىلەن تىللىشىپ قېلىپ، ئۇنى ھەي قارا خوتۇننىڭ بالىسى دەپ تىللىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئەبۇ زەر، ئۇنىڭ ئانىسىنى تىلغا ئېلىپ تىللىدىڭمۇ، سەندە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئەخلاقى بار ئىكەن. سىلەرنىڭ خىزمەتكارلىرىڭلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار ھىساپلىنىدۇ، ئاللا ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردا قىلدى. كىمكى قېرىندىشى (خىزمەتچىسى ياكى قۇلنى دېمەكچى. — ت) ئۇزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقان ئىكەن، ئۆزى نېمە يېسە ئۇنىڭغا شۇنى يېگۈزسۇن، ئۆزى نېمە كىيسە ئۇنىڭغا شۇنى كىيگۈزسۇن، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا سالماڭلار②، شۇنداق ئىشلارغا سېلىپ قالساڭلار، ئۇلارغا ياردەمدە بولۇڭلار، دېدى.

---

① بۇنىڭدىن ئىنتايىن سېخىلىق چىقىدۇ، چۈنكى يوقسۇل تۇرۇقلۇق كەڭ قول بولغان يەردە، قولىدا بار بولغاندا تېخىمۇ كەڭ قول بولىدىغانلىقى تەبىي.

② بۇ ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا سېلىش ھارام دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ھەدىس قۇللارنى، خىزمەتكارلارنى، مېھمانلارنى، ئۇلاقلارنى



由 扫描全能王 扫描创建

## 13) كىشىنىڭ قەلبىگە ئىسلامنىڭ چوڭقۇر سىڭىشى توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان: بىرەر بەندە مۇسۇلمان بولۇپ ئىسلام دىنى ئۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭسە، ئاللا ئۇنىڭ قىساس گۇنايىدىن باشقا ئىلگىرىكى گۇنالىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇۋېتىدۇ، بەندىنىڭ بىر ياخشى ئىشى ئۈچۈن ئاللا ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ساۋاپ بېرىدۇ، بىر يامان ئىشىغا بىر جازا بېرىدۇ، ئاللا كەچۈرگەن بولسا① جازا بەرمەيدۇ.

---

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ھەدىستە قۇللار ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارنى تىللاش مەنئى قىلىنىدۇ، ئۇلارغا خەيرىخاھلىق قىلىش ۋە مۇلايىم مۇئامىلە قىلىش تەرغىپ قىلىنىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر بىرىدىن ئارتۇقلۇقى تەقۋادار-لىق بىلەن ئۆلچىنىدۇ. قۇرئاندا "ئەڭ تەقۋادارلىرىڭلار ئاللانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھورمەتلىك ھىساپلىنىسىلەر" دىيىلگەن. تەقۋادار بولمىسا، پەيغەمبەر ئەۋلادىغمۇ ئۇنىڭ نەسەبى پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، تۆۋەن نەسەپلىكلەرگە ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىغى پايدا يەتكۈزىدۇ.

① ئاللا خالىغان ئادەمنىڭ گۇنايىنى ئەپۇ قىلىدۇ دىمەكچى. بۇ ئەھلى سۈننەت (قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھوكمى بويىچە ئىش قىلغۇچىلار. — ت)نىڭ دەلىلى بولۇپ، ئۇلار: بەندىنىڭ گۇنايى ئاللانىڭ خاھىشىغا باغلىق، خالىسا كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە بۇ ھەدىس مۇئتەزىلە (ئىسلام دىنىدىكى بىر فىرقە. — ت)لەرنىڭ، گۇنايى كەبىرەلەرنى قىلغۇچىلار چوقۇم دەۋزەخقە كىرىدۇ، دەيدىغان قارىشىغا رەددىيە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 14) جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھسان ھەققىدە سورىغان سوئالى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، بىر ئادەم① كېلىپ ئۇنىڭدىن: ئىمان دېگەن نىمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىمان دېگەن ئاللاغا②، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە③، ئاللاغا مۇلاقەت بولۇشقا④، ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە⑤ ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە⑥ ئىشەنچ قىلىش دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئادەم: ئىسلام دېگەن نىمە؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام: دېگەن ئاللاغا ئىبادەت قىلىش⑦، ئاللاغا

---

① ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈنگەن پەرىشتە.
②ئاللانىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ تېگىشلىك سۈپەتلىرىگە ئىشەنچ قىلىش.
③خالىغان شەكىلگە كىرەلەيدىغان نۇرانە مۇقەددەس جىسىملار بولۇپ، ئۇلارغا ئىشەنچ قىلىش دېگەنلىك ئۇلارنىڭ بارلىقىغا، ئاللا ئۇلارنى سۈپەتلىگەندەك، ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ.
④ ئاخىرەتتە ئاللاتائالانى كۆرۈشكە ئىشەنچ قىلىش.
⑤ ئۇلارنىڭ ئاللا تەرىپىدىن بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىش.
⑥ قەۋرىدىن قايتا تىرىلىپ تۇرۇشقا، پىلسىرات كۆۋرۈكى، تارازا، جەننەت ۋە دوزاخلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش.
⑦ ئاللاغا ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىتائەت قىلىش ياكى كەلىمە شاھادەت ئېيتىش.



由 扫描全能王 扫描创建

شىرىك كەلتۈرمەسلىك، پەرز نامازلارنى ئوقۇش، پەرز زاكاتىنى بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش① دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئادەم: ئېھسان دىگەن نىمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئېھسان دىگەن ئاللاغا خۇددى ئاللانى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىش، گەرچە سەن ئاللانى كۆرمىسەڭمۇ ئاللا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئادەم: قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جاۋاپ بەرگۈچى ئادەم سورىغۇچىدىن ئارتۇق كەلمەيدۇ، قىيامەتنىڭ ئالدىن بولىدىغان ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بېرەي، دىدەك ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى تۇغقان چاغدا②،

---

① بۇ يەردە رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى يا ئۇنتۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ھەج قىلىش تىلغا ئېلىنمىغان. باشقا رىۋايەتلەردە بۇ سۆز بار. بۇنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقىدىكى سەۋەپ ئۇ چاغدا تېخى ھەج پەرز قىلىنمىغان ئىدى دىگۈچىلەرمۇ بار. سۇلەيمان تىمىنىڭ رىۋايىتىدە بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا ھەج قىلىش، ئۇمرە قىلىش (ھەج مەزگىللىرىدىن باشقا چاغدا بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش.—ت)، غۇسلى قىلىش، تاھارەتنى تولۇق ئېلىش سۆزلىرى قوشۇلغان.

② بۇ سۆز دىدەكنىڭ باللىرىدىن كىنايە بولۇپ، دىدەكنىڭ خوجايىنى دىدەكنىڭ باللىرىنىڭ دادىسى بولغانلىقتىن، خوجايىن ئۆلگەندىن كېيىن دىدەكنىڭ باللىرى دىدەكنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالىدۇ دىگەن مەنىنى ياكى پادىشانىڭ كىنىزىگىدىن تۇغۇلغان بالا كېيىن پادىشا بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى بولغان كىنىزەك پادىشانىڭ پۇقرالىرىدىن بولۇپ قالىدۇ دىگەن مەنىنى — پادىشا دىگەن پۇقرانىڭ خوجايىنى ھىساپلىنىدۇ —، ياكى خوجايىنلىرىدىن باللىرى بار دىدەكلەرنى سېتىش ئىشلىرى كۆپىيىپ، پادىشالار ئۇلارنى سېتىۋېلىش بىلەن ئۇقماستىن ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنى سېتىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن ئەھۋالنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى ياكى باللار ئانىلىرىغا خوجايىنلار دىدەكلىرىنى تىللاپ ئۇرۇپ، ئىشلىتىپ، خارلاپ مۇئامىلە قىلغىنىدەك مۇئامىلە قىلىپ ئانىلارنى قاخشىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە بالا خوجايىنغا تەمسىل قىلىنغان.



由 扫描全能王 扫描创建

پادىچىلار چوڭ ئىمارەتلەرنى① سېلىش بىلەن پەخىرلەنگەن چاغدا، قىيامەت يېقىنلاشقان بولىدۇ. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش مەسىلىسى ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بەش تۈرلۈك غايىپ نەرسىنىڭ ئىچىدە بار، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئاللا بىلىدۇ" دېگەن ئايەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار دېدى، ساھابىلەر قارىۋىدى، ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ جىبرىل بولىدۇ، كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى تەلىم بەرگىلى كەلگەن، دېدى. ئەبۇ ئابدۇللا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىماننىڭ جۈملىسىدىن سانىدى، دەيدۇ.

## 15) دىندا ئادالىغ بولغان ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاسىر مەن نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاڭلىدىم دەيدۇ، ئىبنى بەشىر رەسۇلۇللادىن ئاڭلىدىم دەيدۇ، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: ھالال ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن، ھارام ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قالغان

① بۇ — قىر خەلقلىرىنىڭ چوڭ ئىمارەت سېلىش، ھاكىمىيەتنى ئىگەللەش، غەلىبە قىلىش ۋە كۈچ بىلەن شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىش، دۇنياغا كېڭىيىش بىلەن پەخىرلەنگەن ۋاقتى، مانا بۇ قول، پادىچى قاتارلىق تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكتىن ئىبارەت.



由 扫描全能王 扫描创建

شۇبھىلىك① ئىشلار بار، بۇنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلمەيدۇ. شۇبھىلىك ئىشلاردىن ھەزەر قىلغان ئادەم دىنىنى ۋە نامۇسىنى ئادالىغ تۇتقان بولىدۇ. شۇبھىلىك ئىشلارنى قىلغان ئادەم چارگاھنىڭ چۆرىسىدە پادا باققۇچى پادىچىغا ئوخشايدۇ، پادا چارگاھقا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن، ھەر پادىشانىڭ بىر چارگاھى بولىدۇ، ئاللانىڭ زېمىندىكى چارگاھى ئاللانىڭ ھارام قىلىپ بېكىتكەن ئىشلىرىدىن ئىبارەت. قۇلاق سېلىڭلار، ئىنساننىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بولىدۇ، بۇ گۆش تۈزەلسە، پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ. ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسا يۈرەكتىن② ئىبارەت.

## 16) دىنىنىڭ ئاساسى سادىق بولۇش ئىكەنلىكى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: دىنىنىڭ ئاساسى ئاللاغا سادىق بولۇش③، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق

① ھالالغىمۇ، ھارامغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان، ھۆكمى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ئىشلار.

② چۈنكى يۈرەك بەدەننىڭ قوماندانى ھېساپلىنىدۇ، قوماندان تۈزەلسە، خەلق تۈزىلىدۇ، قوماندان بۇزۇلسا، خەلقمۇ بۇزۇلىدۇ. يۈرەك بولسا بەدەندىكى ئەڭ شەرەپلىك ئەزا، چۈنكى ئۇ ئاللاتائالانى تونۇيدۇ، قالغان ئەزالار يۈرەكنىڭ خىزمەتكارلىرى ئورنىدا تۇرىدۇ. ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىتا ئورتاق پىكىردە.

③ ئاللاغا سادىق بولۇش دىگەن ئاللاغا ئىشىنىش، ئاللانى ئۇز لايىقىدا سۈپەتلەش، ئاللاغا دىلىدىمۇ ۋە ھەركىتىدىمۇ بويسۇنۇش، ئاللاغا تائەت ئىبادەت قىلىش بىلەن ئاللانىڭ مۇھەببىتىگە قېزىقىش، گۇنادىن ساقلىنىش



由 扫描全能王 扫描创建

بولۇش①، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا سادىق بولۇش② ۋە
مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا سادىق بولۇشتىن③ ئىبارەتتۇر. ئاللا تائالا
قۇرئاندا "ئەگەر ئۇلار ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسا......"
دېگەن. (سۈرە تەۋبە، 91 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى. — ت)

جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەر
بىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىش جەھەتلىرىدە بەيئەت قىلدىم.

---

بىلەن ئاللانىڭ غەزىۋىدىن ساقلىنىش، ئاللاغا ئاسىلىق قىلغۇچىلارنى ئۇلارغا
ۋەز - نەسىھەت قىلىش بىلەن قايتۇرۇشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت.

① پەيغەمبەرگە سادىق بولۇش دېگەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە تەستىق
قىلىش، بارلىق تەلىماتىغا ئىشىنىش، رەسۇلۇللانىڭ ھاياتىدا بولسۇن، ۋاپاتى-
دىن كېيىن بولسۇن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ياردەمدە بولۇش،
ئۇنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، رەسۇلۇل-
لانىڭ ئەدەپ - ئەخلاقىنى ئۈزلەشتۈرۈش، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى، ساھابى-
لىرىنى، يار - بۇرادەرلىرىنى دوست تۇتۇشتىن ئىبارەت.

② مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا سادىق بولۇش دېگەن ئۇلارنىڭ
توغرا ئىشلىرىغا يار - يۆلەك بولۇش، شۇ ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش،
ئۇلار توغرا ئىش قىلمىسا مۇلايىملىق بىلەن دوستلۇقنى ئۈزۈش ئارقىلىق
ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇلاردىن يىراقلاشقان كىشىلەرنى ئۇلارغا يېقىنلاش-
تۇرۇشتىن ئىبارەت؛ دىنىي رەھبەرلىرىگە سادىق بولۇش بولسا ئۇلارنىڭ
قالدۇرغان ئىلىملىرىنى گۈللەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى تارقىتىش،
ئۇلارغا قارىتا ياخشى ئويلاردا بولۇشتىن ئىبارەت.

③ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا سادىق بولۇش دېگەن ئۇلارغا كۆيۈنۈش،
ئۇلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىش، ئۇلارغا پايدىلىق نەرسىلەرنى
ئۆگىتىش، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى توساش قاتارلىقلاردىن
ئىبارەت.

由 扫描全能王 扫描创建

## 18) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سوزلەۋاتقاندا بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن قىيامەت توغرىلىق سورىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر ئولتۇرۇشتا خەلققە سوز قىلىۋاتاتتى، بىر ئەرابى كېلىپ: قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەي سوزلەۋەردى. بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەرابىنىڭ سوئالىنى ئاڭلىدىيۇ، ئۇنى ياقتۇرمىدى، دىسە، بەزىلەر ئۇنى ئاڭلىمىدى، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سوزلەپ بولغاندىن كېيىن: قىيامەت توغرىلىق سورىغۇچى قېنى؟ دىدى. ئەرابى: مانا مەن، ئى رەسۇلۇللا، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ئىشەنچ يوقالغان چاغدا قىيامەتنى كۇتسەڭ بولىدۇ، دىدى. ئەرابى: ئىشەنچنىڭ يوقالغانلىقى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ئىش① شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەملەرگە تاپشۇرۇلغان چاغدا قىيامەتنى كۇتسەڭ بولىدۇ، دىدى.

## 19) رەسۇلۇللانىڭ يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن مەسىلە ئۇگەتكەنلىكى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىم

① خەلپىلىك، قازىلىق، مۇپتىلىق قاتارلىق دىنغا تەئەللۇق ئىشلار.



由 扫描全能王 扫描创建

مەككىدىن مەدىنىگە قىلغان سەپىرىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىمىزدا قالغان ئىدى، ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى قىستاپ قالغان چاغدا، ئۇ ئارقىمىزدىن يېتىپ كەلدى، بىز تاھارەت ئېلىپ پۇتىمىزنى يۇزەكىنە يۇيۇۋاتاتتۇق، بۇ چاغدا ئۇ، تاپانلىرىنى چالا يۇغانلارغا دەۋزەخ ئازاۋىدىن ۋاي، دەپ ئىككى-ئۈچ قېتىم توۋلىدى. ئاللاتائالا قۇرئاندا: "رەببىم، ئىلمىمنى زىيادە قىل دېگىن" دېگەن.

شەرىك ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ نەمىر رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەسچىتتە ئولتۇراتتۇق، تۆگە مىنگەن بىر ئادەم مەسچىتكە كىرىپ كەلدى. ئۇ تۆگىسىنى چوكتۇرۇپ باغلاپ قويغاندىن كېيىن، بىزدىن قايسىڭلار مۇھەممەد بولىسىلەر؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىمىزدا ھاسىسىغا يۆلىنىپ تۇراتتى. بىز ئۇنىڭغا، بۇ يۆلىنىپ تۇرغان ئاق ئادەم شۇ، دېدۇق. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئوغلىمۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، سۆزۈڭنى ئاڭلاۋاتىمەن، دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، مەن سەندىن قوپاللىق بىلەن مەسىلە سورايمەن، ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، خالىغان نەرسىلىرىڭنى سوراۋەرگىن، دېدى. ئۇ ئادەم، سېنىڭ ۋە سەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھەققى بىلەن سەندىن سورايمەنكى، ئاللا سېنى پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەلۋەتتە شۇنداق، دېدى. ئۇ يەنە، سەندىن ئاللا ھەققى سورايمەنكى، ئاللا سەن ئارقىلىق بىزنى بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاق ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى؟



由 扫描全能王 扫描创建

رەسۇلۇللا، ئەلۋەتتە شۇنداق، دىدى. ئۇ يەنە، سەندىن ئاللا ھەققى سورايمەنكى، ئاللا سەن ئارقىلىق بىزنى ھەر يىلى رامزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەلۋەتتە شۇنداق، دىدى. ئۇ يەنە، سەندىن ئاللا ھەققى سورايمەنكى، ئاللا سېنى بايلىرىمىزدىن زاكاتىنى ئېلىپ كەمبەغەللىرىمىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەلۋەتتە شۇنداق، دىدى. بۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، سېنىڭ تەلىماتلىرىڭغا ئېتىقات قىلدىم، مەن بولسام خەلقىمنىڭ ساقا ئەۋەتكەن ئەلچىسى، سەئد ئىبنى بەكرى ئايمىقىدىن زىمام ئىبنى سەئلەبە بولىمەن، دىدى.

## 21) ئاللادىن بىلىپ ئاندىن ئېيتىش ۋە ئىشلەش توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاتائالا "بىلگىنكى، ھەقىقەتەن بىر ئاللادىن باشقا ھىچ مەبۇد يوق" دىگەن كالامنى "بىلگىنكى" دىگەن سوز بىلەن باشلىغان، ئۇلىمالار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر، پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ئىلىمنى مىراس قىلىپ قالدۇرغان، ئىلىم ئىگەللىگەن ئادەم مول نېسۋىگە ئىگە بولغان بولىدۇ، ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا ماڭغان ئادەمگە ئاللا جەننەتكە كىرىش يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاتائالا قۇرئاندا: "ئاللانىڭ ئالىم بەندىلىرى ئاللادىن ھەقىقەتەن قورقىدۇ" دىگەن. ئاللاتائالا يەنە قۇرئاندا: "شۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنىدۇ" دىگەن. ئاللاتائالا يەنە قۇرئاندا كاپىرلارنىڭ سوزىنى



由 扫描全能王 扫描创建

ھكايه قلىپ: "ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ قوبۇل قلغان بولساق ياكى چۈشەنگەن بولساق، دەۋزىخىلەرنىڭ قاتارىدا بولماس ئىدۇق دىيىشتى" دىگەن، ئاللاتائالا يەنە: "بىلگەن كىشىلەر بىلەن بىلمىگەن كىشىلەر باراۋەر بولامدۇ" دىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، شۇنى دىنىي ئىلىملەرگە باي قىلىدۇ. ئىلىم بولسا ئۆگىنىش ئارقىلىق هاسىل بولىدۇ.

ئەبۇ زەر مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سىلەر كاللامنى ئالماقچى بولۇپ ئۇتكۇر قىلىچنى بوينۇمغا تەڭلەپ تۇرغاندا مەن پەيغەمبەر ئەلەي-ھسسالامدىن ئاڭلىغان بىرەر سوزنى يەتكۇزمەكچى بولغان بولسام، بوينۇمغا قىلىچ چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئەلۋەتتە يەتكۇزىۋېرەتتىم.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىلەر رەببانى، مۇلايىم، فەقىھ (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق بىلىدىغان ئادەم.—ت)، ئۇلىمالاردىن بولۇڭلار، دىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىشىلەرنى ئاۋۋال ئاددى ئىلىملەر بىلەن تەربىيىلەپ، ئاندىن چوڭقۇر ئىلىملەر بىلەن تەربىيىلەيدىغان ئادەم رەببانى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 23) پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ساھابىلەرگە قېچىپ قالمىسۇن دەپ ۋەز-نەسىھەتنى ئارىلاپ-ئارىلاپ قىلغانلىقى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق



由 扫描全能王 扫描创建

دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مالال كېلىپ قالسۇن دەپ ۋەز-نەسىھەتنى كۈن ئارىلاپ قىلاتتى.

## 24) ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سىلەر باشلىق بولۇشۇڭلاردىن① ئىلگىرى دىنىي ئەھكاملارنى بىلىۋېلىڭلار، دېگەن.

ئەبۇ مۇسادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مەن ئاللا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت ۋە شەرىئەت ئىلمى زېمىنغا ياققان مول يامغۇرغا ئوخشايدۇ، بەزى يەرلەر مۇنبەت بولۇپ يامغۇرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئوسۇملۈكلەرنى ۋە نۇرغۇن ئوت-چۆپلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى يەرلەر گىيا ئۈنمەس، سۇ سىڭمەس تېتىر بولۇپ، ئۈستىدە سۇ لەيلەپ تۇرىدۇ. ئاللا ئۇنىڭدىن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. شۇ سۇدىن كىشىلەر ئىچىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلاقلىرىنى زىرائەتلىرىنى سۇغىرىدۇ. يەنە بىر قىسىم تۈزلەڭ، شور يەرلەر بولۇپ، ئۈستىدە سۇمۇ تۇرمايدۇ، گىيامۇ ئۈنمەيدۇ. ئەنە شۇ يۇقۇرىدىكىلەر ئاللانىڭ دىنىنى چۈشىنىپ، مەن ئاللا تەرىپىدىن كەلتۈرگەن تەلىماتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆگەنگەن

---

① كىشى باشلىق بولغاندىن كېيىن ئۆزىدىن تۆۋەن ئادەمدىن ئۆگىنىشتىن باش تارتىدۇ-دە، بىلمىسىز بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك باشلىقنى ئۇنىڭ غۇرۇرى ۋە سولتى ئۆگەنگۈچىلەر قاتارىدا ئولتۇرۇشقا قويمايدۇ.

由 扫描全能王 扫描创建

ۋە ئۇگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر، ئەكەبىۇرلۇق قىلىپ ئۇ تەلىماتقا باقمىغان ۋە مەن ئاللا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان ئادەمنىڭ مىسالىدۇر.

## 26) ئىلىمنىڭ كوتىرىلىپ كېتىشى ۋە جاھالەتنىڭ تارىلىشى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئىلىمنىڭ كوتىرىلىپ كېتىشى①، جاھالەتنىڭ يىلتىز تارتىشى، ھاراقلارنىڭ ئىچىلىشى، زىنانىڭ تارىلىشى، ئايالنىڭ كوپىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئازىيىشى ھەتتا ئەللىك ئايالنىڭ بىر ئەر كىشىگە قاراشلىق بولۇشى قىيامەتنىڭ ئالدىن بولىدىغان ئالامەتلىرىدۇر.

## 27) رەسۇلۇللانىڭ ئوز سوزىنى ئۇچ قېتىم تەكرارلايدىغانلىغى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر سوز قىلسا، چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۇچۈن سوزىنى ئۇچ قېتىم تەكرارلايتتى، كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام بەرسە، سالامنى ئۇچ قېتىم تەكرارلايتتى.

---

① ئىلىم ئىلىم ئەھلى بولغانلارنىڭ دىللىرىدىن كوتىرىلىپ كېتىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئولۇپ تۇگىشى بىلەن تۇگەيدۇ، دىگەن مەنىدە.



由 扫描全能王 扫描创建

## 28) سورالغان سوئالغا ئىشارەت قىلىپ جاۋاپ بېرىش توغرىسىدا

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئائىشەنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. مەن كىشىلەرگە نىمە بولدى، دېدىم. ئائىشە ئاسمانغا ئىشارەت قىلدى. بۇ چاغدا كىشىلەر كۇسۇف نامىزى (كۈن تۇتۇلغاندا ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ ئوقۇلىدىغان ناماز. — ت) ئوقۇۋاتقان ئىكەن، ئائىشە سۇبھانالللا، دېدى. مەن كۈننىڭ تۇتۇلۇشى ئازاپنىڭ ئالامىتىمۇ؟ دېدىم. ئائىشە بېشىنى لىڭشىتىپ سوزۇمنى ماقۇللىدى. مەن نامازغا تۇردۇم، بېشىم قېيىپ، كوزۇم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. مەن بېشىمغا سۇ قۇيۇشقا باشلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغ ئاللاغا مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن: ئەقىلگە سىغدىغانلىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا جەننەت بىلەن دەۋزەخنىمۇ مۇشۇ ئورنۇمدا ئوز كوزۇم بىلەن كوردۇم، ماڭا ۋەھيى كەلدىكى، سىلەر قەۋرەڭلاردا دەججالنىڭ پىتنىسىگە ئوخشايدىغان ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان (بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى ئەسما ئوخشايدىغان دىگەن سوز بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان دىگەن سوزنىڭ قايسىسى ئىكەنلىگى ئېسىمدە يوق دەيدۇ) پىتنە بىلەن سىنىلىسىلەر، بۇ ئادەمنى بىلەمسىلەر؟ دەپ سورىلىدۇ. مومىن ئادەم ياكى پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىگىنى تەستىقلىغۇچى (ئەسما بۇ ئىككى سوزنىڭ قايسىسى ئىكەنلىگى ئېسىمدە يوق دەيدۇ) ئادەم: ئۇ بولسا بىزگە موجىزە ۋە ھىدايەت بىلەن كەلگەن ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەددۇر،



由 扫描全能王 扫描创建

بىز ئۇنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشتۇق ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق، ئۇ مۇھەممەددۇر دەپ، بۇ سوزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ، ئۇ ئادەمگە: سەن ياخشى بەندىلەردىن بولغىنىڭ هالدا ئۇخلىغىن، سېنىڭ پەيغەمبەرگە تەستىق قىلىدىغانلىغىڭنى بىز بىلەتتۇق، دېيىلىدۇ. مۇناپىق ياكى پەيغەمبەرگە شەك كەلتۈرگۈچى (ئەسما بۇ ئىككى سوزنىڭ قايىسى ئىكەنلىگى ئېسىمدە يوق دەيدۇ) ئادەم: ئۇقمايمەن، كىشىلەر نىمە دىگەن بولسا، ئاڭلاپ شۇنى دىدىم① دەيدۇ، دىدى.

## 29) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغاننى چاپلىغان ئادەمنىڭ گۇنايى توغرىسىدا

سەلەمە ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى مەن دىمىگەن گەپنى مېنى دىدى دىسە، ئۇ ئادەم ئوزىگە دەۋزەختىن جاي هازىرلىسۇن.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ماڭا يالغاننى چاپلىماڭلار، ماڭا يالغاننى چاپلىغان ئادەم چوقۇم دەۋزەخقە كىرىدۇ②.

---

① بۇ هەدىس قەۋرى ئازاۋىنىڭ هەقلىغىنى ۋە مۇنكىر-نېكىرنىڭ سوراق قىلىدىغانلىغىنى، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شەك كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ كاپىر بولىدىغانلىغىنى بىلدۇرىدۇ.

② بۇ ئۇنىڭ جازاسىدۇر، تەۋبە قىلىپ تۈزەلسە، ئاللا كەچۈرۈش مۇمكىنكى ئاللا، ساڭا تەۋبە قىلدۇق، بىزنى كەچۈرگىن.



由 扫描全能王 扫描创建

## 31) ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم ئۆگىتىشتىكى تارتىنچاقلىق توغرىسىدا

تابىئىنلار (ساھابىلەرنىڭ سوھبىتىدە بولغان ئادەملەر تابىئىن دىيىلىدۇ. ـ ت) دىن بولغان مۇجاھىد ئىبنى جەبىرى: تارتىنچاق ئادەم ۋە تەكەببۇر ئادەم① ئىلىم ئۆگىنەلمەيدۇ، دىگەن. ئائىشە: ئەنسارلار (رەسۇلۇللاغا يار ـ يۆلەك بولغان مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار. ـ ت)نىڭ ئاياللىرى شۇنداق ياخشى ئاياللاردۇركى، دىنىي ئىشلارنى ئۆگىنىۋىلىشتا تارتىنىپ ئولتۇرمايدۇ، دىگەن.

## 32) بىتاھارەت ئوقۇلغان نامازنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىغى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: تاھارەت سۇندۇرغان ئادەم قايتا تاھارەت ئالمىغىچە ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ھەزرىمەۋتلىك بىر ئادەم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن: تاھارەتنىڭ سۇنۇشى دىگەن نىمە؟ دەپ سورىغان ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇنىڭغا ئارقا تەرەپتىن

---

① بۇنداق ئادەم چوڭچىلىق قىلىپ ئىلىم ئۆگىنىش ياكى كوپرەك ئۆگىنىشتىن باش تارتىدۇ، مانا بۇ ـ ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى. شەرىئەت بۇيرۇغان ئىش تەرك ئىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنداق يەردىكى تارتىنچاقلىق ياخشى ئەمەس.

كەلگەن يەلنى قويۇپ بېرىش دەپ جاۋاپ بەردى.

## 33) تاھارەت ئېلىشنىڭ پەزىلىتى، تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن چىراي، قول-پۇتلارنىڭ نۇرانە بولۇشى توغرىسىدا

نۇئەيم مۇجمىر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە مەسچىتنىڭ ئوگزىسىگە چىققان ئىدىم، ئەبۇ ھۇ-رەيرە بۇ يەردە تاھارەت ئېلىپ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن چىرايلىرى، قول-پۇتلىرى نۇرانە بولغان ھالدا چاقىرىلىدۇ، سىلەردىن كىمكى ئۆزىدىكى نۇرانىلىقنى كېڭەيتەلىسە، كېڭەيتسۇن، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى.

## 34) تازا ئىشەنچ قىلمىغىچە كۆڭلىگە شەك كېلىپ قېلىش بىلەن تاھارەتنىڭ سۇنمايدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبباد ئىبنى تەمىم تاغىسى ئابدۇللا ئىبنى زەيددىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناماز ئوقۇۋېتىپ يەل چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدىغان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاۋازنى ئاڭلىغانغا ياكى بوينى پۇرىغانغا قەدەر نامىزنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن، دېگەن.

由 扫描全能王 扫描创建

## 35) تام ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بولمىغان شارائىتتا قىبلىگە قاراپ چوڭ-كىچىك تەرەت قىلماسلىق توغرىسىدا

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەر چوڭ تەرەت قىلغان چېغىڭلاردا، قىبلىگە ئالدىڭلارنىمۇ قىلماڭلار، ئارقاڭلارنىمۇ قىلماڭلار، شەرققە ياكى غەرپكە قاراپ قىلىڭلار①.

## 36) تەرەت قىلغاندا ئەۋرەتنى ئوڭ قول بىلەن تازىلىماسلىق توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ قەتادە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەر سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچكەندە قاچىغا تىنىپ ئىچمەڭلار، ھاجەتخانىغا كىرگەندە ئەۋرەتىڭلارنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن تۇتماڭلار ۋە ئوڭ قولۇڭلار بىلەن تازىلىماڭلار.

## 37) تاھارەت ئالغاندا ئەزالارنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش توغرىسىدا

ئەتا ئىبنى يەزىد رىۋايەت قىلىدۇكى، ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ

① مەدىنە خەلقى ۋە قىبلىسى مەدىنە خەلقىنىڭكىگە ئوخشايدىغانلار ئۈچۈن شۇنداق. ئەمما قىبلىسى شەرق ياكى غەرپ تەرەپكە كېلىدىغانلار تەرەت سۇندۇرغاندا جەنۇپ تەرەپكە ياكى شىمال تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇشى كېرەك.



由 扫描全能王 扫描创建

ئازاتگەردىسى ھۇمران ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ مۇنداق تاھارەت ئالغانلىغىنى كورگەن: ئوسمان ئىبنى ئەففان بىر قاچا سۇ سوراپ، ئۇنى ئىككى ئالقىنىغا قۇيۇپ ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىمدىن يۇدى، ئاندىن كېيىن ئوڭ قولىنى قاچىغا سېلىپ سۇ ئېلىپ، ئاغزىغا ۋە بۇرنىغا سۇ ئالدى، ئاندىن كېيىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى ۋە ئىككى بىلىكىنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن بېشىغا مەسھى قىلدى. ئاندىن كېيىن ئىككى پۇتىنى ئىككى ئوشۇغى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى مەندەك مۇشۇنداق تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، نامىزىدا دۇنيا مەشغۇلاتلىرىنى ئويلىمىسا، ئۇنىڭ ئوتكەنكى گۇنالىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دىگەن، دىدى.

## 38) تاھارەتتە بۇرۇنغا سۇ ئېلىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: تاھارەت ئالغان ئادەم بۇرنىغا سۇ ئالسۇن، چوڭ تەرەتتىن كېيىن چالما تۇتقان ئادەم تاق تۇتسۇن.

## 39) تاھارەتتە ۋە غەسلدە ئوڭدىن باشلاش توغرىسىدا

ئۇممى ئەتىيە رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى زەينەپ غەسلى قىلىنىدىغان چاغدا، ئۇممى ئەتىيەگە ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىغا مۇنداق دىگەن: زەينەپنى ئوڭدىن. تاھارەت



由 扫描全能王 扫描创建

ئالدىغان ئەزالىرىدىن باشلاپ غەسلى قىلىڭلار.

## 40) ئىت چىپىلاپ قويغان قاچا توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: قاچاڭلارغا ئىت چىپىلاپ قويسا، ئۇنى يەتتە قېتىم يۇيۇڭلار①.

## 41) مەسچىتتە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بەندە مادامىكى مەسچىتتە نامازنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا، ئۇنىڭغا ناماز ئىچىدە تۇرغاندەك ساۋاپ بولىدۇ.

## 42) قاچىغا قولنى سېلىپ تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قاچا سۇ تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئالدىغا ئىچىدە ئازراق سۇيى بار ئاغزى كەڭ بىر قاچا كەلتۈرۈلدى، ئۇ بارماقلىرىنى سۇنىڭ ئىچىگە سالدى. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇ چاغدا سۇغا قارىدۇىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرىنىڭ

---

① ئىت قاتتىق نىجىس بولغانلىقتىن، ئۇ چىپىلاپ قويغان قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇش كېرەك.



由 扫描全能王 扫描创建

ئارىسىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مۆلچەرىمچە، شۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالغانلارنىڭ سانى 70 — 80 كىچە بار ئىدى.

## 43) ھاجەت قىلغاندىن كېيىن چالمىنى تاق تۇتۇش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر تاھارەت ئالغان چېغىڭلاردا بۇرنۇڭلارغا سۇ ئېلىپ ئوبدان چايقاڭلار، ھاجەت قىلغاندىن كېيىن چالمىنى تاق تۇتۇڭلار، ئۇيقۇدىن ئويغانغان چېغىڭلاردا قولۇڭلارنى تاھارەت ئالىدىغان سۇغا سېلىشتىن بۇرۇن يۇيۇڭلار، چۈنكى ئۇخلىغان چېغىڭلاردا قولۇڭلارنىڭ قەيەردە بولغانلىقىنى بىلمەيسىلەر.

## 44) ئۇيقۇدىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر ناماز ئوقۇۋېتىپ مۈگدەپ قالساڭلار، بىرىپ ئۇيقۇڭلار تۈگىگىچە ئۇخلاڭلار، چۈنكى مۈگدەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇساڭلار، ئىستىغفار ئېيتىتىم دەپ ئۆزەڭلارغا بەد دۇئا قىلىپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن.

## 45) سۈيدۈك تېگىپ كېتىشتىن ساقلانماسلىقنىڭ چوڭ گۇنا ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەدىنىدىمۇ ياكى مەككىدىمۇ، بىر خورمىلىق باغنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قەۋرىلىرىدە ئازاپ چېكىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئۇلار چوڭ ئىشتىن ئازاپ چېكىۋاتقىنى يوق، دەپ بولۇپ، دۇرۇس، گۇنايى چوڭ بولغان ئىشلار تۈپەيلىدىن ئازاپ چېكىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ سۈيدۈگىنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ساقلانمايتتى، يەنە بىرى بولسا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سۆخەنچىلىك قىلاتتى، دېدى. ئاندىن خورما دەرىخىنىڭ بىر شېخىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى ئوشتۇپ ئىككى پارچە قىلىپ ئىككى قەۋرىنىڭ ئۈستىگە بىردىن سانچىپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغۇچىغا: بۇ شاخلار قۇرۇپ قالغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئازاۋىنى يېنىكلىتىپ تۇرۇشى مۇمكىن، دېدى.

## 46) سېرىق مايغا ياكى سۇغا چۈشۈپ قالغان نىجىس نەرسە توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەيمۇنەدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن سېرىق مايغا چۈشۈپ قالغان چاشقان توغرىلىق سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: چاشقاننى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ، چاشقان چۈشكەن يەرنىڭ چۆرىسىنى ئېلىۋېتىپ، سېرىق مېيىڭلارنى يەۋەرسەڭلار بولىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى.

## 47) تاھارەت بىلەن ياتقان ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دىگەن: ياتىدىغان چېغىڭدا نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغىن، ئاندىن ئوڭ تەرىپىڭنى بېسىپ يېتىپ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغىن: "ئى ئاللا، ئۆزەمنى ۋە ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، سېنىڭ ساۋابىڭنى ئىزدەپ، ئازاۋىڭدىن قورقۇپ، ساڭا ئىلتىجا قىلىپ يولەندىم، سەندىن بولەك پاناگايىم ۋە نىجاتكارىم يوق. ئى ئاللا، سېنىڭ نازىل قىلغان كىتاۋىڭغا ۋە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم." ئەگەر سەن مۇشۇ كېچە قازا تاپىدىغان بولساڭ، ئىمان بىلەن كېتىسەن. يۇقۇرقى دۇئا شۇ كۈنكى ئاخىرقى سوزۇڭ بولۇپ قالسۇن.

## 48) يالىڭاچ يۇيۇنغان ئادەم توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ يۇيۇنۇۋاتقاندا ئۈستىگە بىر ئالتۇن چىكەتكە چۈشتى، ئۇ ئۇنى ئېلىپ كيىمىنىڭ ئىچىگە سالدى، ئاللا ئۇنىڭغا: ئى ئەييۇب، سېنى بۇ ئالتۇن چىكەتكىدىن بىھاجەت قىلمىدىممۇ؟ دەپ توۋلىدى. ئەييۇپ: رەببىم، سېنىڭ ئۇلۇغلۇغۇڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ ئېيتقىنىڭ راست، ئەمما مەن سېنىڭ پەزلىڭدىن بىھاجەت ئەمەسمەن، دىدى.

## 49) جۇنۇپ تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ئۇخلاش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام جۇنۇپ تۇرۇپ ئۇخلىماقچى بولسا، ئەۋرىتىنى يۇيۇپ ۋە نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىپ ئاندىن ئۇخلايتتى.

## 50) ھەيزدار ئايالنىڭ ئېرىنىڭ بېشىنى يۇيۇپ ۋە تاراپ قويۇشى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەيز كۆرۈپ تۇرغان چېغىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ چېچىنى تاراپ قوياتتىم.

## 51) ھەيزدار ئايالغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ھەيز كۆرۈپ تۇرغان چېغىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مېنىڭ مەيدەمگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇيتتى.

## 52) ھەيزدار ئايالنىڭ روزا تۇتماسلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قۇربان ھېيتمۇ ياكى روزى ھېيتمۇ، بىر قېتىم ھېيت نامىزىغا چىقتى، ھېيت نامىزىغا كەلگەن ئاياللارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: ئى ئاياللار جامائەسى، سەدىقە قىلىڭلار؛ چۈنكى

مەن سىلەرنىڭ دەۋزەخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغانلى-
غىڭلارنى كۆردۈم، دېدى. ئاياللار نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئى رەسۇلۇللا؟
دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەر تولا قاغايسىلەر،
ئەرلىرىڭلاردىن كۆرگەن ياخشىلىقنى بىلمەيسىلەر، ئۆزىنى
تۇختىتىۋالغان ئەر كىشىنىڭ بېشىنى سىلەردىنمۇ بەك ئايلاندۇ-
رىدىغان، سىلەردىنمۇ ئەقلى قىسقا ۋە دىنى كەمتۈك ئادەملەرنى
كۆرمىدىم، دېدى. ئۇلار بىزنىڭ ئەقلىمىزنىڭ قىسقىلىغى، دىنىمىزنىڭ
كەمتۈكلۈگى قانداق ئى رەسۇلۇللا؟ دەپ سورىدى: پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام: ئاياللارنىڭ گۇۋالىغى ئەرلەرنىڭ گۇۋالىغىنىڭ يېرىمىغا
تەڭ ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئاياللار راست شۇنداق دېيىشتى. رەسۇلۇللا:
ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىنىڭ قىسقىلىغىنى كۆرسىتىدۇ، ئاياللار ھەيز
كۆرگەن چاغلىرىدا ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ ئەمەسمۇ؟ دېدى.
ئاياللار راست شۇنداق دېيىشتى، رەسۇلۇللا: ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ
دىنىنىڭ كەمتۈكلۈگىنى كۆرسىتىدۇ، دېدى.

## 53) ھەيزدىن پاك بولغان ئايالنىڭ غۇسلى قىلغان چاغدا خۇش پۇراق ئىشلىتىشى توغرىسىدا

ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
ئېرى ئۆلگەن ئايال توت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتقاندىن تاشقىرى،
ئۆلگەن ئادەمگە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشتىن مەنئى قىلىنغان
ئىدۇق، سۈرمە تارتىشتىن، خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن،
يەمەننىڭ رەختىدىن ئىشلەنگەن كىيىملەردىن باشقا رەڭدار كىيىملەرنى
كىيىشتىن مەنئى قىلىنغان ئىدۇق. ھەيزدىن پاك بولۇپ غۇسلى



由 扫描全能王 扫描创建

قىلغان چېغىمىزدا ئازراق خۇش پۇراق ئىستىمال قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىدۇق، جىنازىلەرگە ئەگىشىپ مېڭىشتىن مەنئى قىلىنغان ئىدۇق.

## 54) قوساقتىكى بالىنىڭ يارىلىش جەريانى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاتائالا بالىغا قوساقتىكى چېغىدىلا بىر پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ، پەرىشتە: ئى رەببىم، بۇ ئابى مەنىدۇر، ئى رەببىم، بۇ ئۇيۇل قاندۇر، ئى رەببىم، بۇ بىر پارچە گوشتۇر، دەيدۇ، ئاللاتائالا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تولۇق ياراتماقچى بولغاندا، پەرىشتە: بۇ بالا ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟ ساڭا ئاسىلىق قىلامدۇ، ئىتائەت قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ رىزقى ۋە ئۆمرى قانچىلىك بولىدۇ؟ دەپ ئاللادىن سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقۇرىدىكىلەر بالا ئانىسىنىڭ قوسىغىدىكى چېغىدىلا پېشانىسىگە پۈتۈلىدۇ.

## 55) قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مەن مۇشرىكلار تاكى بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق دەپ ئېيتقانغا قەدەر① ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەمر قىلىندىم. مۇشرىكلار شۇنداق دەپ ئېيتقان،

① مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى دىگەننى قوشۇپ ئېيتىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

نامازنى بىزدەك ئوقۇغان، بىزنىڭ قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈرگەن، ماللارنى بىزدەك بوغۇزلاپ يېگەن چاغلاردا، ئۇلارنىڭ جانلىرىغا، ماللىرىغا ناھەق چېقىلىش بىزگە ھارام قىلىندى. ئۇلاردىن ھېساپ ئېلىش ئاللانىڭ ئىشى.

## 56) نامازغا تۇرغاندا سەپراس بولۇپ تۇرۇش توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز ناماز ئوقۇشقا ھازىر بولۇپ تۇرغان ئىدۇق، رەسۇلۇللا بىزگە قاراپ، سەپتە رۇس ۋە بىر بىرىڭلارغا يېقىن تۇرۇڭلار، سىلەرنى مەن ئارقامدىن كورۇپ تۇرىمەن دىگەن.

## 57) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىمىننىڭ ھەممە يېرى ماڭا سەجدە قىلىشقا بولىدىغان جاي قىلىندى دىگەن سۆزى توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللا مەندىن بۇرۇن ھىچ بىر پەيغەمبەرگە بەرمىگەن بەش تۇرلۇك ئالاھىدىلىكنى ماڭا ئاتا قىلدى، بىر ئايلىق مۇساپە نېرىسىدىكى دۇشمەنلىرىمنىڭ كوڭلىگە ئاللا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ماڭا نۇسرەت بەردى؛ زىمىننىڭ ھەممە يېرى ماڭا سەجدە قىلىش دۇرۇس بولىدىغان جاي ۋە تۇپرىغى پاك قىلىپ بېرىلدى؛ مېنىڭ ئۇممىتىمدىن ھەرقانداق ئادەم قەيەردە نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە شۇ يەردە نامازنى ئوقۇۋەرسۇن؛ دۇشمەندىن

ئېلىنغان غەنىمەتلەر ماڭا ھالال قىلىپ بېرىلدى، مەندىن ئىلگىرىكى ھېچبىر پەيغەمبەرگە غەنىمەت ھالال قىلىنمىغان ئىدى؛ قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندىم. پەيغەمبەرلەر پەقەت ئۆز خەلقلىرىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى، مەن بولسام پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم.

## 58) مەسچىتتە تاھارەتنىڭ سۇنۇپ كېتىشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ناماز ئوقۇغان جايىدا تاھارىتى سۇنمىغان ھالدا تۇرغان ئىكەن، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ: "ئى ئاللا، ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللا، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن" دەيدۇ.

## 59) مەسچىتتە قەيەر توغرا كەلسە، شۇ يەردە ئولتۇرۇش توغرىسىدا

ئەبۇ ۋاقىد لەيسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە تۇرغان چاغدا ئۈچ ئادەم كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى رەسۇلۇللا تەرەپكە يۈزلەندى، بىرسى كېتىپ قالدى. رەسۇلۇللا تەرەپكە يۈزلەنگەنلەرنىڭ بىرسى بىر بوش جاينى كۆرۈپ شۇ يەردە ئولتۇردى، يەنە بىرسى كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. كېتىپ قالغان بىرسى ئۇدۇل چىقىپ



由 扫描全能王 扫描创建

كەتتى. رەسۇلۇللا بىكار بولغاندىن كېيىن①، جامائەتكە: سىلەرگە بوش جايدا يۇقۇرىدىكى ئۈچ ئادەمنىڭ هالىدىن خەۋەر بېرەي: ئاللا ئۇنىڭغا جاي بەردى، ئارقىدا ئولتۇرغان ئادەم جامائەتنى قىستاشنى خوپ كورمىدى، ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلدى، كېتىپ قالغان ئادەم پەيغەمبەرنىڭ سوھبىتىدىن قاچتى، ئاللا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلدى، دىدى.

## 60) مومىنلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەملىششى توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مومىنلەر ئۆزئارا ھەقىقەتەن ئىمارەتنىڭ كېسەكلىرىگە ئوخشاش بىر بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدۇ.

## 61) نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلغانلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاللانىڭ قايسى ئىشنى ئەڭ ياخشى كورىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ، نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشنى دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدىم، ئاتا-

① خۇتبە ئوقۇشتىن ياكى دىنىي ئىشلارنى تەلىم بېرىشتىن بىكار بولغاندىن كېيىن.



由 扫描全能王 扫描创建

ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى دىدى. ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدىم ئاللانىڭ يولىدا غازات قىلىشنى دىدى.

## 62) بەش ۋاق نامازنىڭ گۇناغا كاپارەت بولىدىغانلىغى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەردىن بىر كىشىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ئۇستەڭ بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭدا كۈنىگە بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ دىگەنلىگىنى، ساھابىلەرنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر دىگەن نەرسە قالمايدۇ دىگەنلىگىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەش ۋاق ناماز ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئاللا ئۇلار ئارقىلىق گۇنالارنى① كەچۈرىدۇ دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان.

## 63) ئەسرى نامىزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

جەرىر بەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر كېچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولغان ئىدۇق، ئۇ ئاسماندىكى ئايغا قاراپ تۇرۇپ: سىلەر رەببىڭلارنى خۇددى مۇشۇ ئاينى كۆرگەندەك ھىچقانداق توسالغۇسىز ئوچۇق-ئاشكارا كۆرىسىلەر، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى

① كىچىك گۇنالارنى.

ئوقۇلىدىغان نامازنى (بامىدات نامىزى بىلەن ئەسىرى نامىزى كوزدە تۇتۇلىدۇ. — ت) ئىمكانىيىتىڭلار بىلەن ئوقۇڭلار، دېدى، ئاندىن كېيىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: "كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭگە ھەمدى بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن" (سۈرە قاف، 39 - ئايەت. — ت)

## 64) نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەزان ئېيتىش توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى قەتادە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەر قىلغان ئىدۇق، ئارىمىزدىن بىرەيلەن: ئى رەسۇلۇللا، بىر يەرگە چۈشۈپ، بىزنى ئارام ئالدۇرساڭ بولاتتى، دېدى. رەسۇلۇللا، سىلەرنىڭ نامازغا ئويغىنالماسلىقىڭلاردىن قورقىمەن، دېدى. بىلال، مەن سىلەرنى ئويغىتىمەن، دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇخلاپ قالدى. بىلالمۇ ئۇلىغىغا يۆلىنىپ مۈگدەپ ئۇخلاپ قالدى. كۈن چىقىۋاتقان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويغىنىپ: ھوي بىلال، قىلغان سوزۇڭ قېنى؟ دېدى. بىلال، ھېچقاچان مۇنداق ئۇخلاپ كەتمىگەن ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللا سىلەرنىڭ روھىڭلارنىڭ بەدىنىڭلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى خالىغان چاغدا ئۈزۈپ قويىدى ۋە خالىغان چاغدا ئەسلىگە كەلتۈردى. ھەي بىلال، تۇرغىن، ئەزان ئېيتىپ كىشىلەرنى نامازغا چاقىرغىن، دېدى. رەسۇلۇللا تاھارەت ئالدى. كۈن چىقىپ ئاقارغاندا كىشىلەر بىلەن ناماز بامداتنى ئوقۇدى.

## 65) جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈگى توغرىسىدا

ھەسەن بەسرى، ئەگەر ئانام ماڭا كويۇنۇش يۈزىسىدىن خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشتىن مېنى توسىدىغان بولسا. ئانامغا ئىتائەت قىلمايتتىم، دىگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مەن ئۆيلىرىدە بولغان ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئوتۇنغا بۇيرۇسام ئوتۇن يىغىپ كېلىنسە، ئاندىن ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇسام ئەزان ئېيتىلسا. ئاندىن بىر كىشىنى بۇيرۇسام كىشىلەرگە ئىمام بولسا. ئاندىن ناماز ئوقۇۋاتقانلارنى قالدۇرۇپ، نامازغا كەلمىگەنلەرنىڭكىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى كويدۇرۇپ تاشلىسام دەيمەن.

## 66) جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان: جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز يەككە ئوقۇلغان نامازدىن يىگىرمە بەش ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مەسچىتنىڭ ئارىلىغى قانچە يىراق بولسا،



由 扫描全能王 扫描创建

شۇ يەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇغانلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، ئىمام بىلەن بىللە ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئېرىشكەن ساۋابى نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇخلىغان ئادەمنىڭ① ئېرىشكەن ساۋابىدىن چوڭراق بولىدۇ.

## 68) پېشىن نامىزىنى دەسلەپكى ۋاقتىدا ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم يولدا كېتىۋاتاتتى، يول ئۈستىدە تۇرغان تىكەنلىك بىر تال شاخنى كۆرۈپ، ئۇنى يولدىن ئېلىۋەتتى، ئاللاتائالا ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇ ئادەمنى مەغپىرەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاندىن مۇنداق دېدى: بەش تۈرلۈك ئادەم شەھىت ھېسابلىنىدۇ: ۋابا بىلەن ئۆلگەن ئادەم، قوساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلگەن ئادەم، سۇدا ئېقىپ ئۆلگەن ئادەم، تام بېسىۋېلىپ ئۆلگەن ئادەم، ئاللانىڭ يولىدا شەھىت بولۇپ ئۆلگەن ئادەم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: ئەگەر كىشىلەر ئەزان ئېيتىشنىڭ ۋە ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، بۇنىڭغا پەقەت چاك تاشلاش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدىغان بولسىمۇ، ئۇلار چوقۇم چاك تاشلاشقا ئالدىرىغان بولاتتى. ئەگەر كىشىلەر پېشىن نامىزىنى

① ئىختىيار قىلىنغان ۋاقتىدا يالغۇز ئوقۇغان ياكى نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىن ۋاقتىدا كىرىپلا ئىمام بىلەن بىللە ئوقۇغان ئادەم.



由 扫描全能王 扫描创建

ئالدىنقى ۋاقتىدا ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئۇنىڭغا ئالدىرىشاتتى. ئەگەر ئۇلار خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار مەسچىتكە ئومىلەپ بولسىمۇ چوقۇم كېلەتتى.

## 69) مەسچىتلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ئاللا سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى ئاللا يەتتە تۈرلۈك ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئەرشى ئاستىدا سايىدىتىدۇ، ئۇلار بولسا ئادىل پادىشا، پەرۋەردىگارى ئاللانىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن يىگىت، ئەس-يادى ھەمىشە مەسچىتتە بولىدىغان ئادەم، دەرقەمتە بولغانىدىمۇ، دەرقەمتە بولمىغاندىمۇ ئاللا ئۈچۈن دوست بولۇشقان ئادەملەر، ئىسىل ۋە چىرايلىق بىر ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، خۇدادىن قورقىمەن دەپ ئۇنى رەت قىلغان ئادەم، ھەتتا ئوڭ قولى بىلەن بەرگەننى سول قولى تۇيمايدىغان دەرىجىدە مەخپى سەدىقە بەرگەن ئادەم، خالى جايدا ئاللانى ياد ئېتىپ كوزىدىن ياش توككەن ئادەم.

## 70) ناماز ۋاقتىدا غىزا تەييار بولۇپ قالسا قانداق قىلىش توغرىسىدا

ھىشام ئىبنى ئۇرۇۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: نامازشام

ۋاقتىدا كەچلىك ئىزا تەييار بولۇپ قالسا، ئاۋال ئىزانى يەۋېلىڭلار.

### 71) ناماز ئوقۇۋاتقاندا كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ قانداق قىلىشى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ناماز ئوتەۋاتقاندا كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ قالغان ئادەم تەسبىھ ئېيتسۇن.

### 72) ئاجىزلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مىنى ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەر ئىچىدىن تېپىڭلار، چۈنكى سىلەرگە ھەقىقەتەن شۇ ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرەكاتىدىن رىزقى بېرىلىدۇ، دىگەن.

### 73) رۇكۇ ياكى سەجدىدە ئىمامدىن بۇرۇن بېشىنى كوتەرگەن ئادەمنىڭ گۇنايى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەردىن بىرىڭىز بېشىنى ئىمامدىن بۇرۇن كوتەرسە، ئۇ ئاللانىڭ ئۇنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىدەك مۇبەددەل قىلىپ قويۇشىدىن قورقمامدۇ دىگەن ياكى سۇرىتىنى ئېشەكنىڭ سۇرىتىدەك مۇبەددەل قىلىپ قويۇشىدىن قورقمامدۇ، دىگەن.

由 扫描全能王 扫描创建

## 74) قۇلنىڭ ۋە ئازات قىلىنغان قۇلنىڭ ئىمام بولۇشى توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئەگەر سىلەرگە قارا قۇل باشلىق بولغان① ھالەتتىمۇ، سىلەر ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.

## 75) ئىمام بولغان ئادەمنىڭ نامازنى يەڭگىل ئوقۇشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىشى كىشىلەرگە ئىمام بولغاندا، نامازنى يەڭگىل ئوقۇسۇن، چۈنكى جامائەت ئىچىدە ئاجىز، كېسەل، ياشانغان ۋە ئىش-كۈشى بار ئادەملەر بولىدۇ، ئۆزەڭلار نامازنى يالغۇز ئوقۇغاندا، خالىغىنىڭلارچە ئۇزۇن ئوقۇساڭلار بولىۋېرىدۇ.

## 76) ناماز ئوقۇغاندا سەپتە رۇس تۇرۇش توغرىسىدا

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

① ئەگەر سىلەرگە قۇل ھاكىم بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار دىگەن مەنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قۇللار سىلەرگە ئىمام بولۇپ توغرا ئوقۇسا، سىلەر ساۋاپ تاپىسىلەر، ئۇلار خاتا ئوقۇسا، گۇنايى ئۆزىگە بولىدۇ، سىلەر ساۋاپ تېپىۋېرىسىلەر دىگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ناماز ئوقۇغاندا سەپتە رۇس تۇرۇشۇڭلار كېرەك، ئۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللا سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا تەپرىقە سېلىپ قويىدۇ.

## 77) نامازغا قۇلاق قاققاندىن كېيىن نىمە ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا قۇلاق قاققاندىن كېيىن، قىرائەت ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئازىلىقتا بىرئاز توختىۋېلىپ مۇنۇنى ئوقۇيتتى: "ئاللاھۇممە بائىد بەينى ۋە بەينە خاتايايە، كەمابائەدتە بەينەلمەشرىقى ۋەلمەغرىبى، ئاللاھۇممە نەققىنى مىنەلخاتايا كەما يۇنەققەسسەۋبۇل ئەبيەزۇ مىنەددەنەسى، ئاللاھۇممەغسىل خاتايايە بىلمائى ۋەسسەلجى ۋەلبەرەدى."
(ئى ئاللا، مەن بىلەن مېنىڭ خاتالىقلىرىمىنىڭ ئارىلىغىنى شەرق بىلەن غەرپنىڭ ئارىلىغىدەك يىراق قىلغىن، ئى ئاللا، مېنى خاتالىقلاردىن ئاق كىيىمنى كىردىن تازىلىغاندەك تازىلىغىن، ئى ئاللا، مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى سۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە تولا بىلەن تازىلىغىن.)

## 78) نامازدا تۇرۇپ ئاسمانغا قاراش توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىشىلەر نامازدا تۇرۇپ نىمىشقا ئاسمانغا قارايدۇ؟ ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق قىلمىسۇن، ئۇنداق

قىلدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كور بولسۇن.

## 79) نامازدا تۇرۇپ ئۇڭ-سولغا قاراش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ بۇرۇلۇپ ئوڭ-سولغا قاراش مەسىلىسىنى سورىدىم دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ بولسا بەندىنىڭ نامىزىدىن شەيتاننىڭ ئوغرىلاپ كەتكەنلىگى① بولىدۇ، دىگەن.

## 80) نامازدا سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ئىمامنىڭ ئامىن دىگەن سوزنى ئۈنلۈك ئېيتىشى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئىمام ئامىن دىگەن چاغدا، سىلەرمۇ ئامىن دەڭلار. چۈنكى كىمنىڭ ئامىن دىيىشى پەرىشتىلەرنىڭ ئامىن دىيىشىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئاللا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئىبنى شىھاب ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ئامىن دەيتتى.

---

① بۇنىڭدا ناماز ئوقۇغۇچى ھوزۇر قەلب بىلەن ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

## 81) سەجدە قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب بىلەن ئەتا ئىبنى يەزىد ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، كىشىلەر: ئى رەسۇلۇللا، قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەمدۇق؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: بۇلۇتسىز ئاسماندا ئون تۆت كۈنلۈك ئاينى كۆرۈشتىن گۇمانلىنامسىلەر؟ دىدى. كىشىلەر: گۇمانلايمىز، ئى رەسۇلۇللا، دەپ جاۋاپ بەردى. رەسۇلۇللا: بۇلۇتسىز ئاسماندا كۈننى كۆرۈشتىن گۇمانلىنامسىلەر؟ دەپ سورىدى. كىشىلەر: ياق، دەپ جاۋاپ بەردى. رەسۇلۇللا مۇنداق دىدى: رەببىڭلارنى شۇنىڭغا ئوخشاش ئېنىق كۆرىسىلەر، ئاللاتائالا: كىم نىمىگە ئىبادەت قىلغان بولسا، شۇنىڭغا ئەگەشسۇن، دەيدۇ. بۇ چاغدا بەزىلەر قۇياشقا ئەگىشىدۇ، بەزىلەر ئايغا ئەگىشىدۇ. بەزىلەر بۇتقا ئەگىشىدۇ. پەقەت مېنىڭ ئۇممىتىملا قېلىپ قالىدۇ، بۇ ئۇممەتنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ مۇناپىقلىرىمۇ بىللە قالىدۇ، بۇ چاغدا ئاللا بۇ ئۇممەتكە ئۆزىنىڭ شەكلىدىن باشقا شەكىلدە كۆرۈنۈپ: مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن، دەيدۇ. ئۇلار: تاكى رەببىمىز بىزنىڭ ئالدىمىزغا يېتىپ كەلگەنگە قەدەر مۇشۇ جايىمىزدا تۇرىمىز، رەببىمىز كەلگەندە ئۇنى بىز تونۇيمىز، دەيدۇ. ئۇلارغا ئاللا ئۆز شەكلىدە كۆرۈنۈپ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار ئاللانى تونۇپ: سەن بىزنىڭ رەببىمىز، دەيدۇ، ئاللا ئۇلارنى چاقىرىدۇ. دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆۋرۈك سېلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدىن مەن ئۇممىتىمنى ئېلىپ ئەڭ ئالدىدا سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىمەن. بۇ يەردە پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ ئادەم سۆز قىلمايدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەرلەرنىڭ سوزلىرىمۇ. ئى ئاللا. خالايىقنى ئامان قىلغىن، دىگەندىن ئىبارەت بولىدۇ، دەۋزەختە قامغاقـقا ئوخشاش قارماقلار بار. سىلەر قامغاقنى كورگەنمىدىڭلار؟ ساھابىلەر: ھەئە، كورگەن دىيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلار قامغاققا ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇ قارماقلارنىڭ چوڭلۇغىنى ئاللادىن باشقا ھىچكىم بىلمەيدۇ. قارماقلار كىشىلەرنى قارماپ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قاراپ، بەزىلىرىنى ھالاك قىلىپ تاشلايدۇ، بەزىلىرىنى قىيما-چىما قىلىپ تاشلايدۇ، ئاندىن ئۇلار قايتا تىرىلدۇرۇلىدۇ. ئاللاتائالا ئەھلى دەۋزەخ ئىچىدىن خالىغانلارغا رەھمەت قىلماقچى بولسا، ئوزىگە ئىبادەت قىلغانلارنى دەۋزەختىن ئېلىپ چىقىشقا پەرىشتىلەرنى بۇيرۇيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىكى سەجدە ئىزلىرىدىن ئاللاغا ئىبادەت قىلغانلىغىنى تونۇپ، ئۇلارنى دەۋزەختىن ئېلىپ چىقىدۇ. ئاللا سەجدىنىڭ ئىزىنى① دەۋزەخنىڭ كويدۇرۇشىدىن ساقلايدۇ، ئۇلار دەۋزەختىن قۇتۇلىدۇ. ئىنساننىڭ سەجدە قىلغان ئەزالىرىدىن باشقا ھەممە ئەزاسى دەۋزەختە كويىدۇ، ئۇلار دەۋزەختىن چىققان چېغىدا، دەۋزەختە كويۇپ قارىداپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇلار ئابى ھايات بىلەن يۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەزالىرى، خۇددى كەلكۈننىڭ لاتقىلىرىدا ئوت-چوپلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى ئونۇپ چىققاندەك، تېز ئونۇپ چىقىدۇ. ئاندىن ئاللا بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھوكۇم چىقىرىشتىن پارىغ بولىدۇ. ئۇ چاغدا جەننەت بىلەن دەۋزەخنىڭ ئارىسىدا بىر ئادەم قېلىپ قالىدۇ، بۇ ئادەم جەننەتكە كىرىدىغان

---

① يەتتە ئەزا ياكى يالغۇزلا پېشانە كوزدە تۇتۇلىدۇ. يەتتە ئەزا: پېشانە، ئىككى قول، ئىككى تىز، ئىككى پۇتنىڭ بارماق ئۇچىدىن ئىبارەت.



由 扫描全能王 扫描创建

دەۋزەخ ئەھلىنىڭ ئاخىرقىسى بولىدۇ. ئۇ ئادەم دەۋزەخ تەرەپكە
يۈزلىنىپ تۇرۇپ: ئى رەببىم، دەۋزەخنىڭ بويى مېنى زەھەرلىدى،
يالقۇنى مېنى كۆيدۈردى، مېنىڭ يۈزۈمنى دەۋزەختىن يىراق قىلساڭ،
دەيدۇ. ئاللا ئۇنىڭغا: بۇ تەلىۋىڭ ئورۇندالسا، بەلكىم باشقىنى
سورارسەن، دەيدۇ. ئۇ ئادەم: ئى ئاللا، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن
قەسەم قىلىمەنكى، باشقىنى سورىمايمەن، دەپ ئاللاغا نۇرغۇن ۋەدە-
قەسەملەرنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنى دەۋزەختىن يىراق
قىلىدۇ. ئۇنى جەننەتكە يۈزلەندۈرگەندە، ئۇ جەننەتنىڭ گۈزەللىكىنى
كۆرۈپ، خېلى ۋاقىتقىچە جىم تۇرىدۇ، ئاندىن: ئى رەببىم، مېنى
جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ بارساڭ، دەيدۇ. ئاللا ئۇنىڭغا:
سورىغان نەرسەڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ۋەدە-قەسەملەر بەرگەن
ئەمەسمىدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ: ئى رەببىم، مەن سېنىڭ ئەڭ شەقى
بەندەڭ بولمىغايمەن، دەيدۇ. ئاللا ئۇنىڭغا: ئەگەر سورىغان نەرسەڭ-
نى بەرسەم، بەلكىم يەنە باشقىنى سورارسەن، دەيدۇ. ئۇ: ياق،
رەببىم، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا
نەرسە سورىمايمەن، دەپ ئاللاغا نۇرغۇن ۋەدە-قەسەملەرنى بېرىدۇ.
ئاللا ئۇنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ جەن-
نەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ، جەننەتنىڭ ئىچىدىكى گۈل-
چېچەكلەرنى، گۈزەللىكىنى ۋە شات-خۇراملىقىنى كۆرۈپ،
خېلى ۋاقىتقىچە جىم تۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن: ئى رەببىم، مېنى
جەننەتكە كىرگۈزگىن، دەيدۇ. ئاللا: ساڭا ئۇۋال ھەي ئادەم
بالىسى، نېمە دېگەن گېپىڭدە تۇرمايدىغان ئادەمسەن، ئورۇندالغان
تەلىۋىڭدىن باشقا نەرسىنى سورىمايمەن، دەپ ۋەدە-قەسەملەرنى
بەرمەپمىدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ: ئى رەببىم، مېنى ئەڭ شەقى بەندەڭ

由 扫描全能王 扫描创建

قىلىپ قويمىغىن، دەيدۇ. ئاللا ئۇنىڭ ھالىدىن كۈلىدۇ①. ئاندىن ئاللا ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: ئارزۇ-ئارمانلىرىڭنى دېگىن، دەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئېيتىپ بولغان چاغدا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا پالانى-پالانى ئارزۇلىرىڭنى دېگىن دەپ، ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەسلىتىپ ئۇتىدۇ. ئۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكەندە، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا: ئېيتقان ئارزۇ-ئارمانلىرىڭغا يەتكۈزىمەن ۋە ئۇنىڭغا بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىمەن، دەيدۇ.

## 82) سەجدىدە تۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىش ۋە دۇئا ئوقۇش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ قىلغان ۋە سەجدە قىلغان چېغىدا قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى② بويىچە: ئى بىزنىڭ رەببىمىز، سېنى پاك دەپ ھېساپلايمىز، سېنى مەدھىيىلەيمىز، ئى ئاللا، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، دەيتتى.

ئائىشە يەنە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىس-

---

① بۇ يەردىكى كۈلۈش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئاللانىڭ رازى بولۇشى ۋە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىشىدىن ئىبارەت.

② سۈرە نەسرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇنۇ ئايەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ: "رەببىڭغا ھەمدى ئېيتىش بىلەن ئۇنى پاك دەپ ھېساپلىغىن ۋە رەببىڭدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن."



由 扫描全能王 扫描创建

سالام نامازنىڭ ئاخىرىدا: ئى ئاللا، ساڭا سىغىنىپ، گور ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ، كەززاپ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پانا تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ ھاياتلىقنىڭ ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پانا تىلەيمەن، ئى ئاللا، ساڭا سىغىنىپ، گۇنادىن ۋە قەرزدارلىق-تىن پانا تىلەيمەن، دەپ دۇئا قىلاتتى①. بىر ئادەم رەسۇلۇللاغا: قەرزدىن ئەجەپمۇ تولا پانا تىلەيسەن دىگەن ئىدى. رەسۇلۇللا: كىشى قەرزدار بولۇپ قالسا، سوزىگە يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قويىدۇ، دىدى.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ماڭا نامىزىمدا ئوقۇيدىغان بىر دۇئا تەلىم بەرسەڭ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇشنى تەلىم بەرگەن: "ئى ئاللا. مەن ئوزەمگە كوپ زۇلۇم قىلدىم، گۇنالارنى سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا كەڭ مەغپىرەت ۋە رەھىم قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە كويۇنگۇچىدۇرسەن."

## 85) نامازدىن كېيىن زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كەمبەغەللەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: بايلار

---

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق دۇئا قىلىشى ئۇممىتىگە تەلىم بېرىش ئۈچۈندۇر. بولمىسا بۇنداق ئىشلاردىن ئۇ پاك ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

پۇل، مال سەرپ قىلىپ، جەننەتنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىكلىرىگە ۋە مەڭگۈلۈك نازۇ-نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ، ئۇلار بىزگە ئوخشاش ناماز ئوقۇيدۇ، بىزگە ئوخشاش روزا تۇتىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇلار-نىڭ بىزدىن ئارتۇقچىلىقى بار، ئۇلار پۇل خەجلەپ ھەج قىلىدۇ، ئۆمرە قىلىدۇ (ھەج ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتتا ھەج پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئۆمرە دېيىلىدۇ. — ت)، جىھاد قىلىدۇ، سەدىقە قىلىدۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرگە شۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيكى، ئەگەر ئۇنى ئورۇنداساڭلار، پۇل خەجلەپ جەننەتنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىكلىرىگە ئېرىشكەن بايلارنىڭ دەرىجىلىرىگە يېتىسە-لەر، سىلەردىن كېيىنكى ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى سىلەرنىڭ دەرىجەڭلارغا ئېرىشەلمەيدۇ، سىلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئادەم-لەرنىڭ ئارىسىدا سىلەر ئەڭ ئەۋزەل ئادەملەر بولۇپ قالىسىلەر، بايلاردىن پەقەت مۇشۇ ئىشنى قىلغان كىشىلەرلا سىلەرنىڭ دەرى-جەڭلارغا يېتەلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەر بىر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا ئاللاغا تەسبىھ، ھەمدى، تەكبىرلەرنىڭ ھەر بىرىنى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ئېيتىشتىن ئىبارەت، يەنى سۇبھانەللا (ئاللانى ھەممە نۇقسانىدىن پاكتۇر)نى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم، ئەلھەمدۇلىللا (جىمى مەدھىيە ئاللاغا مەنسۇپ) نى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم، ئاللاھۇئەكبەر (ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ)نى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم دېيسەڭ، دىدى.

مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنىڭ كاتىبى ۋەرراد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇغىرە ئىبنى شۇئبە مۇئاۋىيىگە ئەۋەتكەن بىر خېتىدە ماڭا مۇنداق يازدۇرغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا: يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق، ئاللانىڭ



由 扫描全能王 扫描创建

شېرىگى يوق، بارچە مەخلۇقات ئاللانىڭ ئىلكىدە، جىمى مەدھىيە ئاللاغا مەنسۇپ، ئاللانىڭ ھەممە نەرسىگە تولۇق قۇدرىتى يېتىدۇ، ئى ئاللا، سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىغى ئەسقاتمايدۇ①، دەيتتى.

## 87) جۈمەگە بېرىشتا خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىش توغرىسىدا

سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنىدە كىشى يۇيۇنۇپ، ئىمكانىيەتىنىڭ يېتىشىچە تازىلىنىپ، ئۆزىنى مايلاپ يا ئۆيىدىكى خۇش پۇراقتىن② ئىستىمال قىلىپ، ئاندىن بېرىپ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى قىستىماستىن، بەلگىلەنگەن نامازلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىمام خۇتبە ئوقۇغىچە جىم تۇرسا، ئاللا ئۇنىڭ بۇ جۈمە بىلەن ئىككىنچى جۈمە ئارىلىغىدىكى گۇنالىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ.

## 88) جۈمە كۈنى مىسۋاك ئىشلىتىش توغرىسىدا ۋە ھەر بىرىڭلار پادىچى ھېساپلىنىسىلەر دېگەن ھەدىس توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

① سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىغى ئەسقاتمايدۇ، بەلكى ئىبادەت ئەسقاتىدۇ.

② بۇنىڭدىن ئۆيدە خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ساقلاشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئۇممىتىمگە ياكى كىشلەرگە (”ئۇممىتىم“ ياكى ”كىشلەر“ دىگەن ئىككى سۆزنىڭ قايسىنىڭ دىيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە ئېنىق قالمىغان) ئېغىرچىلىق تۇغدۇرۇپ قويماي دىمىسەم، ئۇلارنى ھەر بىر نامازدا① مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتىم.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ھەممىڭلار پادىچى ھىساپلىنىسىلەر، ئۆزەڭلارنىڭ پادىسى ئۈچۈن جاۋاپكارلىققا تارتىلىسىلەر، باشلىق② پادىچى ھىساپلىنىپ، ئۆزىنىڭ خەلقى ئۈچۈن جاۋاپكار بولىدۇ. ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدە پادىچى ھىساپلىنىپ③، ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن جاۋاپكار بولىدۇ. ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچى ھىساپلىنىپ④، ئائىلىسى ئۈچۈن

---

① مەيلى پەرز ناماز بولسۇن، نەفلى ناماز بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش، جۈمە نامىزى ئۈچۈن تاشقى ئەزالارنى تازىلاش، خۇش پۇراق نەرسىلەرنى چېچىش تەلەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، زىكرى، مۇناجات ئېيتىدىغان ئەزا — ئېغىزنى تازىلاپ، ئېغىزنىڭ پەرىشتىلەرنى ۋە ئادەملەرنى سەسكىنىدۇرىدىغان بەتبۇيلۇغىنى كەتكۈزۈش تېخىمۇ زۆرۈر.

② باشلىق بولغان ئادەم كىشلەر ئارىسىدا شەرىئەتنىڭ قانۇن-ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك.

③ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يىمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك قاتارلىق خىراجەتلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشى ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك.

④ ئائىلىسىنى ياخشى باشقۇرۇشى، ئېرىنىڭ مال-مۈلكىگە خىيانەت قىلماسلىقى، بالىلىرىغا ئوبدان قارىشى، مىھمانلىرىنى ئوبدان كۈتۈشى ۋە ئېپپەتلىك بولۇشى كېرەك.



由 扫描全能王 扫描创建

جاۋاپكار بولىدۇ. خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ مال-مۈلكىدە پادىچى ھېساپلىنىپ①، مال-مۈلۈك ئۈچۈن جاۋاپكار بولىدۇ.

## 90) جۈمە كۈندە يۇيۇنۇش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە② بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى ئاللانىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

## 91) جۈمە كۈندىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى ئۈستىدە توختىلىپ: جۈمە كۈندە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان بىر ۋاقىت بار، بىرەر مۇسۇلمان بەندە ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا شۇ ۋاقىتنى تېپىپ ئاللادىن بىرەر نەرسە تىلىسىلا، ئاللا ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بەرمەي قويمايدۇ، دىگەن ۋە قولى بىلەن ئۇ ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقىنى كورسىتىپ ئوتكەن.

---

① خوجايىنىنىڭ مال-مۈلكىنى مۇھاپىزەت قىلىشى ۋە خىزمىتىنى ياخشى قىلىشى كېرەك.

② بۇ جۈمە كۈنىدىن ئىبارەت.

## 92) تەشرىق كۈنلىرى (قۇربان ھېيتىنىڭ 2-، 3-، 4- كۈنلىرى-ت) دە قىلىنغان ئىبادەتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: يىلنىڭ باشقا كۈنلىرىدە قىلىنغان ھەرقانداق ئىبادەتتىن مۇشۇ ئون كۈن① ئىچىدە قىلىنغان ئىبادەت ئەۋزەل بولىدۇ دېۋىدى، ساھابىلەر: جىھادمۇ بۇنىڭغا يەتمەمدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللا: جىھادمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدۇ، پەقەت خەۋپ-خەتەرگە قارىماي، جېنى بىلەن، مېلى بىلەن جىھادغا ئاتلىنىپ چىقىپ، ھېچ نەرسە بىلەن قايتىپ كەلمىگەن ئادەمنىڭ ئەمىلىلا بۇنىڭدىن ئەۋزەل بولىدۇ، دېدى.

## 93) يەر تەۋرەش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىلىم كوتىرىلىپ كەتكەن②، يەر تەۋرەش كوپەيگەن، ۋاقىتتا بەرىكەت قالمىغان③، پىتنىلەر

---

① زۇلھەججە ئېيىنىڭ 1-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە بولغان ئون كۈن.

② ئۆلىمالارنىڭ ئولۇپ تۈگىشى، نادانلارنىڭ كوپىيىشى بىلەن.

③ زاماننىڭ بەرىكەتسىزلىكىدىن ياكى بالايى-ئاپەت، ئېغىرچىلىق سەۋەبىدىن كىشىلەر كېچە-كۈندۈزنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاۋۇغان، قىرغىنچىلىق كۆپ بولۇپ، مال ـ مۈلۈك كۆپىيىپ① ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان چاغ يېتىپ كەلمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.

## 94) ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم ئالدىن بىلمەيدىغان بەش تۈرلۈك نەرسە توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بەش تۈرلۈك غەيىپ نەرسە بولۇپ، ئۇنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ: ئەتە نىمە بولىدىغانلىغىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، قوساقتىكى بالىنىڭ نىمە بولىدىغانلىغىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئىنسان ئۆزىگە ئەتە نىمە بولىدىغانلىغىنى بىلمەيدۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلۈشىنى بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم يامغۇرنىڭ قاچان يېغىشىنى بىلمەيدۇ.

## 95) ئاياللارنىڭ مۇئامىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ سەپەرگە چىقىشى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوۋزەخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىگى ئاياللار ئىكەنلىگىنى كۆردى. ساھابىلەر نىمە ئۈچۈن مۇنداق ئى رەسۇلۇللا؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ جاۋاپ بېرىپ: ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇق قىلغانلىغىدىن شۇنداق، دىدى. ئۇلار ئاللاغا كۇپۇرلۇق قىلامدۇ؟ دەپ سوراشتى.

---

① ئەر كىشىلەرنىڭ ئازىيىپ ۋە قىزىقىشلارنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى، ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى تۆپەيلىدىن.



由 扫描全能王 扫描创建

رەسۇلۇللا: ئۇلار بولسا ئەرلەرگە كۆپرەك قىلىدۇ، قىلغان ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىگە ئۆمۈر بويى ياخشىلىق قىلساڭمۇ، كېيىن سەندىن ئازراق ئاغرىنىپ قالسىلا، سەندىن ھېچ ياخشىلىق كۆرمىدىم، دەيدۇ، دېدى.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايالنىڭ مەھرەمسىز بىر كېچە-كۈندۈزلۈك يولغا سەپەرگە چىقىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

## 97) كېسەلنىڭ يېنىدا يىغلاش توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەئد ئىبنى ئۇبادە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ۋە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدلار بىلەن بىللە ئۇنى يوقلاپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ بېشىدا پاي-پېتەك بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قەبزى روھ بولدىمۇ؟ دەپ سورىدى "ئۇلار ياق، ئى رەسۇلۇللا، دەپ جاۋاپ بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆز يېشى قىلدى، رەسۇلۇللانىڭ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىدىكىلەرمۇ كۆز يېشى قىلىشتى. رەسۇلۇللا: ئاڭلىمامسىلەركى، ئاللا بەندىسىگە ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلغانلىقى ۋە قايغۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن ئازاپ قىلمايدۇ، دېدى ۋە تىلىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، لېكىن



由 扫描全能王 扫描创建

مۇشۇنىڭ تۆپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئازاپ قىلىدۇ① ياكى رەھمى قىلىدۇ②.
ئۆلگەن ئادەم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يىغلىغانلىقى سەۋەپلىك
ئازاپ چېكىدۇ③، دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر مېيىتكە يىغلىغانلارنى
تاياق بىلەن ئۇراتتى، ئۇلارغا تاش ئاتاتتى ۋە ئاغزىغا توپا
چاچاتتى④.

## 98) دۇنيادا رەڭگا-رەڭ كىيىم كىيگەن ئاياللارنىڭ ھالى ۋە شەيتاننىڭ توقۇناق چىگىشى توغرىسىدا

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ: سۇبھا-
نەللا (بۇ يەردە ئەجەپلەنگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. — ت)، كېچىدە پىتنىلەر-
دىن قايسىلىرى نازىل بولدى، ئاللانىڭ غەزنىلىرىدىن نېمىلەر
نازىل بولدى، ھوجرا ئىگىلىرىنى (پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى كۆزدە تۇتۇ-
لىدۇ. — ت) كىم ئويغىتىدۇ، دۇنيادا رەڭگا-رەڭ كىيىملەرگە ئورالغان
ئاياللار ئاخىرەتكە بارغاندا ياپ-يالىڭاچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن⑤
دېدى.

---

① يامان سوز قىلغانلىقتىن.
② ياخشى سوز قىلغانلىقتىن.
③ ئاللا-توۋا كوتىرىپ يىغلىسا ۋە مېيىت شۇ يىغىغا سەۋەپكار بولسا.
④ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەنئەرنىڭ ئاياللىرى ھەققىدىكى ئەمرىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلغان.
⑤ نېپىز-يۇقا كىيىملەرنى كىيىشتىن، ياكى ياسىنىپ يۈرۈشتىن چەكلەش مەنىسىدە.

由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىشى ئۇخلىغان چېغىدا، شەيتان ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئۈچ توقۇناق چىگىدۇ. ھەر توقۇناقنى چەككەندە ئۇخلاۋەرگىن، كېچە ئۇزۇن دەيدۇ. كىشى ئويغىنىپ ئاللاغا زىكرى ئېيتسا، بىر توقۇناق يېشىلىدۇ، تاھارەت ئالسا يەنە بىر توقۇناق يېشىلىدۇ. ناماز ئوقۇسا يەنە بىر توقۇناق يېشىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تېتىك، روھلۇق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، ئېزىلەڭگۈ، ھورۇن بولۇپ قالىدۇ.

## 100) كېچىنىڭ ئاخىرىدا دۇئا قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتا-ئالا ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغان چاغدا بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا چۈشۈپ: كىمكى ماڭا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، كىمكى مەندىن سورايدىكەن، ئۇنىڭغا بېرىمەن. كىمكى ماڭا ئىستىغفار ئېيتىدىكەن، ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن. دەيدۇ.

## 101) قاتتىق ئىبادەت قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ يېنىمدا ئەسەد ئايمىقىدىن بىر ئايال بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ كېلىپ، بۇ ئايال كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. بۇ



由 扫描全能王 扫描创建

پالانى بولىدۇ، كېچىسى ئۇخلىمايدۇ، دەپ ئۇنىڭ ئوقۇغان نامازلىرى-نى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. رەسۇلۇللا مانا: بولىدى قىلغىن، سىلەر ئوزەڭلار زورۇقماي قىلالايدىغان ئىبادەتلەرنى قىلىڭلار، سىلەر زېرىكىپ قالمىغىچە، ئاللا زېرىكىپ قالمايدۇ①، دېدى.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن: ئاڭلىشىمچە، سەن كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتىدىكەنسەنغۇ؟ دەپ سورىدى. مەن: ھەئە، شۇنداق قىلىمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ، ئۆزەڭ ھالسىزلىنىپ كېتىسەن. سەندە نەپسىڭنىڭ ھەققى بار، ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ ھەققى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كۈنلەردە روزا تۇتقىن، بەزى كۈنلىرى تۇتمىغىن، كېچىنىڭ بەزىسىدە ئىبادەت قىلغىن، بەزىسىدە ئۇخلىغىن، دېدى.

## 103) بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، پەزىلەتلىك ئەمەل دەپ ئىستىخارە نامىزى ئوقۇش توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

① جاماڭلارغا بېقىپ ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەر روھلۇق تۇرۇپ ئىبادەت قىلساڭلار، ئاللا سىلەرنىڭ ئىبادىتىڭلاردىن زېرىكىپ يۈز ئۆرۈمەيدۇ، ئىبادە-تىڭلارنىڭ ساۋاپلىرىنىمۇ كېمەيتمەيدۇ. ئىبادەتتە بوشىشىپ قالغاندا، ئولتۇرۇۋېلىڭلار، ئىبادەتتىن زېرىكىش ھېس قىلىپ ۋە بوشىشىپ تۇرۇپ قىلىۋەرسەڭلار، ئۇ چاغدا، ئاللامۇ سىلەرنىڭ ئىبادىتىڭلاردىن زېرىكىپ قالىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەلەيھىسسالام ئىشلىرىمىزدا ئىستىخارە قىلىشنى بىزگە خۇددى قۇرئان سۈرىلىرىنى تەلىم بەرگەندەك تەلىم بېرەتتى. رەسۇلۇللا مۇنداق دەيتتى: سىلەردىن بىركىم بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: "ئى ئاللا، ماڭا بۇ ئىشتا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئىلمىڭ بىلەن تىلەيمەن، شۇنى قىلىشقا ماڭا قۇدرىتىڭ بىلەن كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن. سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن. چۈنكى ھەممىگە سەن قادىر سەن، مەن قادىر ئەمەسمەن، ھەممىنى سەن بىلسەن، مەن بىلمەيمەن، ھەممە غەيىپ ساڭا ناھايىتى ئايدىڭ. ئى ئاللا، ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇ ئىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن، ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن ۋە ماڭا خاسىيەتلىك قىلىپ بەرگىن؛ ئەگەر بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى مەندىن ۋە مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن. ياخشىلىق قەيەردە بولسۇن، ئۇنى ماڭا مۇيەسسەر قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن مېنى مەمنۇن قىلغىن." جابىر: دۇئا جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ئېيتىپ ئوتسۇن، دەيدۇ.

## 104) جىنازىغا ئەگىشىشكە قىلىنغان ئەمر توغرىسىدا

مۇئاۋىيە ئىبنى مۇقەررىن بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بەرا مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يەتتە تۈرلۈك ئىشقا بۇيرۇدى. يەتتە تۈرلۈك نەرسىدىن مەنئى قىلدى. بىزنى



由 扫描全能王 扫描创建

جىنازىغا ئەگىشىشكە، كېسەللەرنى يوقلاشقا، چاقىرغان يەرگە بېرىشقا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىشكە، قەسەم ئىچكۈچىلەرنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بېرىشكە، سالام بەرگۈچىلەرنىڭ سالىمىنى ئەلىيك ئېلىشقا، چۈشكۈرگۈچى ئەلھەمدۇلىللا (خۇداغا شۈكرى. — ت) دېسە، ئۇنىڭغا يەرھەمۇكەللا (خۇدا ساڭا رەھمەت قىلسۇن. — ت) دېيىشكە بۇيرۇدى ھەمدە بىزنى كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىشتىن، ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن، تاۋار-دۇردۇنلارنى، زەر ئارىلاش يىپەك رەختلەرنى كىيىشتىن①، تېشىغا يىپەك رەخت قاپلانغان ئىگەر ئۈستىگە مىنىشتىن مەنئى قىلدى.

## 105) بالىسى ئۆلگەن ئادەمگە بولىدىغان ساۋاپ توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ سەغىرە بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللا ئۇلارغا رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇ ئادەمنىمۇ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

## 106) مېيىتكە يىغلاشنىڭ يامانلىقى توغرىسىدا

مۇغىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ماڭا يالغاننى

① بۇ يەردە ئاياللار ئەمەس، ئەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

چاپلاش باشقا بىر ئادەمگە يالغاننى چاپلىغانغا ئوخشمايدۇ، كىمكى ماڭا قەستەن يالغاننى چاپلايدىكەن، ئۇ ئادەم دەۋزەختىن جاي ئالسۇن. مۇغىرە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان: كىمكى مېيىتكە يىغلايدىكەن، ئۇنىڭ يىغلىغانلىغى تۈپەيلىدىن مېيىت ئازاپقا قالىدۇ.

## 107) ياقا يىرتىپ يىغلاشنىڭ رەسۇلۇللانىڭ سۈننىتىگە خىلاپ ئىكەنلىگى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: يۈزلىرىنى تاملاپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ يىغلىغانلار ۋە ئاللا ـ توۋا سېلىپ يىغلىغانلار بىزنىڭ سۈننىتىمىزگە مەنسۇپ ئەمەس كىشىلەردۇر، دىگەن.

## 108) مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلىش توغرىسىدا

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىنى قىلغان يىلى ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقىنىمدا مېنى يوقلاپ كەلگەن ئىكەن. مەن رەسۇلۇللاغا: كېسىلىم ئېغىرلىشىپ قالدى، مەن مالدار ئادەممەن، ماڭا مىراسخور بولىدىغان بىرلا قىزىم بار، مېلىمنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى سەدىقە قىلايمۇ؟ دىسەم، رەسۇلۇللا: ياق، دىدى. مەن يېرىمىنى قىلسامچۇ؟ دىسەم، رەسۇلۇللا: ياق، دەپ بولۇپ، ئۈچتىن بىرىنى قىلساڭ بولىدۇ، بۇمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ،



由 扫描全能王 扫描创建

ۋارىسلىرىڭنى كىشىلەردىن تىلەيدىغان گاداي ھالدا قالدۇرغىنىڭ-دىن كورە باي ھالدا قالدۇرغىنىڭ ياخشى، ئاللانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ خەيرى-ئېھسان قىلساڭلىكى، ساۋاپ تاپىسەن، ھەتتا ئايالىڭ-نىڭ ئاغزىغا سالغان لوقما ئۇچۇنمۇ ساۋاپ تاپىسەن، دېدى.

## 109) ھازىدار ئايالنى مۇسىبەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە چېچىنى ئالدۇرۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ ھۇشىدىن كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ بېشى ئايىلىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. بۇ چاغدا ئەبۇ مۇسا ئايىلىنىڭ ۋاقىرىشىغا قارىتا بىرەر نەرسە دەپ جاۋاپ قايتۇرۇشقا قادىر بولالمى-دى، ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن: رەسۇلۇللا بىزار بولغان نەرسىدىن مەنمۇ بىزار، رەسۇلۇللا بولسا ئۇن سېلىپ يىغلىغان ئايالدىن، ھازا تۇتۇش يۈزىسىدىن چېچىنى ئالدۇرۇۋەتكەن ئايالدىن ۋە كىيىملىرىنى يىرتقان ئايالدىن بىزار بولغان ئىدى، دېدى.

## 110) جىنازىنى كورگەندە ئورنىدىن تۇرۇش توغرىسىدا

ئامىر ئىبنى رەبىە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر جىنازىنى كورگەن چېغىڭلاردا، تاكى ئۇ ئوتۇپ كەتكەنگە قەدەر ئورە قوپۇپ تۇرۇڭلار.

## 111) ئەرلەرنىڭ جىنازىنى كوتىرىشى توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ ئەر كىشىلەر مۈرىلىرىگە ئېلىپ كوتىرىپ ماڭغان چاغدا، مېيىت ئەگەر سائادەتمەن بەندە بولسا، مېنى تېزراق ئېلىپ بېرىڭلار، دەيدۇ؛ ئەگەر ئۇ شەقى بەندە بولسا، ھالىمغا ۋاي، مېنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر؟ دەپ توۋلايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنسانلاردىن باشقا جىمى مەۋجۇدات ئاڭلايدۇ، ئەگەر ئۇنى ئىنسانلار ئاڭلايدىغان بولسا، چېنىدىن جۇدا بولاتتى.

## 112) جىنازىغا ھازىر بولغانلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى ھازا ئۇستىدە ھازىر بولۇپ ئاندىن جىنازە نامىزىغا داخىل بولسا، ئۇنىڭغا بىر قىرات ساۋاپ بولىدۇ، كىمكى جىنازە نامىزىغا داخىل بولۇپ، دەپنە قىلىشقىمۇ قاتناشسا، ئۇ ئادەمگە ئىككى قىرات ساۋاپ بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە ئىككى قىرات دىگەن قانچىلىك كېلىدۇ دەپ رەسۇلۇللادىن سورىغاندا، ئۇ ئىككى چوڭ تاغدەك كېلىدۇ، دەپ جاۋاپ بەرگەن.

## 113) گودەكلەرنىڭ ئىسلامىيىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بوۋاق تۇغۇلغان چېغىدا ئىسلام بىلەن تۇغۇلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى يەھۇدى قىلىپ چىقىدۇ، يا خىرىستىيان قىلىپ چىقىدۇ، يا مەجۇسى



由 扫描全能王 扫描创建

(ئۇتقا چوقۇنىدىغان. ـــ ت) قىلىپ چىقىدۇ.

## 114) ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەم توغرىسىدا

سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنىنى يالغاندىن ئۇلۇغلاپ قەستەن شۇ دىن بىلەن قەسەم ئىچسە، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ دىگىنىدەك بولىدۇ. (ئىماندىن ئاجرايدۇ. ـــ ت) كىمكى ئۆزىنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا، بۇ ئادەم دەۋزەختە شۇ تىغ بىلەن ئازاپلىنىدۇ.

## 115) ئۇلۇكلەرنى ھاقارەتلەشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئۆلگەن كىشىلەرنى① ھاقارەتلىمەڭلار، چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كوردى.

## 116) زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىگى توغرىسىدا

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ماڭا ئورۇنلىسام جەننەتكە كىرىدىغان بىرەر ئىشنى ئېيتىپ بەرسەڭ، دىدى. باشقىلار، نىمە

---

① مۇسۇلمانلارنى.

ئىش، نىمە ئىش دېيىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ چوڭ ھاجەت بىلەن كېپتۇ، دېدى ۋە ئۇ ئادەمگە: سەن بىر ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەي-سەن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلغايسەن، زاكات بەرگەيسەن، خىش-ئەقرىبالىرىڭغا سىلە-رەھىم قىلغايسەن، دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولدى، بۇ چاغدا بىر قىسىم ئەرەپلەر زاكات بېرىشتىن باش تارتتى، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا: كىشىلەرگە قارشى قانداقمۇ ئۇرۇش ئاچىسەن؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىشىلەر بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق، دەپ ئېيتقانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، كىمكى بۇ سوزنى ئېيتقان ئىكەن، ئۇنىڭ مېلىغا ۋە جېنىغا ناھەق چېقىلمايمەن، قالغان ئىشلىرى ئۇستىدە ئۇنىڭ بىلەن ئاللا ئوزى ھېساپلىشىدۇ، دېگەن دېدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى: ئەزبىرايى خۇدا، ناماز بىلەن زاكاتنى ئايرىپ قارىغان ئادەمگە قارشى چوقۇم ئۇرۇش ئاچىمەن، چۈنكى زاكات پۇل-مال ئۇستىدىكى ھەقتۇر. ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار رەسۇلۇللاغا تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان زاكاتتىن ئوغلاق چاغلىق نەرسىنى بولسىمۇ بېرىشتىن باش تارتىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان بولاتتىم، دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشنى ئاللا ئەبۇ بەكرىنىڭ كوڭلىگە سېلىپتۇ، ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم، دېدى.



由 扫描全能王 扫描创建

## 118) زاكاتنى مەنئى قىلغۇچىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيـغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى ئاللا ئاتا قىلغان پۇل-مېلىدىن زاكات بەرمىسە، ئۇنىڭ پۇل-مېلى قىيامەت كۈنى جاۋغايلىرىدا زەھەرى بار بىر چوڭ تاز يىلاننىڭ شەكلىگە كىرىپ، ئۇنى چىرمىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى زىڭغىنى قاماپ تۇرۇپ: مەن سېنىڭ پۇل-مېلىڭ بولىمەن، سېنىڭ يىققان غەزنەڭ بولىمەن دەيدۇ دېگەن، ئاندىن: "بېخىللىق قىلغۇچىلارنى......" دەپ باشلىنىدىغان ئايەتنى ئوقۇغان.

## 119) پۇل-مالنى ئۆز يولىدا سەرپ قىلىش توغرىسىدا

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: مۇشۇنداق ئىككى خىسلىتى بار ئادەملەردەك بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئاللا ئاتا قىلغان پۇل-مېلىنىڭ ھەممىسىنى تامامەن ئورۇنلۇق سەرپ قىلغان، يەنە بىرى ئاللا بەرگەن قۇرئان ئىلىملىرى بويىچە ھوكۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن.

## 120) ھالال كەسپ بىلەن تاپقان مالدىن سەدىقە قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى ھالال كەسىپ بىلەن تاپقان مېلىدىن خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلسا (ئاللا پەقەت ھالال مالنىلا قوبۇل قىلىدۇ)، ئاللا ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن شۇ خورما چاغلىق نەرسىنى خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ تايچىغىنى ئوبدان بېقىپ ئوستۇرگەندەك ئوستۇرۇپ، سەدىقە قىلغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ ساۋابىنى تاغدەك زورايتىپ بېرىدۇ.

## 121) سەدىقىنى ئۇنى ئالىدىغان ئادەم تېپىلماي قېلىشتىن ئىلگىرى بېرىۋېلىش توغرىسىدا

ھارىسە ئىبنى ۋەھب رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: سەدىقە قىلىڭلار، سىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى بېرىدىغان سەدىقىسىنى كۆتىرىپ يۈرۈپ، ئۇنى ئالىدىغان ئادەم تاپالمايدۇ، كىشىلەرگە تەڭلىسە، ئۇنى تۈنۈگۈن ئېلىپ كەلگەن بولساڭ قوبۇل قىلغان بولاتتىم، بۈگۈن بولسا ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق دەپ قوبۇل قىلمايدۇ.

## 122) قايسى خىلدىكى سەدىقىنىڭ ئەۋزەل بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللا، قايسى خىلدىكى سەدىقىنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ بولىدۇ؟ دەپ سورىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن كەمبەغەللىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرغان، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغان، پۇل-مالغا ھېرىس بولۇپ تۇرغان، ساغلام تۇرغان ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقەڭنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ بولىدۇ، سەدىقە بېرىشنى كېچىكتۈرمىگىن، كېچىكتۈرۈپ جان ھەلقۇمغا يەتكەندە، پالانىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار، پوكونىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار دېگىنىڭ بىلەن، بۇ چاغدا مال باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ، دېگەن.

## 123) خادىمى ۋاكالىتەن سەدىقە بەرگەن كىشى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: ئايال كىشى ئۆيىدىكى ئاش-ناننى ئىسراپ قىلماستىن سەرپ قىلسا، ئۇنىڭغا سەرپ قىلغانلىقىنىڭ ساۋابى بولىدۇ، ئېرىگە ئاش-ناننى تاپقانلىقىنىڭ ساۋابى بولىدۇ، خىزمەتچىگە ئۇنى ساقلاپ بەرگەنىنىڭ ساۋابى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ساۋابى ئايرىم بولۇپ، بىر بىرىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتمەيدۇ.

## 124) كىشى كەمبەغەل، ئائىلىسى مۇھتاج ۋە قەرزدار تۇرۇپ سەدىقە بېرىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى قەرز ئېلىپ سەدىقە قىلىپ، بۇزۇپ-چاچماقچى بولسا، ئاللا ئۇنى تۈزۈتۈۋېتىدۇ. ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: ئەمما ئۇزى



由 扫描全能王 扫描创建

چىدامىلىق، سەۋرچان ئادەم بولۇپ، مۇھتاج تۇرۇقلۇقمۇ باشقىلارنى ئۆز نەپسىدىن ئەلا بىلىپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ماللىرىنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىدە ئوخشاش سەدىقە بەرگەن ئادەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بەرگۈچى قول تىلىگۈچى قولدىن ياخشى، سەدىقىنى ئالدى بىلەن سەن تەمىنلەشكە تېگىشلىك ئادەملىرىڭگە① بەرگىن، بايلىقتا بېرىلگەن سەدىقە ئەۋزەل سەدىقىدۇر. كىمكى ئاللادىن كىشىلەردىن نەرسە تىلەشتىن ساقلاشنى تەلەپ قىلسا، ئاللا ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بېرىدۇ، كىمكى ئاللادىن بايلىقنى تىلىسە، ئاللا ئۇنى باي قىلىدۇ.

## 126) سېخى بىلەن بېخىل توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە ھەر كۈنى ئاسماندىن ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىرى: ئى ئاللا، سېخى ئادەمگە ئۇنىڭ خەيرى-ئېھسان قىلىپ بەرگىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن دەيدۇ، يەنە بىرى: بېخىلنىڭ مېلىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكىن، دەيدۇ.

---

① ئاناڭغا، ئاندىن ئاتاڭغا، ئاندىن ئاچا-سىڭلىڭغا، ئاندىن ئاكا-ئۇكاڭغا، ئاندىن دەرىجە بويىچە ساڭا يېقىن بولغانلارغا.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: بېخىل بىلەن سېخى گويا كوكسىدىن ئوقۇرىغىچە تومۇر تون كىيگەن ئىككى ئادەمگە ئوخشايدۇ. سېخى ئادەم خەيرى-ئېھسان قىلغانسېرى تومۇر تون تېخىمۇ سوزۇلۇپ، بەدىنى ئۇستىدە كېڭىيىپ، ئۇنىڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنىمۇ قوشۇپ يېپىپ تۇرىدۇ، بەدىنىدە ئىزىمۇ قالدۇرمايدۇ. بېخىل ئادەم خەيرى-ئېھسان قىلماقچى بولسا، تومۇر توننىڭ ھەر بىر ھالقىسى ئۇنىڭ بەدىنىگە پېتىپ تۇرغاچقا ئۇنى كېڭەيتەي دىسىمۇ كېڭەيمەيدۇ.

## 128) ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ سەدىقە قىلىشى لازىملىقى توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەر بىر مۇسۇلمان سەدىقە قىلىشى لازىم، دىدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا، سەدىقە قىلىدىغان نەرسە تاپالمىسىچۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللا: كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئوزىگىمۇ پايدا يەتكۈزسۇن، سەدىقىمۇ قىلسۇن، دىدى. ساھابىلەر: ئۇنداق قىلالمىسىچۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللا: ئاجىز، بىچارىلەرگە يار-يولەك بولسۇن، دىدى. ساھابىلەر: ئۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟ دىدى. رەسۇلۇللا: ياخشى ئىشلارنى قىلسۇن، يامان ئىشلاردىن قول يىغسۇن، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ، دىدى.

## 129) تىلەمچىلىكتىن ئوزىنى تارتىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنـداق دىگەن: ئالـلا بىلەن قەسەم قىلى-مەنكى، سىـلەرنىڭ بىر ئىڭـلار ئاغامچىسـىنى ئېلىپ بىرىپ، ئوتۇن تېرىپ يۈدۈپ كېلىپ جان باقسا، مەيلى بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن، بۇ كىشىدىن تىلەپ جان باقىقاندىن ياخشى.

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىـيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنـداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن پۇل-مال سورىـغان ئىدىم، ئۇ ماڭا بەردى، يەنە سورىغان ئىدىم، يەنە بەردى، ئاندىن يەنە سورى-غان ئىـدىم، ئۇ يەنە بەرگەنـدىن كېيىن: ئى ھەكىـم، پۇل-مال دىگەن يېشىل نەرسـىلەرگە ئوخـشاش كۆرۈنۈشى چىرايـلىق، تەمى شىرىـن نەرسە، ئۇنى توقۇاسىقـلىق بىلەن ئالـغان ئادەمـگە ئۇنىڭ بەرىـكىتى بولىـدۇ، ئاچـكۆزلۈك بىلەن ئالـغان ئادەمـگە بەرىـكىتى بولمايدۇ، بۇنداق ئادەم خۇددى يەپ تويمايدىغان ئادەمدەك بولىدۇ، بەرگەن قول تىلىگەن قولدىن ياخشى، دىدى. ھەكىم: ئى رەسۇلۇللا، مەن سىنى ھەق پەيـغەمبەر قىلىـپ ئەۋەتـكەن ئالـلا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەندىن كېيىن تاكى دۇنيادىن ئۆتكىچە ھىچ ئادەمدىن بىر نەرسە ئالمايمەن، دىدىم، دەيدۇ. رەسۇلۇللادىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھەكىمـگە مال بەرسە قوبۇل قىلمىدى، ئانـدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر مال بەرسىمۇ ئالمىدى، ھەزرىتى ئۆمەر: ئى مۇسۇل-مانـلار جامائەسى، ھەكىمـنى بەيتۇلمال (دولەت غەزنىسى. — ت) دىن تېگىشلىك ھەققىنى ئېلىشـقا تەكلىپ قىلغان ئىدىم، لېكىن ئۇ بۇنى ئېلىشقا ئۇنىمىدى، دىدى. دىمەك، ھەكىم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام-دىن كېيىن تاكى دۇنـيادىن ئۆتـكىچە① ھىچ ئادەمـدىن بىر نەرسە

① مۇئاۋىيە ھەلىپىلىكىنىڭ 10-يىلى ۋاپات بولغان نەۋەۋى مۇنـداق

ئالمىغان.

## 131) بېيىش ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار توغرىسىدا ۋە ھەج قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىشى تىلەمچىلىك قىلىۋەرسە. قىيامەت كۈنى يۈزىدە گوش دىدارى بولمىغان ھالدا ھازىر بولىدۇ.

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇغىرە ئىبنى شۇئبەگە: رەسۇللادىن ئاڭلىغان نەرسەڭنى ماڭا يېزىپ ئەۋەتكىن، دەپ خەت يازغان. مۇغىرە مۇئاۋىيىگە مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىدىم دەپ يازغان: ئاللا سىلەرنىڭ پايدىسىز بەس-مۇنازىرە قىلىشىڭلارنى، پۇل-مالنى بۇزۇپ-چېچىشىڭلارنى ۋە تولا سەدىقە سورىشىڭلارنى يامان كورىدۇ.

---

دەيدۇ: مۇھتاج بولماي تۇرۇقلۇق نەرسە تىلەشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىغىدا ئۇلىمالارنىڭ قارىشى ئوخشاش، بىزنىڭ مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىشلەشكە قادىر تۇرۇقلۇق نەرسە تىلەش توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار، ئەڭ توغرا بولغان بىر خىل قاراشتا ھارام دىيىلسە، يەنە بىر خىل قاراشتا مۇنداق ئۈچ شەرتنى ئورۇنلىيالىغان ئادەمگە مەكرۇھلۇق بىلەن ھالال بولىدۇ دىيىلىدۇ، مەزكۇر ئۈچ شەرت؛ ئۆزىنى خار قىلماسلىق، سوراپ تۇرۇۋالماسلىق، سورىغان ئادەمنى رەنجىتىپ قويماسلىق. مۇشۇ ئۈچ شەرتنىڭ بىرەرسى ئورۇنلانماي قالسا، ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىدە ھەممىنىڭ قارىشى ئوخشاش.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەتىگەندە ئاغامچىسىنى ئېلىپ چىقىپ ئوتۇن تېرىپ كېلىپ سېتىپ ئۆزىنى تەمىنلىگىنى ۋە سەدىقە قىلغىنى ئۇنىڭ كىشىلەردىن نەرسە تىلىگىنىدىن ياخشى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: كىمكى خۇدالىق ئۈچۈن ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇنا ئىشلارنى قىلماي ھەجنى تاماملاپ قايتسا، خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈنىدىكىدەك، گۇنادىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ.

## 135) مىنادا سۆزلەنگەن نۇتۇق توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربان ھېيت كۈنى نۇتۇق سۆزلەپ: ئى خالايىق، بۇ قايسى كۈندۇر؟ دېدى. ئۇلار: شۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغان كۈندۇر، دېدى. رەسۇلۇللا: بۇ قايسى شەھەردۇر؟ دېدى. ئۇلار: ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغان شەھەردۇر، دېدى. رەسۇلۇللا: بۇ قايسى ئايدۇر؟ دېدى. ئۇلار: ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغان ئايدۇر، دېدى. رەسۇلۇللا: سىلەرنىڭ بىر بىرىڭلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا ۋە نومۇس-ئابرويىغا چېقىلىشىڭلار خۇددى مۇشۇ كۈننىڭ، مۇشۇ شەھەرنىڭ ۋە مۇشۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغانغا ئوخشاشلا ھارام قىلىنغان



由 扫描全能王 扫描创建

ئىشتۇر، دەپ، بۇ سوزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن بېشىنى كوتىرىپ تۇرۇپ، ئى ئاللا، تەبلىغ قىلدىممۇ؟ ئى ئاللا، تەبلىغ قىلدىممۇ؟ دىدى. ئىبنى ئاببباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللانىڭ تۇۋەندىكى مۇنۇ سوزى چوقۇم ئۇزىنىڭ ئۇممىتىگە قىلغان ۋەسسىيتىدۇر: مېنىڭ سوزۇمنى بۇ يەردە ھازىر بولغانلار ھازىر بولمىغانلارغا يەتكۇزسۇن، مەندىن كېيىن كاپىرلارغا ئوخشاش بىر بىرىڭلارنى قىرىدىغان بولماڭلار، مېنىڭ سوزۇمنى تەبلىغ قىلغۇچىلار ئارىسىدا ئۇنى بىۋاستە ئاڭلىغۇچىلاردىن ئوبدانىراق چۈشىنىدىغانلارمۇ① بولۇشى مۇمكىن.

## 136) سەپەر قىلىشنىڭ بىر تۇرلۇك ئازاپ ئىكەنلىگى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سەپەر دىگەن بىر تۇرلۇك ئازاپتۇر②، ئۇ يىيىش-ئىچىشڭلارغا ۋە ئۇخلىشىڭلارغا كاشال بولىدۇ. سەپەرگە چىققان ئادەم مەقسىدى ھاسىل بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىگە قايتىشقا ئالدىرىسۇن.

## 137) مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

① بۇنىڭدىن دىنىي ئىلىمنى تەبلىغ قىلىشنىڭ پەرز كۇپايە ئىكەنلىگى چىقىدۇ.

② سەپەر ئۇستىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەر كوزدە تۇتۇلىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

مۇنداق دىگەن: مەدىنە دەرۋازىلىرىدا مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر بار، مەدىنىگە ۋابا بىلەن دەججال كىرمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مەدىنە خۇددى تومۇر-چىنىڭ كويۈكىگە ئوخشايدۇ، كويەك ئارقىلىق ئوتتىكى ئۇچقۇن-كۇللەر چىقىرىۋېتىلىپ، ساپ چوغ قالىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەي-غەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مېنىڭ ئويۇم بىلەن مۇنبىرىم-نىڭ ئارىلىغىدىكى جاي جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىدۇر، مېنىڭ مۇنبىرىم بولسا ھەۋزى كەۋسىرىمنىڭ ئۈستىدەدۇر.

## 140) روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەي-غەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: روزا قالقاندۇر①، روزىدار ئادەم يامان سوز قىلمىسۇن، نادانلارنىڭ قىلىقلىرىنى قىلمىسۇن، ئەگەر بىرەر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن جىدەللەشسە ياكى ئۇنى تىللىسا، ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم، مەن روزىدار، دەپ ئېيتسۇن. ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، روزىدار ئادەمنىڭ ئاغزىنىڭ بويى ئاللانىڭ نەزى-رىدە ئىپارنىڭ بويىدىنمۇ خۇش پۇراقتۇر. ئاللاتائالا: روزىدار كىشى مېنى دەپ، يېمەك-ئىچمەكنى ۋە جىنسى ئالاقىنى تەرك ئېتىدۇ، روزا مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئارىسىدىكى سىردۇر، ئۇنىڭغا ئۆزەم مۇكاپات بېرىمەن، دەيدۇ. ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى ئون ھەسسىگىچە

① كىشىنى گۇنادىن ۋە دوزەختىن ساقلايدىغان قالقان.



由 扫描全能王 扫描创建

كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللا ھۇئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-نىڭ پىتنە توغرىسىدىكى بىرەر ھەدىسىنى كىمنىڭ ئېسىدە بار؟ دەپ سورىدى. ھۇزەيفە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى: كىشىنىڭ ئائىلىسى①، مېلى② ۋە خوشنىسى③ سەۋەپلىك سادىر قىلغان گۇناھلىرىغا ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى، تۇتقان روزىسى ۋە بەرگەن سەدىقىسى كاپارەت بولىدۇ.

## 142) روزا تۇتقاندا يالغان سوزلەش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سورلەشنى ۋە يالغان سوز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئۇنىڭ تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا ئاللا مۇھتاج ئەمەس.

## 143) بويتاقلىقتىن قورققان ئادەمنىڭ روزا تۇتۇشى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق

---

① ئائىلىسىنى دەپ نادۇرۇس ئىشلارنى قىلىپ سالغان بولسا.
② ئۇز يولىدا ئىشلەتمىسە.
③ تامامەن خوشنىسىنىڭ بايلىقىدەك بايلىقنى ئارزۇ قىلسا.



由 扫描全能王 扫描创建

دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، ئۇ مۇنداق دىگەن: ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىغان ئادەم ئۆيلەنسۇن. چۈنكى ئۆيلىنىش ئۇنىڭ كۆزىنى ۋە جان يېرىنى ھارامدىن ساقلايدۇ ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغان ئادەم روزا تۇتۇشى لازىم. چۈنكى روزا ئۇنىڭ شەھۋىتىنى كېسىدۇ.

## 144) سوھۇرلۇق يېيىشنىڭ بەرىكەت ئىكەنلىگى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سوھۇرلۇق يەڭلار، چۈنكى سوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار.

## 145) روزىدار ئادەمنىڭ مىسۋاك ئىشلىتىشى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مىسۋاك دىگەن ئېغىزنى پاكىز قىلىدۇ، ئاللانى رازى قىلىدۇ.

## 146) رامىزان كېچىلىرىدە ۋە شەبى قەدرى كېچىسىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى رامىزاننى چىن دىلىدىن ئىشىنىش ۋە ئاللانىڭ رازىلىغى ۋە ساۋابىنى تەلەپ قىلىش



由 扫描全能王 扫描创建

مەغپىرەت قىلىنىدۇ.① ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇنالىرى يۈزىسىدىن تۇتسا، ئۇنىڭ پەزلىگە ئۈمىد قىلىپ ۋە ئاللانىڭ كىمكى شىبى قەدرى كېچىسىدە ئۇنىڭ راستلىقى ۋە ساۋابىنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن ئىبادەت قىلسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇنالىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

## 147) ھالالنىڭمۇ، ھارامنىڭمۇ ئېنىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھالال ئىشلارمۇ ئېنىق كورسىتىلگەن، ھارام ئىشلارمۇ ئېنىق كورسىتىلگەن، ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىدا شۈبھىلىك ئىشلار بار، كىمكى گۇنا ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان ئىشلارنى تەرك ئەتسە، ھارام ئىكەنلىكى ئېنىق ئىشلارنى تېخىمۇ تەرك ئېتىدۇ. كىمكى گۇنا ئىكەنلىكى گۇمانلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلسا، ھاراملىقى ئېنىق ئىشلارنىمۇ قىلىپ سېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. گۇنا ئىشلار ئاللانىڭ چارگاھىدۇر. چارگاھ ئەتراپىدا ئوتلىغان مالنىڭ چارگاھقا كىرىپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

## 148) بالا ئەرنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بالا خوتۇنىنىڭ ئېرىگە تەۋە بولىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئادەمنىڭ بولمايدۇ.

---

① گۇنايى سەغىرلەر كوزدە تۇتۇلىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 149) ھالال كەسپ بىلەن ھارام كەسپنى پەرق قىلمايدىغان كىشىلەر توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ تاپقان نەرسىسىنى ھالالدىن تاپتىمۇ، ھارامدىن تاپتىمۇ، بۇنى پەرق قىلمايدۇ.

## 150) رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: رىزقىم كەڭ بولسۇن ياكى ئۆمرۈم ئۇزۇن بولسۇن دېگەن ئادەم خىش-ئەقرىبا ۋە يېقىنلىرىغا سىلە-رەھىم قىلسۇن①.

---

① سىلە-رەھىم دېگەن خىزمىتىنى قىلىش بىلەن، يوقلاش ۋە زىيارەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. يەنە بىر ھەدىستىكى: ئىنساننىڭ رىزقى، ئەجىلى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا پېشانىسىگە پۈتۈلىدۇ، دېگەن سۆز بىلەن بۇنى قانداق كېلىشتۈرۈش كېرەك دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاپ بېرىلىدۇ: رىزقى كەڭ بولۇش دېگەننىڭ مەنىسى رىزقى بەرىكەتلىك بولۇش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى بېرىلگەن نەرسە سەدىقە بولىدۇ، سەدىقە دېگەن پۇل-مالنى ئۆستۈرىدۇ ۋە كۆپەيتىدۇ، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇش دېگەننىڭ مەنىسى بەدەننىڭ قۇۋۋەتلىك بولۇشىنى ياكى ئۆلگەندە ياخشى نام قالدۇرۇپ كەتسە گويا ئۆلمىگەندەك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى



由 扫描全能王 扫描创建

# 151) كىشىنىڭ كەسپى ياكى ئۆز ئەمگىكى توغرىسىدا

مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە يۆلىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر، ئاللانىڭ پەيغەمبىرى داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكىگە يۆلىنىپ ياشايتتى.

---

چاغدا، سىلە-رەھىم قىلسا مۇنچىلىك بولىدۇ، دەپ يېزىلىشىمۇ مۇمكىن. «تەرغىب ۋە تەرھىب» دېگەن كىتاپتا ئەمر ئىبنى ئاسىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يېزىلغان: ئىنسان پەقەت ئۈچ كۈنلۈك ئۆمرى قالغاندا سىلە-رەھىم قىلىدۇ-دە، ئاللا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئوتتۇز يىل ئۇزارتىدۇ، ئوتتۇز يىللىق ئۆمرى قالغاندا سىلە-رەھىم قىلمايدۇ-دە، ئاللا ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىپ ئۈچ كۈنلۈك قىلىپ قويىدۇ. ئىسمائىل ئىبنى نەياش داۋۇد ئىبنى ئىسادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، تەۋراتتا مۇنداق دەپ يېزىلغان: "سىلە-رەھىم قىلىش، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش ۋە يېقىنلىرىغا ياخشىلىق قىلىش ئۆينى ئاۋات قىلىدۇ، مالنى كۆپەيتىدۇ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، مەزكۇر سۈپەتتىكىلەر كۈپپارلار بولغان تەقدىردىمۇ." ئۆمۈردىكى بەرىكەت دېگەن تائەت-ئىبادەتكە تەۋپىق تېپىش بىلەن، ۋاقىتنى ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىش بىلەن، ئۆزىدىن كېيىن قالغاندا روھىغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت يېتىلىش بىلەن بولىدۇ. مەزكۇر ئىشلارنىڭ كېلىچەكتە قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاللا ئالدىن بىلىدۇ، ئاللانىڭ پىچىمىدىكى نەرسىلەرنىڭ كۆپىيىشى مۇمكىن ئەمەس. كۆپىيىش دېگەن مەخلۇقلارغا نىسبەتەن تەسەۋۋۇر قىلىنسا بولىدۇ. ئاللانىڭ ئىلمى تۈگىمەستۇر، مەلۇماتى چەكسىزدۇر. ئاللاتائالا ھەر ۋاقىت تۈرلۈك ئىشلارنى پەيدا قىلىپ، ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ، مەخلۇقاتلىرىنى يارىتىپ تۇرىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 152) قيينچىلىقتا قالغان قەرزدارغا موھلەت بېرىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە قەرز بېرىدىغان بىر سودىگەر بار ئىدى، ئۇ قيينچىلىقى بار قەرزدارنى كورسە، خىزمەتچىلىرىگە: ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىڭلار، ئاللا بىزگىمۇ كەڭچىلىك قىلىشى مۇمكىن دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇ سودىگەرگە كەڭچىلىك قىلغان ئىدى.

## 153) يالغان سوز سودىنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودىلاشقان جايىدىن يوتكىلىپ كەتمىسىلا، ئۇلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇش ئىختىيارى بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار سودىسىدا راست گەپ قىلىشسا، مالىنىڭ، پۇلىنىڭ ئەيىپلىرىنى يوشۇرۇشمىسا، ئۇلارنىڭ سودىسى بەرىكەتلىك بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار مالىنىڭ، پۇلىنىڭ ئەيىپلىرىنى يوشۇرۇشسا، سودا ئۇستىدە يالغان گەپ قىلىشسا، قىلغان سودىسىنىڭ بەرىكىتى ئۇچۇپ كېتىدۇ.

## 154) جازانىخورلۇق توغرىسىدا

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنى-



由 扫描全能王 扫描创建

دۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىچە چۈشۈمدە ئىككى ئادەمنى① كوردۇم، ئۇلار مىنى مۇقەددەس بىر زىمىنغا ئىلىپ چىقتى. ئۇلار بىلەن مىڭىپ بىر قان دەرياسىغا يىتىپ كەلدۇق، بۇ دەريانىڭ ئىچىدە بىر ئادەم ئورە تۇرۇپتۇ، دەريانىڭ قىرغىقىدا ئالدىدا تاش دوۋلەكلىك بىر ئادەم تۇرۇپتۇ. دەريادىكى ئادەم ئالدىغا مىڭىپ دەريادىن چىقماقچى بولغاندا، قىرغاقتا تۇرغان ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تاش ئىتىپ، ئۇنى ئوز جايىغا قايتۇرۇۋەتتى، ئۇ ئادەم ھەر قىتىم دەريادىن چىقماقچى بولۇپ كەلسە، ئاغزىغا تاش ئىتىپ ئۇنى قايتۇرۇۋىتىپ تۇردى. مىنى ئىلىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ بىرىدىن، بۇ كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ، سەن دەريا ئىچىدە كورگەن ئادەم جازانىخورلۇق قىلغان ئادەم بولىدۇ، دىدى.

## 155) يالغان قەسەم توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: يالغان قەسەم مالنىڭ بازىرىنى چىقىرىدۇ، بەرىكىتىنى كەتكۈزىدۇ.

## 156) ياخشى ھەمرا ئىزدەش توغرىسىدا

بۇردە ئىبنى ئەبى مۇسا ئوزىنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى،

---

① ئۇلار جىبرىل بىلەن مىكائىل ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: ياخشى ھەمرا خۇددى ئىپار ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ. ناچار ھەمرا خۇددى تومۇرچىنىڭ كويۇكىگە ئوخشايدۇ، ئىپار ساتقۇچىنىڭ ياكى ئىپاردىن سېتىۋالـ ـسەن ياكى ئىپارنىڭ خۇش بۇيىنى پۇرايسەن، تومۇرچىنىڭ كويۇكى بولسا بەدىنىڭنى يا كىيىمىڭنى كويدۇرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇرنۇڭغا كىرىدۇ.

## 157) نەسىھەت قىلىشقا تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىدىن نەسىھەت تەلەپ قىلسا، دىنىي قېرىندىشى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويسۇن.

## 158) خۇدالىق ئۈچۈن قىلىنغان خالىس ئەمەلنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈچ نەپەر ئادەم بىرلىكتە سىرتقا چىقىدۇ، ئۇلار يامغۇردا قېلىپ بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، بۇ چاغدا بىر قورام تاش يۇقۇرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ غارنىڭ ئاغزىنى توسىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، ئۆزئارا ھاياتىمىزدا ئىشلىگەن نەق ئەۋزەل ئەمەلىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاغا سىغىنايلى دېيىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى: ئى ئاللا، مېنىڭ ياشىنىپ قالغان قېرى ئاتا-ئانام بار ئىدى، مەن پادا باقاتتىم، ماللارنى سېغىپ كېلىپ ئالدى بىلەن



由 扫描全能王 扫描创建

سۇتىنى ئاتا-ئانامغا ئىچكۈزۈپ، ئاندىن سەغىرە بالىلىرىمغا ۋە ئەھلى-ئايالىمغا ئىچكۈزەتتىم، بىر ئاخشىمى كېچىكىپ قالدىم، سۇتنى ئېلىپ كەلسەم، ئاتا-ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇلارنى ئويغىتىشنى خوپ كورمىدىم، بالىلار قوسىغى ئاچ هالدا ئايىغىمدا يىغلاپ تۇرۇ-شاتتى، سۇتنى ئالدى بىلەن ئاتا-ئانامغا ئىچكۈزۈش ئۇچۇن، سۇبھى يورۇپ ئۇلار ئويغانغىچە قاچىدىكى سۇتنى تۇتۇپ كۇتۇپ تۇردۇم، ئى ئاللا، ئەگەر مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۇچۇن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە ئاسماننى كورەلىگۇدەك يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ، دېۋىدى، قورام تاش ئازراق كوتىرىلدى. يەنە بىر ئادەم: ئى ئاللا، ساڭا مەلۇمكى، مەن تاغامنىڭ قىزىنى بەك ياخشى كورەتتىم، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشنى تەلەپ قىلدىم، ئۇ يۇز دىنار بەرسەم ئاندىن ئۇنايدىغانلىقىنى ئېيتتى، يۇز دىنار تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم، ئۇ ئىختىيارنى ماڭا تاپشۇردى، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغىنىمدا، ئۇ: ئاللادىن قورققىن، نىكاسىز يېقىنلاشمىغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاشلاپ كەتتىم، ئى ئاللا، سېنىڭ رازىلىقىڭنى دەپ مېنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە چوڭراق يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ دېۋىدى، قورام تاشنىڭ ئۇچتىن ئىككىسى كوتىرىلدى. يەنە بىرسى: ئى ئاللا، ساڭا مەلۇمكى، بىر مەدىكارنى ئىش ھەققىگە بىر فەرەق (74.122 كىلو-گىرامغا تەڭ. — ت) قوناق بېرىشكە سوزلىشىپ ئىشلەتتىم، ئۇ ئىشنى تۇگىتىپ ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە بەرمەكچى بولغان قوناقنى تېرىپ ئۇنىڭ ئۇچۇن دىخانچىلىق قىلىپ قويدۇم، هوسۇل كوپىيىۋەردى، ئۇنىڭغا چارۋا ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى قۇل ئېلىپ قويدۇم، بىرقانچە ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇ كىلىپ: ئى ئاللانىڭ بەندىسى، ئىش ھەققىمنى بەرگىن، دىدى. مەن ئۇنىڭغا: ئاشۇ چارۋىلار ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى — ھەممىسى سىنىڭكى دىدىم. ئۇ: مىنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ دىدى. مەن ئۇنىڭغا: زاڭلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۇنىڭ ھەممىسى سىنىڭ ئىش ھەققىڭ بولىدۇ دىدىم. ئى ئاللا، يۇقۇرقى ئىشنى سىنىڭ رازىلىغىڭ ئۈچۈن قىلغانلىغىمنى بىلسەڭ، بۇ تاشنى كوتىرىۋەتكىن دىدى. شۇنىڭ بىلەن غارنىڭ ئاغزىدىكى قورام تاش پۈتۈنلەي كوتىرىلىپ كەتتى، ئۇلار غاردىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقتى.

## 159) جانسىز نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ سىتىش توغرىسىدا

سەئىد ئىبنى ئەبى ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئاببىسنىڭ يىنىدا تۇراتتىم، بىر ئادەم كىلىپ: ئى ئىبنى ئابباس، مىنىڭ رەسىم سىزىش ھۈنىرىم بار، رەسىم سىزىپ كۈن كەچۈرىمەن، دىدى. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: ساڭا مەن پەقەتلا رەسۇلۇللادىن ئاڭلىغىنىمنى ئېيتىپ بىرەي، رەسۇلۇللانىڭ: جاندارلارنىڭ رەسىمىنى سىزغان ئادەمنى ئاللا ئۆزەڭ سىزغان رەسىمگە جان كىرگۈز دەپ ئازاپلايدۇ، رەسىم سىزغۇچى ئۇنىڭغا ھەرگىز جان كىرگۈزەلمەيدۇ، دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دىدى. ئۇ ئادەم قورقۇپ تىترەپ چىرايى سارغىيىپ كەتتى. ئىبنى ئاببىس ئۇنىڭغا: ساڭا ئۇۋال، يەنىلا ھۈنىرىڭنى قىلماقچى بولساڭ، دەل - دەرەخقە ئوخشاش جانسىز نەرسىلەرنى سىزساڭ بولىدۇ دىدى



由 扫描全能王 扫描创建

## 160) ھور ئادەمنى ساتقانلارنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاتائالا ئېيتتىكى، ئۈچ تۈرلۈك ئادەم قىيامەت كۈنى مېنىڭ دۈشمىنىم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى خىلى ــ مەن بىلەن قەسەم قىلىپ ۋەدە بېرىپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ئادەم، ئىككىنچى خىلى ــ ھور ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەم، ئۈچىنچى خىلى ــ بىر ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىپ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ئادەم.

## 161) قەرزنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: باي ئادەمنىڭ قەرزنى ئارقىغا سوزۇپ ۋاقتىدا بەرمەسلىكى زۇلۇم سالغانلىق بولىدۇ، بىر كىمنىڭ بىر ئادەمدە ئېلىشى بولۇپ، ئۇ ئادەم ئۇنى بىر باي كىشىنىڭ بېرىپ قويۇشىغا ھاۋالە قىلسا، بۇ ھاۋالەنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

## 162) تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق مۇسۇلمان دەرەخ



由 扫描全能王 扫描创建

تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇشلار ياكى ئىنسانلار ياكى ھايۋانلار يېسە، مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ.

## 163) دېخانچىلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىت بېقىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئىت باقىدىكەن، ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابىدىن بىر پارچە كېمىيىپ تۇرىدۇ. ئەمما دېخانچىلىق ياكى چارۋىچىلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىت بېقىش ئۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

## 164) يالغان قەسەم ئىچىش توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ پۇل-مېلىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم ئىچىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭغا دەرغەزەپ بولغان ھالدا مۇلاقات بولىدۇ.

## 165) مۇساپىرغا سۇ بەرمىگەن ئادەمنىڭ گۇنايى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە ئاللا قىيامەت كۈنى غەزەپ قىلىدۇ، ئۇلارنى گۇنالىرىدىن پاكلىمايدۇ ۋە

ئۇلارغا قاتتىق ئازاپ قىلىدۇ. بىرىنچىسى — يول ئۈستىدە ئېشىپ قالغان سۇيى تۇرۇپمۇ ئۇنى مۇساپىرلارغا بەرمىگەن ئادەم؛ ئىككىنچىسى ئىسلام خەلىپىسىگە بۇ دۇنيالىقىنى كوزلەپ بەيئەت قىلىپ، خەلىپە ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرسە مەمنۇن بولغان، بىر نەرسە بەرمىسە ئۇنى يامانلىغان ئادەم؛ ئۈچىنچىسى ناماز ئەسىردىن كېيىن ماللىرىنى بازارغا سېلىپ، شىرىكى يوق بىر ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ مالنى خېرىدار مۇنچە قىلغان ئىدى، دەپ باشقىلارنى ئىشەندۈرۈپ ساتقان ئادەم. ئاندىن رەسۇلۇللا: "ئاللا بىلەن ئىچكەن قەسىمىنى ئاز پۇلغا ساتىدىغان ئادەملەر......" دىگەن ئايەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇدى.

## 166) ئات ۋە ئۇلاقلارنى سۇغىرىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئات بىر تۈرلۈك ئادەم ئۈچۈن ساۋاپ ئېلىپ كېلىدۇ، يەنە بىر تۈرلۈك ئادەم ئۈچۈن كەمبەغەللىككە دالدا بولىدۇ، يەنە بىر تۈرلۈك ئادەم ئۈچۈن گۇنا ئېلىپ كېلىدۇ. ئات ساۋاپ ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم شۇنداق ئادەمكى، ئۇ ئادەم ئاتنى جىھاد ئۈچۈن راستلاپ، ئوتلاق ياكى باغچىغا (بۇ ئىككىسىنىڭ قايسى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان) ئۇزۇن قويۇۋېتىكەن. ئاغامچىسى ئۇزۇن قويۇۋېتىلگەن ئاتنىڭ ئۇ يەردە ئوتلىغان ئوتى ئۈچۈن ئات ئىگىسىگە ساۋاپ يېزىلىدۇ. ئەگەر ئاتنىڭ ئاغامچىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ئويناقشىپ بىر-ئىككى چامدام سەكرىسە، ئۇنىڭ سەكرىگەن ئىزى ۋە تېزەكلىگەن تېزىكى ئۈچۈنمۇ ئىگىسىگە ساۋاپ يېزىلىدۇ. ئەگەر ئاتنىڭ ئىگىسى ئۇنى سۇغارماقچى



由 扫描全能王 扫描创建

بولمىسىمۇ، ئات كېتىۋېتىپ يولدا ئۇچرىغان ئوستەڭدىن ئىچكەن سۇيى ئۈچۈنمۇ ئات ئىگىسىگە ساۋاپ يېزىلىدۇ. ئەگەر ئاتنى تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن كۆپەيتىش مەقسىدىدە ۋە كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا قاراپ قالماسلىق مەقسىدىدە باققان بولسا، ئاندىن ئات تىجارىتىدىكى ئاللانىڭ ھەققى بولغان زاكاتنى ئادا قىلسا، ئاتنى جىھاد ئۈچۈن ئىشلىتىشنى ئۇنتۇمىسا ۋە ئۇنىڭغا كۆتىرەلمەيدىغان يۈك ئارتمىسا، بۇنداق ئادەم ئۈچۈن ئات كەمبەغەللىكتىن دالدا بولىدۇ. ئەگەر ئاتنى ماختانچاقلىق قىلىش ئۈچۈن، رىيا ئۈچۈن ۋە ئەھلى ئىسلام بىلەن دۈشمەنلىشىش ئۈچۈن باققان بولسا، مۇنداق ئادەم ئۈچۈن ئات گۇنا ئېلىپ كېلىدۇ.

## 167) كىشىلەردىن پۇل-مال ئالغان ئادەم توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى قايتۇرۇش نىيىتى بىلەن كىشىلەردىن قەرز ئالسا، ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن پۇل-مال ئالسا، ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللا مەرھەمەت قىلىپ، ئۇنىڭ قايتۇرۇشنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كىمكى كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى قايتۇرماسلىق نىيىتى بىلەن ئالسا، ئېلىنغان پۇل-مالنى ئاللا توزۇتۇۋېتىدۇ①.

## 168) رەسۇلۇللانىڭ قەرزدىن پاناھ تىلىگەنلىكى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

① تۇرمۇشىنى تىرىپسىن قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى جازالايدۇ دېگەن مەنىدە.

ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ ئاخىرىدا: ئى ئاللا، ساڭا سىغىنىپ گۇنا ئىش-
لاردىن ۋە قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن پانا تىلەيمەن، دەپ دۇئا
قىلاتتى.

## 169) پۇل-مالنى ئىسراپ قىلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاتائالا سىلەرگە ئاناڭ-
لارنى قاخشىتىشنى، قىزلىرىڭلارنى تىرىك كومۇشنى، بېرىشكە تېگىش-
لىك بولغان نەرسىلەرنى بەرمەسلىكنى، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى
ناھەق يول بىلەن ئېلىشىڭلارنى ھارام قىلىدۇ، ئاللا سىلەرنىڭ قۇرۇق
پاراڭ سېلىشىڭلارنى، كوپ سوئال سورىشىڭلارنى ۋە پۇل-مالنى
ئىسراپ قىلىشىڭلارنى يامان كورىدۇ.

## 170) زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىقلاردىن قىساس ئېلىش توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مومىن بەندىلەر دوزەخ
ئۈستىدىكى پىلسىرات كوۋرۇكىدىن ئوتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار
دوزەخ بىلەن جەننەت ئارىسىدىكى چوڭ بىر جايدا توختىتىپ قويۇ-
لۇپ، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى چاغلىرىدا بىر بىرىدە قالغان قىساسلىرى
ۋە ھەقلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ، قىساس ۋە غەيرىلەرنىڭ ھەقلىرى
ئېلىپ بېرىلىپ، گۇنادىن پاك بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جەننەتكە
كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەھلى



由 扫描全能王 扫描创建

جەننەت بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى جايىنى دۇنيادىكى ماكا-
نىدىنمۇ ياخشىراق تونۇيدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەي-
ھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئاللاتائالا
قىيامەت كۈنى مۆمىن بەندىسىنى ئۆزىگە يېقىن قىلىپ، رەھمىتىگە
سازاۋەر قىلىپ، ئۇنى دالدىغا ئېلىپ، پالانى گۇنايىڭنى بىلەمسەن،
پوكۇنى گۇنايىڭنى بىلەمسەن؟ دەپ سورايدۇ. بەندە، ھەئە، بىلىمەن،
ئى رەببىم، دەيدۇ. بەندە ئۆزىنىڭ گۇنالىرىغا ئىقرار قىلىپ، ئەمدى
ھالاك بولدۇم دەپ تۇرغاندا، ئاللا ئۇنىڭغا گۇنالىرىڭنى دۇنيادىكى
چېغىڭدا ئاشكارىلىمىغان ئىدىم، بۈگۈن بولسا سېنى مەغپىرەت قىلدىم
دەپ، ياخشىلىقلار يېزىلغان نامە-ئەمالىنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىدۇ.
كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارغا كېلىدىغان بولساق، ئۇلارغا قارىتا،
پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن ئىبارەت گۇۋا-
چىلار: بۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىشەنمىگەن كاپىرلاردۇر،
كاپىرلار چوقۇم ئاللانىڭ غەزىۋىگە دۇچار بولىدۇ، دەيدۇ.

**173) مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكى، ئۆزئارا
ياردەمدە ۋە يار-يۆلەكتە بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا**

ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداش①، بىر بىرىگە زۇلۇم

① ئۇنى زىيان-زەخمەتكە ئۇچراشتىن قوغدايدۇ، ياكى ئۇنىڭ بېشىغا
بىرەر مۇسىبەت كەلسە، تەسەللى بېرىدۇ ۋە ياردەمدە بولىدۇ، دېگەن مەنىدە.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلمايدۇ ۋە بىر بىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشى-نىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئاللا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋەتسە، ئاللا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋېتىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىۋىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللا ئۇنىڭ ئەيىۋىنى ياپىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: دىنىي قېرىندىشىڭ زۇلۇم قىلسىمۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن، دېدى. بىرسى قوپۇپ: ئى رەسۇلۇللا، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغىغۇ ياردەم بېرەرمىز، زۇلۇم قىلغۇچىغا قانداق ياردەم بېرىمىز؟ دېۋىدى، رەسۇلۇللا ئۇنىڭ زۇلمىنى چەكلىشىڭ كېرەك، دېدى.

## 174) زۇلۇمنىڭ قاراڭغۇ-زۇلمەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: زالىمغا ئۇزىنىڭ قىلغان زۇلمى قىيامەت كۈنى قاراڭغۇ-زۇلمەت بولىدۇ.

## 175) ئۇستىدە بىراۋنىڭ ھەققى قالغان كىشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئۆزىدە بىراۋنىڭ مەنىۋى ياكى ماددى ھەققى① قالغان بولسا، ئۇنى قىيامەت كۈنىگە قالدۇرماي مۇشۇ دۇنيادا رازى قىلىۋەتسۇن، زۇلۇم قىلغۇچى ئادەم ھەق ئىگىسىنى بۇ دۇنيادا رازى قىلىۋەتمەي ئاخىرەتكە قالدۇرسا، زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھەق ئىگىسىنىڭ قانچىلىك ھەققى بولسا شۇنچىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، ھەق ئىگىسىنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ زۇلۇم قىلغۇچىغا يۈكلىنىدۇ.

## 176) كىشىنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالغان ئادەم توغرىسىدا

سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى كىشىنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئۇ شۇ زېمىننى يەتتە قەۋەت قەرىگىچە كۆتىرىشكە زورلىنىدۇ.

## 177) دەۋاسىدا قاتتىق ئادەم توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: دەۋاسىدا قاتتىق ئادەمنى ئاللا ئەڭ يامان كۆرىدۇ.

---

① پۇل - مال، يارىدار قىلىش ھەتتا بىر كاچات ئۇرۇشمۇ بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قىزى زەينەپتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، زەينەپكە ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە مۇنداق دەپ بەرگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا دە-تالاش قىلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ: مەن بولسام بىر ئىنسانمەن، مېنىڭ ئالدىمغا دە-تالاش قىلغان ئادەملەر كېلىدۇ، بىرىڭلاردىن بىرىڭلار گەپكە ئۇستا بولۇشۇڭلار مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن گەپكە ئۇستا ئادەمنىڭ گېپىنى راست دەپ قېلىپ، ئۇنىڭ پايدىسىغا هوكۇم قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن، مەن بىر كىشىنىڭ پايدىسىغا بىرەر مۇسۇلماننىڭ هەققىنى بۇيرۇپ قويغان بولسام، بۇ هەق بىر پارچە ئوت هېساپلىنىدۇ، بۇ ئوتنى خالىغان ئادەم ئالسۇن، خالىغان ئادەم قويسۇن، دېدى.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مۇنداق توت خىسلەت بار، كىمدە مۇشۇ توت خىسلەت بولىدىكەن، ئۇلارنى تەرك ئەتمىگىچە ئۇ مۇناپىق هېساپلىنىدۇ، كىمدە مۇشۇ توت خىسلەتتىن بىرى تېپىلىدىكەن، ئۇنى تەرك ئەتمىگىچە، ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقتىن بىر خىسلەت بولغان بولىدۇ. بۇ توت خىسلەت: يالغان سوزلىمەك، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلماق، قىلغان توختامنى بۇزماق، جېدەللەشكەندە ئاغزىنى بۇزماق.

## 180) زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئوز هەققىنى ئېلىش توغرىسىدا

ئەبۇلخەيرنىڭ ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇقبە مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەن بىزنى سىرتقا



由 扫描全能王 扫描创建

ئەۋەتكەندە بىرەر قەۋمنىڭ ئارىسىغا بىرىپ چۈشسەك، ئۇلار بىزنى كۈتمەيدۇ①، بۇ ھەقتە نىمە دەيسەن؟ دىدۇق. رەسۇلۇللا بىزگە: بىرەر قەۋمنىڭ ئارىسىغا بىرىپ چۈشسەڭلار، سىلەرنى مېھمانغا زورۇر بولغان نەرسىلەر بىلەن كۈتسە، ئۇلارنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇنداق قىلمىسا، مېھمانىنىڭ ھەققى بولغان تېگىشلىك نەرسىنى ئالساڭلار بولىدۇ، دىدى.

## 181) كىشىنىڭ ئۆز تېمىدىن خوشنىسىنىڭ پايدىلىنىۋېلىشىنى توسماسلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىشى ئۆزىنىڭ تېمىغا② خوشنىسىنىڭ ياغاچ قويۇۋېلىشىنى توسمىسۇن.

## 182) ئىشىك ئالدىدا ۋە كوچىلاردا ئولتۇرۇش توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كوچىلاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار دىگەندە، كىشىلەر: ئۇ يەرلەردە ئولتۇرمىساق بولمايدۇ، چۈنكى كوچىلار بىزنىڭ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىدىغان جايىمىز، دىيىشتى.

---

① يىمەك ـ ئىچمەك بەرمەيدۇ.

② شۇنداق قىلماي بولمايدىغان ۋە تامغا زىيان يەتمەيدىغان شارائىت ئاستىدا شۇنداق قىلىش شافىئىنىڭ بۇرۇنقى قارىشىدا ۋاجىپ، كېيىنكى قارىشىدا مۇستەھەپ.

رەسۇلۇللا ئۇلارغا: كوچىلاردا يەنىلا ئولتۇرىۋېرىدىغان بولساڭلار، كوچىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار، دېدى. ئۇلار: كوچىنىڭ ھەققى نىمە؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: كوچىنىڭ ھەققى ھارامدىن كوزنى يىغىش، كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، سالام بەر-گەنلەرنىڭ سالامىنى ئەلەيك ئېلىش، كىشىلەرگە ئەمرى-مەرۇپ، نەھيى-مۇنكەر قىلىش، دېدى.

## 183) يولدىكى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلىۋېتىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم يولدا كېتىۋې-تىپ، ئۇچرىغان تىكەنلىك بىر تال شاخنى يولدىن ئېلىپ تاشلى-ۋەتتى، ئاللا ئۇنىڭ بۇ ئەمىلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مەغپىرەت قىلدى.

## 184) ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىۋېلىنغان مال-مۇلۇك توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: زىنا قىلغۇچى كامىل مومىن بولغان ھالدا زىنا قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى كامىل مومىن بولغان ھالدا ھاراق ئىچمەيدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچى كامىل مومىن بولغان ھالدا ئوغرىلىق قىلمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلىغۇچى



由 扫描全能王 扫描创建

كامىل مومىن بولغان ھالدا ئۇلارنى قارىتىپ قويۇپ تۇرۇپ ماللىرىنى بۇلىمايدۇ.

## 185) سەلىب (ناسارالارنىڭ قارىشىچە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېسىلغان ياغاچنىڭ شەكلى.—ت) نىڭ چېقىلىشى ۋە چوشقىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەرگە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا چۈشۈپ ئادىل ھوكۈمران بولۇپ، سەلىبنى چېقىپ تاشلىغان، چوشقىلارنى ئۆلتۈرگەن، جىزيە (ئىسلام دىنى ھوكۈمران جايلاردا غەيرى دىندىكىلەردىن ئېلىنىدىغان مەخسۇس باج.—ت)نى ئەمەلدىن قالدۇرغان، پۇل-مال ئېشىپ تېشىپ تۇرغان ھەتتا ھېچكىم قوبۇل قىلىپ ئالمايدىغان بولغان چاغدا①، ئاندىن قىيامەت قايىم بولىدۇ.

## 186) پۇل-مېلىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۇرۇشقان ئادەم توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان: كىمكى ئۆزىنىڭ پۇل-مېلىنى قوغداش يولىدا ئۆلسە، ئۇ شەھىت ھىساپلىنىدۇ.

---

① ئۇلار قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئالمايدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 187) سەۋەنلىك، ئۇنتۇپ قالغانلىق توغرىسىدا ۋە ئەمەلنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دىگەن: هەر ئادەمگە ئۇنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ، سەۋەنلىك ۋە ئۇنتۇپ قېلىش بىلەن بىرەر ئىشنى قىلىپ سالغان ئادەمنى نىيەت قىلىپ قىلدى دىگىلى بولمايدۇ.

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دىگەن: مېنىڭ ئۇممەتلىرىم كۆڭلىگە كەلگەن يامان ئىشلارنى قىلمىسىلا ياكى سۆزلىمىسىلا، مېنىڭ ئۈچۈن ئاللا ئۇلارنى كەچۈرىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دىگەن: ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق، هەر كىشىگە ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ. كىمكى ئاللانىڭ ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن هىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ هىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ؛ كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل-مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن هىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ هىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ①.

① هىجرەتنى ئاللا ئۈچۈن خالىس قىلغان ئادەم ئاللانىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، هىجرىتىدىن بۇ دۇنيالىق مەنپەئەتنى ياكى خوتۇن ئېلىشنى كۆزلىگەن ئادەمنىڭ نېسىۋىسى شۇ بولۇپ، ئاخىرەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلمەيدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 190) خىزمەتچىسى تاماق ئېلىپ كەلگەن كىشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىرەركىمنىڭ خىزمەتچىسى تاماق ئېلىپ كەلسە، ئۇ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ بىللە يېسۇن، خىزمەتچىسى بىلەن بىللە يېمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا تاماقتىن ئاز-تولا ئېغىز تەگدۈرسۇن، چۈنكى ئۇ تاماق ئېتىشنىڭ جاپاسىنى تارتقان.

## 191) خىزمەتچىسىنى ئۇرۇش توغرا كەلگەندە يۈزىگە ئۇرماسلىق توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەڭدە كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرماڭلار.

## 192) سوغىغا قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئى مۇسۇلمان ئاياللار، خوشناڭلار بەرگەن سوغىنى قوينىڭ تۇۋىغى چاغلىق نەرسە① بولسىمۇ ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىڭلار.

---

① گوشى ئاز بىر پارچە سۆڭەك بولسىمۇ دېگەن بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 193) بەرگەن سوغىنى قايتۇرۇۋالماسلىق توغرىسىدا

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بەرگەن سوغىسىنى قايتۇرۇۋالغان ئادەم قەي قىلىپ بولۇپ قەي قىلغان نەرسىنى قايتا يىگەن ئىتقا ئوخشايدۇ، بىز مۇسۇلمانلار جامائەسى بۇنداق يامان ئىشتىن يىراق بولۇشىمىز لازىم.

## 194) ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرىدىن غەيرىگە خەيرى-ساخاۋەت قىلىشى توغرىسىدا

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسمادىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دىگەن: خەيرى-ساخاۋەت قىلغىن، سىقىپ تۇرۇۋالمىغىن، بۇنداق قىلساڭ ئاللا نەرسەڭنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇۋىتىدۇ ۋە ساڭا كۆپ نەرسە بەرمەيدۇ. يىغىپ مۇمسىكلىك قىلمىغىن، بۇنداق قىلساڭ، ئاللا رىزقىڭنى تار قىلىپ قويىدۇ.

## 195) ھەق گەپ قىلىش توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ھەق گەپ ئىگىسىنىڭ سۆزلەشكە ھەققى بار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان ئادەم ئەڭ ئوبدان ئادەمدۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

## 196) مومىن ئادەمنىڭ ناھەق ئىشقا گۇۋالىققا تارتىلسا گۇۋا بولماسلىقى توغرىسىدا

ئۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئاتام ئاتامدىن بىر قىسىم مېلىنى ماڭا بەخشەندە قىلىپ بېرىشىنى سورىغان ئىدى. ئاتام دەسلەۋىدە ئۇنىمىغان بولسىمۇ، كېيىن ماڭا ئۇنى بەخشەندە قىلىپ بەردى. ئاتام بۇ ئىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇۋا قىلمىغىچە رازى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاتام قولۇمدىن يېتىلەپ — بۇ تېخى مېنىڭ بالا چېغىم ئىدى —، رەسۇلۇللانىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ باردى. ئاتام رەسۇلۇللاغا :بۇ بالىنىڭ ئانىسى بىنتى رەۋاھە بىر قىسىم مېلىمنى بۇ بالىغا بەخشەندە قىلىپ بېرىشىمنى سوراۋاتىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن باشقا بالاڭ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ئاتام: ھەئە، بار دەپ جاۋاپ بەردى. رەسۇلۇللا: ناتوغرا ئىشقا مېنى گۇۋالىققا تارتمىغىن، دېگەندەك بىر گەپنى قىلدى. ئەبۇ ھەرىزنىڭ شەئبىدىن قىلغان رىۋايەتىدە، رەسۇلۇللا ناتوغرا ئىشقا گۇۋا بولمايمەن دېگەن، دېيىلىدۇ.

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەڭ ياخشى كىشىلەر مېنىڭ دەۋرىمدە ياشىغان كىشىلەردۇر (ساھابىلەر كوزدە تۇتۇلىدۇ.— ت)، ئۇلاردىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ياشىغان كىشىلەردۇر (تابىئىنلار — ت) ئۇلاردىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ياشىغان كىشىلەردۇر (تەبئى تابىئىنلار — ت). ئىمران پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ئۇزىنىڭ دەۋرىدىن كېيىن ئىككى دەۋرنى تىلغا ئالدىمۇ ياكى ئۈچ دەۋرنىمۇ، بۇ يادىمدا يوق دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: سىلەردىن كېيىن شۇنداق بىر خەلق كېلىدۇكى، ئۇلار خىيانەتكار، ئىشەنچسىز، ئۇزلىرى گۇۋالىق بېرىدىغان ئەمما گۇۋالىققا تارتىلمايدىغان، ئاللاغا قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلار دۇنياغا بەكمۇ ھېرىس ۋە راھەتپەرەس كېلىدۇ، دېدى.

## 198) يالغان گۇۋالىق بېرىش توغرىسىدا، كىشىلەرنى ئەپلەشتۇرۇش مەقسىدىدە قىلىنغان يالغان گەپنىڭ يالغان ھىساپلانمايدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇنايى كەبىرە توغرىلىق سورالغان سوئالغا: ئاللاغا شېرىك كەلتۇرۇش، ئاتا-ئانىنى قاخشىتىش، ناھەق ئادەم ئولتۇرۇش ۋە يالغان گۇۋالىق بېرىش گۇنايى كەبىرە قاتارىغا كىرىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. ئاللاتائالا قۇرئاندا: "يالغان گۇۋالىق بەر-مەيدىغان كىشىلەر......" دەيدۇ.

ئۇقبەنىڭ قىزى ئۇمموگۇلسۇمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى ئەپلەشتۇرۇش ئۇچۇن، يارىشىشقا پايدىلىق سوزلەرنى قىلغان ئادەم يالغانچى ھىساپلانمايدۇ.

由 扫描全能王 扫描创建

## 200) جاۋاپكارنىڭ قەسەم كەلگەن يەردە قەسەم ئىچىشى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ پۇل-مېلىنى يۇلۇۋېلىش مەقسىدىدە يالغاندىن قەسەم ئىچىسە، ئاللا ئۇنىڭغا دەرغەزەپ بولغان هالدا مۇلاقات بولىدۇ.

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بىلەن سۆزلەشمەيدۇ، ئۇلارنى گۇنالىرىدىن پاك-لىمايدۇ، ئۇلارنى قاتتىق ئازاپلايدۇ. ئۇلار — يول ئۈستىدە ئېشىپ قالغان سۇيى تۇرۇپمۇ ئۇنى مۇساپىرغا بەرمىگەن ئادەم؛ ئىسلام خەلىپىسىگە بۇ دۇنيالىقنى كۆزلەپ بەيئەت قىلىپ، خەلىپە ئۇنىڭغا دىگىنىنى بەرسە مەمنۇن بولۇپ سادىق بولغان، دىگىنىنى بەرمىسە ئاغرىنىپ ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەم؛ ناماز ئەسرىدىن كېيىن مېلىنى بىر ئادەم بىلەن سودىلىشىپ، خېرىدار مۇنچە قىلغان ئىدى دەپ قەسەم ئىچىپ ساتقان ئادەم.

## 202) ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، راستلىق ۋە ئىشەنچ توغرىسىدا

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 203) شەرىئەتتە يوق نەرسىلەرنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى ئىسلام دىنىدا بولمىغان بىر ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## 204) كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئىنسانىنىڭ بەدىنىدىكى ھەر بىر ئۇگە ئۇچۇن ئاللانىڭ نىمىتىگە شۇكرى قىلىش يۈزىسىدىن ھەر كۈنى سەدىقە بىرىش لازىم بولىدۇ. ئىنسانىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇشى سەدىقە ھىساپلىنىدۇ①.

---

① ئاللاتائالا ئىنسانىنىڭ بەدىنىدىكى سۆڭەكلەردە ئۇگىلەرنى يارىتىش بىلەن، سۆڭەكلەرنى يىغىلالايدىغان، سوزۇلالايدىغان قىلدى. ئۇگىلەرنىڭ نازۇك ھەركەتلىرى ئەقىللەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ، مانا بۇ ئىنسانلارغا بەرگەن ئاللانىڭ چوڭ نىمىتى، ئىنسان شۇنداق نىمەتنى ئىنئام قىلغان ئاللاغا شۇكرى قىلىش يۈزىسىدىن سەدىقە بىرىشكە توغرا كىلىدۇ. ئاللا ئىنسانلارنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى يەڭگىللىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا توغرا ئىش قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئۇلار ئۇچۇن سەدىقە ئورنىدا قىلدى. ئىككى رەكئەت زۇھا نامىزى (كۈن تىكلەشكەندە ئوقۇلىدىغان نەپلى ناماز. — ت)مۇ سەدىقىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. قۇبا ئاھالىسى ئۇرۇشۇپ ئۆزئارا تاش ئىتىشقان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىنىدىكىلەرگە: يۈرۈڭلار، بىرىپ ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويايلى، دىگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

## 205) نىكادا دۇرۇس بولمايدىغان شەرتلەر ۋە نادۇرۇس سودا توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سەھرادىن ئېلىپ كېلىنگەن مالنى شەھەرلىك ئادەم ساتسا بولمايدۇ①، خېرىدارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن يالغاندىن مالنىڭ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، كىشى ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنىڭ قىلغان سودىسىنى بۇزۇپ باھاسىنى ئاشۇرۇپ ئېلىۋالمىسۇن ۋە دىنىي قېرىندىشى پۇتۇشۇپ قويغان ئايالنى ئالىمەن دەپ سوز ئاچمىسۇن. ئايال كىشى ئۆزى تېگىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ② ئۆيىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئېرىدىن ئۇنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلمىسۇن.

## 206) ئۆلىدىغان ۋاقتىدا قىلىدىغان سەدىقىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئادەم كېلىپ: ئى رەسۇلۇللا، قايسى

① سەھرالىق ئادەم شەھەرگە مال ئېلىپ كىرىپ شۇ كۈنكى باھادا ساتماقچى بولغىنىدا، شەھەرلىك ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا: مېلىڭنى مەندە قويۇپ قوي، ئاستا-ئاستا يۇقۇرى باھادا سېتىپ بېرىمەن دېگەنلىكى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

② نەسەپ ياكى ئېمىلدەشلىك ياكى دىنىي جەھەتتىكى ھەمشىرە كوزدە تۇتۇلىدۇ. دىنسىز ئاياللمۇ شۇ ھوكۇم دائىرىسىگە كىرىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

خىلدىكى سەدىقىنىڭ پەزىلىتى ئارتۇق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاپ بېرىپ: تېنىڭ ساق، پۇل-مالغا ئامراق، باي بولۇشنى ئۈمىت قىلىپ تۇرغان، پەقىرلىقتىن قورقۇپ تۇرغان ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقەڭنىڭ پەزىلىتى ھەممىدىن ئارتۇق بولىدۇ، سەدىقە بېرىشنى كېچىكتۈرمىگىن. جان ھەلقۇمغا يەتكەندە پالانىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار دېگىنىڭ بىلەن، بۇ چاغدا مال باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

## 207) خىش-ئەقرىبالىرىغا سەدىقە قىلغان كىشى توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تەلھە زەيد ئىبنى سەھلگە①: بېغىڭنى كەمبەغەل تۇققانلىرىڭغا بەرگىن دېگەن، ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە②

---

① "ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلارنى بەرمىگىچە ھەقىقى ياخشىلىقنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلمەيسىلەر" دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، ئەبۇ تەلھە: رەببىمىز بىزدىن ماللىرىمىزدىن سەدىقە قىلىشنى سوراپتۇ. ئى رەسۇلۇللا، گۇۋا بولغىنكى، بېغىم بەيرەھانى خۇدا يولىدا بېرىۋەتتىم، دېگەن.

② ئەبۇ تەلھە مەدىنە بويىچە ئەنسارلار ئىچىدە پۇل-مېلى ۋە خورمىزارلىقى ئەڭ كۆپ ئادەم ئىدى. مال-مۈلكى ئىچىدە ئۇ بېغى بەيرەھانى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. ئەبۇ تەلھە بۇ بېغنى ئاللانىڭ رازىلىقىنى ۋە ئاخىرەتلىك قوراماق بولۇپ قېلىشنى ئۈمىت قىلىپ ئاللا يولىدا سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەي-ھەي، بۇ بېغىڭ قۇت ئاتتى، بۇ بېغىڭ قۇت ئاتتى، مېنىڭچە ئۇنى خىش-ئەقرىبالىرىڭغا بەرسەڭ دەيمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيرەھاغا كىرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا سايىدايتتى ۋە ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچەتتى.



由 扫描全能王 扫描创建

بەيرەھا دەپ ئاتالغان بىغىنى ھەسسان ئىبنى سابىت بىلەن ئۇبەي ئىبنى كەئىبكە بېرىۋەتتى.

## 208) يېتىملەرنىڭ مېلىنى يېۋېلىشنىڭ يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇنا قاتارىغا كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇنادىن ساقلىنىڭلار دېگەندە، ئى رەسۇلۇللا، ئۇلار قايسى گۇنالار دەپ سورىغان كىشىلەرگە: ئاللاغا شېرىك كەلتۈرمەك، سېھىرگەرلىك قىلماق، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەك، جازانىخورلۇق قىلماق، يېتىمنىڭ① مېلىنى يەۋالماق، غازاتتىن قاچماق②، ئىپپەتلىك، پاك مۇسۇلمان ئاياللارغا بوھتان چاپلىماق دېگەن.

## 209) جىھادنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جىھادنىڭ ئەۋزەللىكى توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجدۇر.

## 210) كىمنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

① بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② جىھاددىن ۋە ئاللانىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشتىن قاچماق.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەڭ ياخشى ئادەم كىم دەپ سورىغان كىشىگە: جېنى بىلەن، مېلى بىلەن ئاللا يولىدا جىھاد قىلغان مۇسۇلمان ئادەم، دېگەن. ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىغۇچىغا، بىر تاغنىڭ ئارىسىغا① كىرىۋېلىپ، تەقۋىدارلىق قىلغان، كىشىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن ھالدا ياشايدىغان ئادەم② دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيىسسالامنىڭ مۇنداق دەپ ئېيتقانلىغىنى ئاڭلىدىم دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچى (ئاللا ئۆزىنىڭ يولىدا خالىس جىھاد قىلغان كىشىنى ئوبدان بىلىدۇ) خۇددى كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئاللاتائالا ئاللا ئۈچۈن جىھاد قىلغۇچىنى شەھىت بولغان ھامان جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى ئۇنى ساۋاپ بېرىپ سالامەت قايتۇرۇشقا يا غەنىمەت

---

① تاغنىڭ ئارىسى دېگەندە خىلۋەت، خالى جاي كوزدە تۇتۇلىدۇ، مەسچىت ۋە ئۆيلەرگە ئوخشاش، كىشىلەردىن خالى جايلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا كىرىدۇ.

② خىلۋەتتە بولۇشنىڭ پەزىلىتى شۇكى، كىشى ئۇنىڭدا غەيۋەت-شىكايەت ۋە بىھۇدە سوز قاتارلىقلاردىن خالى بولىدۇ، كىشىلەرگە ئارىلاشقاندا يۇقۇرقىدەك ئەھۋاللار يۈز بەرگەن شارائىتتا، خىلۋەتتە بولغان ياخشى، ئۇنداق بولمىسا، كوپچىلىك ئولىمالارنىڭ قارىشىچە، كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ئوتكەن ئەۋزەل. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاساسى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر: كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرى-تاقەت قىلىپ ئوتكەن مۇسۇلماننىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ۋە ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرى-تاقەت قىلالمايدىغان مۇسۇلماننىڭكىگە قارىغاندا چوڭ بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ۋە ساۋاپ بىلەن سالامەت قايتۇرۇشقا كېپىل.

## 212) جىهاد قىلغۇچى غازىلارنىڭ ۋە ئاللا يولىدا شەھىت بولغانلارنىڭ مەرتىۋىلىرى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، پەرز نامازلارنى ئوقۇيدىكەن، رامىزان روزىسىنى تۇتىدىكەن، مەيلى ئۇ ئادەم جىھاد قىلسۇن، مەيلى تۇغۇلغان ئۆيىدە ئولتۇرسۇن، ئاللا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۈستىگە ئالىدۇ، دىدى. ئى رەسۇلۇللا، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە بىشارەت بەرمەمدۇق دىگەن كىشىگە ئۇ: جەننەتتە يۈز خىل دەرىجە بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللا ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ئۈچۈن تەييارلىدى. بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجە ئاسمان بىلەن زىمىندەك پەرق قىلىدۇ، ئاللادىن سورىغان چېغىڭلاردا فىردەۋسنى سوراڭلار، چۈنكى فىردەۋس جەننەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئالىيدۇر، دىگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە: رەسۇلۇللا، فىردەۋسنىڭ ئۈستىگە ئاللانىڭ ئەرشى جايلاشقان، شۇ فىردەۋستىن جەننەتنىڭ ئوستەڭلىرى ئېتىلىپ چىقىدۇ دىگەن گەپنىمۇ قىلغاندەك تۇرىدۇ، دەيدۇ.

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كېچىسى كوردۇمكى، ئىككى پەرىشتە كېلىپ مېنى جەننەتكە ئېلىپ چىقىپ، ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئازادە بىر قوراغا ئېلىپ كىردى، بۇنىڭدىن چىرايلىق



由 扫描全能王 扫描创建

قورانى كورمىگەن ئىدىم، ئۇلار ماڭا، بۇ بولسا شەھىتلەرنىڭ تۇرىدىغان قوراسى دىدى.

## 214) ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ يارىلانغانلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ يارىلانغانلىكى ئادەم بولىدىكەن (ئاللا ئۇزىنىڭ يولىدا يارىلانغان ئادەملەرنى ئوبدان بىلىدۇ)، ئۇ قىيامەت كۈنى يارىسىنىڭ رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە بولىسمۇ، ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ بويى كېلىپ تۇرغان ھالدا ھازىر بولىدۇ.

## 215) جەننەتنىڭ چاقناپ تۇرغان قىلىچلار ئاستىدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر.

## 216) پەيتەكچىمىز سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ جىھاد ئۈچۈن بالا تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام، بۈگۈن كېچە يۈز ياكى توقسان توققۇز (يۈز ياكى توقسان توققۇز دىيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان) خوتۇنۇمنىڭ ھەممىسىنى ئايلىنىپ چىقىمەن. ئۇلار ھامىلدار بولۇپ ھەر بىرى ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان بىردىن قەھرىمان ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭغا ھەمرا پەرىشتىلەر، خۇدا خالىسا، دېگىن دەيدۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام خۇدا خالىسا دېمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن ئاران بىرلا خوتۇن ھامىلدار بولۇپ، يېرىم-ياتا بالىدىن بىرنى تۇغىدۇ. ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇ خۇدا خالىسا دىگەن بولسا ئىدى، خوتۇنلىرى تۇغۇپ، بالىلىرىنىڭ ھەممىسى قەھرىمانلاردىن بولۇپ، ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان بولاتتى.

## 217) قورقۇنچاقلىقتىن ۋە باشقىلاردىن پانا تىلەش توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللا، ساڭا سىغىنىپ، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بەكمۇ قېرىپ كېتىشتىن پانا تىلەيمەن، يەنە ھاياتلىقنىڭ پىتنىلىرىدىن ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىلىرىدىن پانا تىلەيمەن، يەنە گور ئازاۋىدىن پانا تىلەيمەن.

## 218) شەھىتنىڭ بەش تۈرلۈك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: شەھىت بەش تۈرلۈك بولىدۇ: ۋابا بىلەن ئۆلگەن ئادەم، قوساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلگەن ئادەم، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلگەن ئادەم، تام بېسىۋېلىپ ئۆلگەن ئادەم، ئاللا يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلگەن ئادەم.

## 219) خۇدالىق ئۈچۈن روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى خۇدالىق ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن دەۋزەخنىڭ ئارىلىغىنى يەتمىش يىللىق مۇساپىدەك ئۇزاق قىلىدۇ.

## 220) ئاللانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى ئاللانىڭ يولىدا بىر جۈپ نەرسە بېرىدىكەن①، ئۇنى جەننەتنىڭ ھەر بىر ئىشىگىنىڭ ئىشىك باقارى، ھەي پالانى، بېرى كەلگىن، دەپ چاقىرىدۇ، دىگەن. ئەبۇ بەكرى:

① ئاللانىڭ يولىدا قىلىنغان غازاتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى تارقىتىشتا، خەيرىيەت ئىشلىرىغا ۋە بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇشقا سەرپ قىلىنغان پۇل-ماللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئى رەسۇلۇللا، مۇنداق ئادەمگە قورقۇنچ يوق ئىكەنغۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سېنىڭ چوقۇم شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇشۇڭنى ئۈمىت قىلىمەن، دېگەن.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە تۇرۇپ: مەندىن كېيىن قالغان چېغىڭلاردا زېمىننىڭ نېمەتلىرىنىڭ سىلەرگە يۈزلىنىشىدىن قورقىمەن، دېدى. ئاندىن دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى، زېمىننىڭ نېمەتلىرىنى تىلغا ئېلىشقا باشلاپ، دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى قايتا تىلغا ئالدى. بىر ئادەم قوپۇپ، ئى رەسۇلۇللا، نېمەت دېگەن يامانلىق ئېلىپ كېلەمدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ قىلماي جىم تۇردى. بىز ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلىۋاتىدىغۇ دېيىشتۇق. بۇ چاغدا كىشىلەر خۇددى باشلىرىغا قۇش قونغاندەك جىم تۇرۇشتى①. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىدىكى تەرنى ئېرتىۋېتىپ، ھېلى سوئال سورىغان ئادەم قېنى، پۇل-مال ياخشىمۇ؟ دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن: ھەقىقى ئۆز جايىدا سەرپ قىلىنغان پۇل-مال ئەلۋەتتە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ ھەقتە مۇنداق ئىككى مىسال كەلتۈرەي، بەزى ھايۋانلار ئوت-چۆپنى جىق يېۋېتىپ، ئۇنى سىڭدۈرەلمەي قورسىقى ئېشىپ ئۆلىدۇ②، ياكى ئۆلۈشكە ئاز قالىدۇ، بەزى ھايۋانلار

① گويا ئۇلار باشلىرىغا قونغان قۇشنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن مىدىرلىماي تۇرغاندەك تۇرۇشقان.

② ھايۋانلار تويۇپ كېتىپ ئىچى كەلمىسە، سىيەلمىسە، قورسىقى ئېشىپ كېسەل بولۇپ ئاخىرى ئۆلىدۇ.

ئۇتلاپ قوسقى تويغاندىن كېيىن، كۈنگە قاقلىنىدۇ، مايىقلايدۇ، سىيدۇ، ئاندىن كېيىن بېرىپ يەنە ئوتلايدۇ، پۇل -مال دىگەنمۇ يېشىل نەرسىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈشى چىرايلىق، تەمى شىرىن نەرسە، پۇل -مالنى ھالال يول بىلەن تېپىپ خۇدالىق ئۈچۈن خەيرىيەت ئىشلىرىغا، يېتىملەرگە، پېقىرلەرگە، مىسكىنلەرگە، مۇسا-پىرلارغا سەرپ قىلغان مۇسۇلمان ئۈچۈن مال نىمە دىگەن ياخشى يولداش، پۇل -مالنى ھارام يول بىلەن تاپقان ۋە تېگىشلىك ئورۇن-لارغا سەرپ قىلمىغان كىشى يەپ تويمايدىغان① ئادەمگە ئوخ-شايدۇ، ئۇنىڭ پۇل -مېلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋالىق بېرىدۇ، دىدى.

## 222) ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرىدىكى ھەققى توغرىسىدا

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇفەير ئاتلىق ئېشىكىنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇ ماڭا: ئى مۇئاز، ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرى-دىكى ھەققى نىمە ۋە بەندىلەرنىڭ ئاللادىكى ھەققى نىمە، بىلەم-سەن؟ دىدى. مەن: بۇنى ئاللا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ، دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرى-دىكى ھەققى ئاللاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھىچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، بەندىلەرنىڭ ئاللادىكى ھەققى ئاللاغا شېرىك

---

① پۇل -مېلى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭغا شۇنچە ھېرىس بولۇپ كېتىدۇ ۋە قولىدىكى نەرسىنى ئاز دەپ قارايدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

كەلتۈرمىگەن ئادەمنى ئاللانىڭ ئازاپلىماسلىقىدۇر، دىدى. مەن: ئى رەسۇلۇللا، كىشىلەرگە بۇنىڭ بىلەن بىشارەت بەرمەيمۇ؟ دىدىم. رەسۇلۇللا: بىشارەت بەرمىگىن، ئۇلار بۇنىڭغا يۆلىنىۋالمىسۇن، دىدى.

## 223) ئۈچ نەرسىنى شۇم نەرسە دەپ قاراش توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئەگەر شۇملۇق مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۈچ نەرسىدە، — ئاتتا، ئايالدا، هويلىدا مەۋجۇت بولاتتى. (ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەپلەر مەزكۇر ئۈچ نەرسىنى شۇم نەرسە دەپ قارايتتى، بۇ شۇلارنىڭ هالىدىن هىكايە قىلىپ ئېيتىلغان سۆز. — ت)

## 224) سەپەر ئۈستىدە هەمرىيىنىڭ يۈك-تاقلىرىنى ئارتىشىپ بەرگەن ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئىنسان ئۆز بەدىنىدىكى هەر بىر ئۇگىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن هەر كۈنى سەدىقە بېرىپ تۇرۇشى لازىم. بىر كىشىنىڭ ئۇلاغقا مىنىشىگە ياردەملەشسە ياكى ئۇنىڭ يۈك-تاقلىرىنى ئارتىشىپ بەرسە، بۇ ئىش ياردەملەشكۈچى ئۈچۈن سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ. ياخشى سۆزمۇ، ناماز ئوقۇشقا ماڭغان هەر بىر قەدەممۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ. كىشىگە يول كۆرسىتىپ

قويۇشمۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ.

## 225) دىن يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ دۈشمەننى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: جىھاد ئۈچۈن تەييارلىنىپ بىر كۈن دۈشمەننى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ئارتۇقتۇر①. جىھادقا چىققان ئادەمنىڭ قامچىسىنىڭ جەننەتتىكى ئورنىمۇ دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ئارتۇقتۇر. بەندىنىڭ كەچقۇرۇن ياكى ئەتىگەن تەرەپلەردە جىھادقا چىقىشى دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ئارتۇقتۇر.

## 226) ئاجىزلارغا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا

مۇسئەب ئىبنى سەئد رىۋايەت قىلىدۇكى، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەردىن ئۈستۈن دەپ قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەركاتىدىن ئاللا سىلەرگە مەدەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە رىزقىڭلارنى بېرىپ تۇرىدۇ، دىگەن.

---

① چۈنكى دۇنيانىڭ نازۇ-نېمەتلىرى تۈگەيدۇ، ئاخىرەتنىڭ نازۇ-نېمەتلىرى تۈگىمەيدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 227) كىشى قىلغان ئەمەلى بىلەن مەغرۇرلىنىش كەتمەسلىكى توغرىسىدا

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جەڭدە مۇشرىكلار بىلەن سوقۇشتى. بىر كۈنلۈك جەڭ ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئۆز بارگاھلىرىغا قايتتى، مۇشرىكلارمۇ ئۆز بارگاھلىرىغا قايتتى. رەسۇلۇللانىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ جەڭ مەيدانىدا كۆرگەنلىكى مۇشرىكنى قوغلاپ بېرىپ قىلىچى بىلەن چاپاتتى. ئۇنىڭ ھەققىدە بەزىلەر، بۈگۈن پالانى ئادەم بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەڭ ئىشقا يارىدى، دىدى. رەسۇلۇللا: ئۇ ئادەم ھەقىقەتەن دەۋزىخدۇر، دىدى. بۇ گەپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىرسى ئۇ قەيەرگە بارسا مەن شۇ يەرگە بارىمەن دەپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ توختىسا توختىدى، ماڭسا ماڭدى، ئۇ ئادەم ئېغىر يارىلاندى ۋە ئاغرىققا چىدىماي تېزراق ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ، قىلىچىنىڭ بىسىنى مەيدىسىگە قويۇپ بىر كۈچەپلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ھىلىقى ئەگىشىپ بارغان ئادەم رەسۇلۇللانىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، گۇۋالىق بېرىمەنكى، سەن جەزمەن بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنسەن، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىمە بولدى دىۋىدى، ئۇ: ھىلىقى ئادەمنى سەن بايا دەۋزىخى دىۋىدىڭ، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان ئىدىم، ئۇ ئېغىر يارىلىنىپ ئۆلۈشكە ئالدىراپ، قىلىچىنى مەيدىسىگە تىقىپ ئۆلۈۋالدى، دىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى: بىر ئادەم قارىماققا ئەھلى



由 扫描全能王 扫描创建

جەننەتنىڭ ئەمىلىنى قىلغاندەك كورۇنسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەھلى دەۋزەخ-
دۇر، يەنە بىر ئادەم قارىماققا ئەھلى دەۋزەختەك كورۇنسىمۇ، ئەمما
ئۇ ئەھلى جەننەتتۇر①.

## 228) يەھۇدىلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەر يەھۇدىلار② بىلەن ئۇرۇشقان ھەتتا ئارقىسىغا يەھۇدى يوشۇرۇنۇۋالغان تاش، ھەي مۇسۇلمان، ئارقامدا يوشۇرۇنۇۋالغان يەھۇدى بار، ئۇنى ئولتۇرگىن③ دەيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمەستىن بۇرۇن قىيامەت قايىم بولمايدۇ.

## 229) تۇركلەر بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا

ئەمر ئىبنى تەغلىبدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىس-

---

① نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىستە كىشى ئوزىنىڭ قىلغان ئەمىلى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، ئۇنىڭغا يولىنىۋالسا بولمايدىغانلىقى، چۇنكى تەقدىرگە ئاساسەن ئەھۋالنىڭ ئوزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك گۇناكار بەندە ئاللانىڭ رەھمىتىدىن نائۇمىت بولسا بولمايدىغانلىقى كورسىتىلىدۇ.

② ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۇشكەندە دەججال بىلەن بىللە بولىدىغان يەھۇدىلار.

③ بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۇشكىچە باقى ئىكەنلىكى كورۇلىدۇ. ئۇ دەججال بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتىكى يەھۇدىلارنى قىرىپ تاشلايدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

سالام مۇنداق دېگەن: پۇتنىغا چورۇق ۋە يۇڭدىن ئىشلەنگەن ئاياقلارنى كىيىدىغان بىر خەلق بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولىدۇ. يۈزلىرى خۇددى چەم بىلەن ئەستەرلەنگەن قالقاندەك كەڭ ۋە گوشلۇك① كەلگەن بىر خەلق بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولىدۇ.

## 230) مۇسۇلمان باشلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئۇرۇشى توغرىسىدا

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: گۇنا ئىشلارغا بۇيرۇمايدىغانلا بولسا، مۇسۇلمان باشلىقنىڭ سوزىنى② ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇلار گۇنا ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ سوزىنى ئاڭلاشقا ۋە ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۇمەر ئىبنى ئابدۇللانىڭ ئازاتكەردىسى ۋە كاتىۋى سالىم ئەبى نەزردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللا ئىبنى ئەبى ئەفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇمەر ئىبنى ئابدۇللاغا مۇنداق دەپ يازغان:

---

① بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ يۈزىنىڭ كەڭ ۋە يۇمۇلاقلىقى قالقانغا، گوشلۇك ۋە تومپۇغى چەم تۇتۇلۇپ قېلىنلاشقان قالقانغا ئوخشىتىلغان. بۇ تۈركلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.

② مۇسۇلمان ئەمىرلەر، خەلىپىلەر، ئۆلىمالار، قازىلار كوزدە تۇتۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتقا ئەتىگەندە چىقمىغان چاغلاردا، كىچىكتۇرۇپ كۈن قايرىلغاندىن كېيىن چىقاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتۇق سۆزلەپ: ئى خالايىق، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كەتمەڭلار①، ئاللادىن سالامەتلىك تەلەپ قىلىڭلار، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا چىداملىق بولۇڭلار، بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر، دېگەن. ئاندىن يەنە: ئى قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى، بۇلۇتلارنى ماڭدۇرغۇچى، دۈشمەنلەر توپىنى مەغلۇپ قىلغۇچى ئاللا، دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلغىن ۋە بىزنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ قىلغىن، دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ قويماي دېمىسەم②، مەن ئەۋەتكەن ھەرقانداق قوشۇندىن قېلىپ قالمىغان بولاتتىم، لېكىن چوڭ توگىلىرىم ۋە كىشىلەرنى مىنگۈزىدىغان ئۇلاغلىرىم يوق. غازاتقا مەن چىقىپ، ئۇلارنىڭ چىقالماسلىقى ماڭا ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللا يولىدا غازات قىلىپ شەھىت بولسام، قايتا تىرىلىپ غازات قىلىپ يەنە شەھىت بولسام، يەنە قايتا تىرىلسەم دەيمەن③.

---

① چۈنكى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئىنسان بىلمەيدۇ.

② غازاتقا چىقالمىسا ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، چىقاي دېسە سەپەر لازىمەتلىكلىرىگە قادىر بولالمايدۇ.

③ بۇنىڭدىن رەسۇلۇللانىڭ ئىسلام دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە ئۈممىتىگە ئۈلگە بولۇش مەقسىدىدە، شۈكرى قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەلا دەرىجىسىگە نائىل بولۇشقا ھېرىسلىقى چىقىدۇ. ئى ئاللا، بىزنى ئۇنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن.



由 扫描全能王 扫描创建

## 233) ۋاقىراپ تەكبىر ئېيتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: بىز سەپەر ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە ئىدۇق، كېتىپ بېرىپ بىرەر ئويمانلىغا چۈشكەن ۋاقتىمىزدا، ۋاقىراپ تەھلىل (لائىلاھە ئىللەللاھۇ دېيىش.ــ ت) ۋە تەكبىر ئېيتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى خالايىق! ئاۋازىڭلارنى پەسلىتىڭلار، سىلەر گاسنى ۋە غايىپنى چاقىرىۋاتقىنىڭلار يوق، ئاللا سىلەر بىلەن بىللە، ئاللا ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، يېقىندۇر، ئاللانىڭ نامى مۇقەددەستۇر، ئەزەمەتى يۈكسەكتۇر① دەيتتى.

## 234) يولۇچىغا ۋە كېسەلگە ئۆيىدىكى چاغدىكى ۋە ساق چاغدىكى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى بولۇپ تۇرىدىغانلىغى توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بەندىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغان② ياكى سەپەر

---

① بۇنىڭدىن توۋلاپ زىكرى ـ دۇئا ئوقۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى چىقىدۇ.

② بىرەر مۇسۇلمان كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن بىرەر ئىبادەتنى قىلىۋاتقان بولۇپ، كېسەللىك سەۋىۋى بىلەن ئۇنى قىلالمىغان بولسا، كېسەل تۇسالغۇ بولمىسا ئۇنى داۋاملىق قىلىش نىيىتى بولسا.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۈستىدە بولغان① چېغىدىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى چېغىدىكى، تېنى ساق چېغىدىكى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدەك ساۋاپ بولۇپ تۇرىدۇ②.

## 235) يالغۇز يول مېڭىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەگەر كىشىلەر يالغۇز يول مېڭىشتىكى خەۋپ-خەتەرنى مەن بىلگەندەك بىلسە ئىدى، ھېچ ئادەم كېچىدە يالغۇز يول ماڭمايتتى.

## 236) خىرىستىيان ۋە يەھۇدىلاردىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

سالىھ ئىبنى ھەي ئەبى ھەسەن شەئبىدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ ئەبۇ بۇردەدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ،

---

①قىلىۋاتقان ئىبادىتىگە سەپەر توسقۇنلۇق قىلىپ ئۇنى قىلالمىغان بولسا.

②ئىبنى بەتتال: بۇ ھۆكۈم نەپلى ئىبادەتلەرگە خاس بولۇپ، پەرز ئىبادەتلەر سەپەر ياكى كېسەل سەۋەبىدىن ساقىت بولمايدۇ دەيدۇ. ئىبنى مۇنىر: ساق بولىدىغان بولسا چوقۇم ئورۇنلايدىغان، كېسەللىك سەۋەبىدىن ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى ئورۇنلاشقا قۇدرىتى يەتمىگەن ئىبادەتلەرگىمۇ ئەمەلدە ئورۇنلىغاندەك ساۋاپ بولىدۇ، ھەتتا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن پەرز نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، دەيدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ ئەجرى ئىككى ھەسسە بېرىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىر دېدىگى بولۇپ، ئۇنى ياخشى ئوقۇتۇپ ۋە ياخشى تەربىيىلەپ، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئازات قىلىپ نىكاھىغا ئالسا، بۇ كىشىگە ئىككى ھەسسە ئەجرى بېرىلىدۇ؛ خىرىستىيان ياكى يەھۇدىيلار ئۆز پەيغەمبىرى ئىسا ياكى مۇساغا ئىمان كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭىمۇ ئىمان كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجرى بېرىلىدۇ. بىر قۇل ئاللانىڭ ھەققىنىمۇ ① ئادا قىلسا، خوجىسىغىمۇ سادىق بولسا ②، ئۇنىڭغىمۇ ئىككى ھەسسە ئەجرى بېرىلىدۇ.

## 237) ئەزىيەت يەتكۈزگۈچى جانىدارلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھوكمى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان: پەيغەمبەرلەردىن بىرىنى بىر چۈمۈلە چېقىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسىنى كويدۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇغان، ئاللا ئۇنىڭغا ۋەھىي ئارقىلىق: سېنى چاققان بىر چۈمۈلە تۇرسا، ئاللاتائالاغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرغان پۈتۈن بىر ئەۋلاد چۈمۈلىنى كويدۇرۇپ تاشلىدىڭ، دىگەن③.

---

① ناماز، روزىغا ئوخشاش.
② خىزمىتىگە سادىق بولسا.
③ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈمۈلىنى ۋە ھەسەل ھەرىسىنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلغان.



由 扫描全能王 扫描创建

## 238) سوقۇش ئۇستىدە دە-تالاش ۋە ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

سەئىد ئىبنى بۇردە ئاتىسىدىن، ئاتىسى سەئىدنىڭ چوڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى يەمەنگە ئەۋەتكەن چېغىدا، ئۇلارغا مۇنداق دىگەن: ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، كىشىلەرگە بىشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار، ئىناق بولۇڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار.

## 239) ئەسىرلەرنى دۈشمەن قولىدىن ئاجرىتىۋېلىش توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلارنى دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ ئېلىڭلار، قوسىغى ئاچنى تويغۇزۇڭلار، كېسەلنى يوقلاڭلار.

## 240) غەنىمەتكە قارا ساناشنىڭ ھاراملىقى ۋە ئاللاتائالانىڭ "كىمكى غەنىمەتكە قارا سانايدىكەن، قىيامەت كۈنى قارا سانىغان نەرسىسى بىلەن بىللە ھازىر بولىدۇ" دىگەن سۆزى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئارىمىزدا تۇرۇپ غەنىمەتكە قارا ساناشنى تىلغا ئېلىپ، بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى چوڭ ئىش ساناپ مۇنداق دېدى: قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنى شۇنداق ئۇچراتمىغايمەنكى، ئۇ گەدىنىگە مەرەپ تۇرغان قوي ئارتىلغان، كىشنەپ تۇرغان ئات ئارتىلغان ھالدا: ئى رەسۇلۇللا، ماڭا ياردەم بەرگىن، دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: ئاللانىڭ ئالدىدا سەن ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە دال بولالمايمەن①، ساڭا ئاللانىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەن ئىدىم (ئۇ دۇنيادا. — ت) دەيمەن. ئۇ گەدىنىگە بوقىراپ تۇرغان توگە ئارتىلغان ھالدا: ئى رەسۇلۇللا، ماڭا ياردەم بەرگىن دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا سەن ئۈچۈن ئاللانىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە دال بولالمايمەن، ساڭا ئاللانىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەن ئىدىم دەيمەن. ئۇ گەدىنىگە ئالتۇن-كۈمۈش ئارتىلغان ھالدا: ئى رەسۇلۇللا، ماڭا ياردەم بەرگىن دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: سېنىڭ ئۈچۈن ئاللانىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە دال بولالمايمەن، ساڭا ئاللانىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەن ئىدىم دەيمەن، ياكى ئۇ گەدىنىگە لەپىلدەپ تۇرغان كىيىملەر ئارتىلغان ھالدا: ئى رەسۇلۇللا، ماڭا ياردەم بەرگىن دەيدۇ. مەن: سېنىڭ ئۈچۈن ئاللانىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە دال بولالمايمەن، ساڭا ئاللانىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەن ئىدىم، دەيمەن.

① بۇ سۆز غەنىمەتكە قارا ساناشنى قاتتىق توساش ئۈچۈندۇر، بولمىسا رەسۇلۇللا گۇناكار بەندىلەرنى شاپائەت قىلغۇچىدۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

### 241) غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى پەيغەمبەرنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەھلى سۇففە (مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىتىدە يېتىپ قوپىدىغان بىر تۈركۈم ئۆي-ماكانسىز نامرات ساھابىلەر.—ت)، يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىپ، غەنىمەتتىكى ئۆز ھەسسىسىنى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن سەرپ قىلغانلىقى توغرىسىدا

ھەزرىتى ئەلى رىۋايەت قىلىدۇكى، ھەزرىتى پاتىمە ياغۇنچاقتا يارما تارتىپ قىينالغانلىقىدىن داتلايتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا غەنىمەتتىن بىر قۇل تەككەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەتچى سوراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشالماي، كېلىشتىكى مەقسىدىنى ئائىشىگە ئېيتىپ قويۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندە ئائىشە پاتىمىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئەلى مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۆيىمىزدە ئورۇن سېلىپ يېتىپ بولغان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھى-سسالام كىرىپ كەلدى. بىز ياتقان يېرىمىزدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدۇق، ئۇ، مىدىرلىماڭلار، دەپ ئارىمىزغا كىرىپ ئولتۇردى، ھەتتا ئۇنىڭ كۆكرىكىمگە تەككەن پۇتىنىڭ سوغاقلىقىنى سەزدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېدى: سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلاردىن ياخشىراق نەرسىنى كۆرسىتىپ بېرەيمۇ؟ سىلەر ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭلار-دا ئوتتۇز تۆت قېتىم ئاللاھۇئەكبەر، ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ئەلھەمدۇلىللا، ئوتتۇز ئۈچ قېتىم سۇبھانەللا دەپ ئېيتىڭلار، ئەنە شۇلارنى ئېيتىش



由 扫描全能王 扫描创建

سورىغان نەرسەڭلاردىن ئەلادۇر①.

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىنني ئىلىملەرگە ئۇستا قىلىدۇ. ئاللا ئاتا قىلىپ بەرگۈچىدۇر، مەن بولسام پەقەتلا تەقسىم قىلىپ بەرگۈچىدۇرمەن. (ئاتا قىلىپ بېرىش ئاللاغا خاس سۈپەت، مەن بۇ سۈپەتكە لايىق ئەمەس، مەن يالغۇزلا ئاللا ئاتا قىلغان غەنىمەتلەرنى، ئىلىملەرنى ۋە كىشىلەرنىڭ مىراسلىرىنى تەقسىم قىلىپ بېرىمەن دىگەن مەنىدە. —ت) بۇ ئۇممەت تاكى قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر ئۆز رەقىپلىرى ئۈستىدىن ئۈستۈنلۈك قازىنىپ تۇرىدۇ.

**243) كوڭلى ئىسلامغا مايىل قىلىنغانلارغا ۋە باشقىلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەنىمەتتىن ئالغان ئۆز ھەسسىنى بەرگەنلىگى توغرىسىدا**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېتىپ باراتتىم، ئۇنىڭ ئۈچىسىدا چورىسى قوپال نەجران رىداسى② بار ئىدى. بىر ئەرابى

① يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەھلى سۇففىنىڭ قوساقلىرى ئاچلىقتىن تارتىشىپ كەتكەن تۇرسا، ئۇلارغا بېرىشكە بىر نەرسە تاپالمايۋاتسام، سىلەرگە خىزمەتچى بەرمەيمەن، قۇللارنى سېتىپ پۇلىنى ئەھلى سۇففىگە بېرىمەن دىگەن.

② يەمەننىڭ نەجران دىگەن يېرىدە ئىشلىنىدىغان رىدا.



由 扫描全能王 扫描创建

قارىسام، ئۇنىڭ كېلىپ ئۇنىڭ رىداسىدىن سىلكىپ تارتقان ئىدى، ئۇنىڭ قاتتىق تارتقانلىقىدىن رىدانىڭ چورىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەدىنىنى سۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ئەرابى ئۇنىڭغا: سېنىڭ قولۇڭدىكى ئاللانىڭ مېلىدىن ماڭا بەرگىن، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشنى بۇيرۇدى①.

مۇھەممەد ئىبنى جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رىۋايەت قىلىپ، ئاتام ماڭا مۇنداق دەپ بەرگەن دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۇنەين غازىتىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتۇق، ئەرابىلەر رەسۇلۇللا-دىن غەنىمەت مال تەلەپ قىلىپ ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنى بىر توپ كاۋچۇك دەرىخىگە قىستاپ باردى. دەرەخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىدا-سىنى ئىلىۋالدى. ئۇ توختاپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى: مېنىڭ رىدا-يىمنى بېرىڭلار، ئەگەر قولۇمدا تەھامەنىڭ دەرەخلىرىدەك كوپ مال بولسىمۇ، ھەممىسنى ئەلۋەتتە سىلەرگە بولۇپ بېرەتتىم، ئاندىن مېنىڭ مۇمسىك، يالغانچى، قورقۇنچاق ئەمەسلىكىمنى بىلەتتىڭلار.

## 245) دۇنيا قوغلىشىش، يەھۇدى، ناسارا، مەجۇسلەردىن جىزيە ئېلىش توغرىسىدا

ئەمرى ئىبنى ئەۋف ئەنسارى رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى بەھرەيىنىڭ جىز-

① بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى مۇلايىملىقى، ئوزىگە ۋە مېلىغا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە قارىتا سەۋرچان ئىكەنلىكى چىقىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

يىسنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەھرەيىن ئاھالىسى بىلەن سۈلھى قىلغان ۋە ئۇلارغا ئەلا ئىبنى ھەزرەمىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى، ئەنسارلار ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ بەھرەيىندىن مال ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇلار بامدات نامىزىغا كېلىپ نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن قايتقاندا، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىنى توساشتى، رەسۇلۇللا ئۇلارنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ: ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ بىر نەرسە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار كېرەك، دېدى. ئۇلار: شۇنداق، ئى رەسۇلۇللا، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرنى خوشال قىلىدىغان نەرسە بىلەن شاتلىنىڭلار ۋە ئۇنى كۈتۈڭلار، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ يوقسۇل بولۇپ قېلىشىڭلاردىن قورقمايمەن، لېكىن، بۇرۇنقىلارنىڭ باي بولۇپ كەتكىنىدەك، سىلەرنىڭمۇ باي بولۇپ كېتىشىڭلاردىن، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ بايلىقتا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىپ ھالاك بولغىنىدەك، سىلەرنىڭمۇ بايلىقتا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىپ ھالاك بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن①، دېدى.

① دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشنىڭ كىشىنى دىنىي جەھەتتىن ھالاك قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلدۇ.

## 246) دۈشمەننىڭ خىيانەت قىلىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئاللاتائالانىڭ "ئەگەر ئۇلار سېنى ئالدىماقچى بولۇشسا، ئاللا ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر" دىگەن سۆزى توغرىسىدا

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: تەبۇك غازىتىدا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ ئەيلەنگەن تېرىدىن قىلىنغان بىر چېدىردا تۇراتتى. ئۇ: قىيامەتنىڭ ئالدىن بولىدىغان ئالامەتلىرىدىن ئالتىنى ساناپ كورگىن، ئۇلار بولسا مېنىڭ دۇنيادىن كېتىشىم، ئاندىن بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ پەتھى قىلىنىشى، ئاندىن قوينىڭ ۋابا كېسىلىگە ئوخشاش، ئىچىڭلاردا كوپ يۈز بېرىدىغان ئۆلۈم①، ئاندىن پۇل-مالنىڭ كوپىيىپ كېتىشى②، ھەتتا بىرەر ئادەمگە يۈز تىللا بېرىلسە، بۇنى ئاز كورۇپ خاپا بولىدىغانلىغى، ئاندىن ھىچبىر ئەرەپ ئائىلىسى خالى قالمايدىغان ئومۇمى پىتنىنىڭ يۈز بېرىشى③، ئاندىن كېيىن

---

① ھەزرىتى ئومەر خەلىپە بولغان دەۋردە يۈز بەرگەن ۋابادا ئۈچ كۈن ئىچىدە يەتمىش مىڭ ئادەم ئولگەن. رەسۇلۇللانىڭ ئالدىن بەرگەن بۇ خەۋىرى ئەنە شۇ، دىگەنلەرمۇ بار.

② ھەزرىتى ئوسمان خەلىپە بولغان دەۋردە نۇرغۇن جايلار پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن پاراۋانلىق.

③ ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئولتۇرۇلۇشى پىتنىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

رۇملۇقلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم تۈزۈلۈشى①، ئارقىدىنلا رۇملۇقلارنىڭ كېلىشىمنى بۇزۇپ، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ھەر بايراق ئاستىدا ئون ئىككى مىڭ ئەسكىرى بار سەكسەن بايراقلىق قوشۇن بىلەن كېلىشلىرىدىن ئىبارەت، دىدى.

## 247) مەيلى ياخشى ئادەمگە بولسۇن، مەيلى يامان ئادەمگە بولسۇن، قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ گۇنا ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ۋاپاسىز دىگەن بايراق تىكىلىدۇ.

## 248) دەسلەپكى مەخلۇقاتلارنىڭ يارىلىشى توغرىسىدا

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن توگەمنى ئىشىككە باغلاپ قويۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ يېنىغا بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئى بەنى تەمىم خەلقى، بىشارەتنى قوبۇل قىلىڭلار②،

---

① ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى.

② مەندىن جەننەتكە كىرىشىڭلارغا سەۋەپچى بولىدىغان دىنىي مەسىلىلەرنى ئۈگىنىۋېلىڭلار دىگەن مەنىدە.

دىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاغا: بىشارەت بەردىڭ، ئەمدى بىزگە مال بەرسەڭ، دەپ ئىككى قېتىم ئېيتتى. ئاندىن يەمەنلىك بىر تۈركۈم ئادەم كىرىپ كەلدى. رەسۇلۇللا ئۇلارغا: ئى يەمەن خەلقى، سىلەر بىشارەتنى قوبۇل قىلىڭلار، چۈنكى ئۇنى بەنى تەمىملىكلەر قوبۇل قىلمىدى. دىدى. ئۇلار: ئى رەسۇلۇللا، بىز ئۇنى قوبۇل قىلدۇق، بىز سەندىن دەسلەپ يارىتىلغان مەخلۇقاتلار توغرىلىق سوراش ئۈچۈن كەلدۇق، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللا بولسا ئەزەلدە يالغۇز، يەككە-يىگانە ئىدى، ئاللادىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئاندىن ئاللا ئەرشنى سۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئەتتى، ئاندىن لەۋھۇلمەھپۇزغا كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ تەقدىرىنى يازدى ۋە ئاسمان زېمىننى ياراتتى، دىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللا بولسا مەخلۇقاتنى خەلق ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، قەلەمنى "مېنىڭ رەھمىتىم ھەقىقەتەن غەزىۋىمدىن غالىپ كەلدى" دەپ لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشقا بۇيرۇدى. يېزىلغان نەرسىلەر ئاللانىڭ ئۆزىگە مەلۇمدۇر، لەۋھۇلمەھپۇز ئەرشنىڭ ئۈستىدىدۇر.

### پەرىشتىلەر توغرىسىدا ۋە ئاللا دوست تۇتقان كىشىنى كىشىلەرنىڭمۇ دوست تۇتىدىغانلىقى، قوساقتىكى بالىنىڭ تورلىش جەريانى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللا بىرەر بەندىسىنى دوست تۇتسا، جىبرىلنى توۋلاپ، ئاللا پالانى كىشىنى دوست تۇتىدۇ، سەنمۇ ئۇنى دوست تۇتقىن دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىبرىل ئۇنى دوست تۇتىدۇ. جىبرىل ئاسماندىكىلەرنى توۋلاپ، ئاللا پالانى ئادەمنى دوست تۇتىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى دوست تۇتۇڭلار، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاسماندىكىلەرمۇ دوست تۇتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زېمىندىكىلەر دوست تۇتىدىغان① ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

زەيد ئىبنى ۋەھب رىۋايەت قىلىدۇكى، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ئۆز سۆزىدە راستچىل بولغان ۋە راستچىللىقى ئاللا تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدا نۇتپە (ئابى مەنى. — ت) بولۇپ يارىلىدىغان تەييارلىق ھالىتىدە قىرىق كۈن تۇرىدۇ، ئاندىن كاللەك قان پارچىسى بولۇپ قىرىق كۈن تۇرىدۇ. ئاندىن گۆش پارچىسى بولۇپ قىرىق كۈن تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ مۇنداق تۆت نەرسىنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ: پەرىشتە ئۇنىڭ ئەمەلىنى، رىزقىنى②، ئەجىلىنى③ ۋە سائادەتمەن ياكى شەقى بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللا ئۇنىڭغا جان

---

① ئۇنى تونۇيدىغان مۇسۇلمانلار دوست تۇتىدۇ.

② يېمەكلىك، ھاراممۇ، ھالالمۇ، ئازمۇ-كۆپمۇ دېگەنلەرنى ياكى ئاللا ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان ئىلىم ۋە باشقىلارنى.

③ ئەجىلىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى.



由 扫描全能王 扫描创建

كىرگۈزىدۇ①. بىر ئادەم ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسىدا بىر گەزچە ئارىلىق قالغاندا، قوساقتىكى چاغدا پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى غالىپ كېلىدۇ-دە، ئۇ ئەھلى دەۋزەخ-نىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، دەۋزەخى بولۇپ كېتىدۇ. بىر ئادەم يامان ئەمەللەرنى قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ بىلەن دەۋزەخنىڭ ئارىسىدا بىر گەزچە ئارىلىق قالغاندا، قوساقتىكى چاغدا پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى غالىپ كېلىدۇ-دە، ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، جەننەتى بولۇپ كېتىدۇ②.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنى بولغاندا مەسچىت-نىڭ ھەر بىر ئىشىكىدە پەرىشتىلەر تۇرۇپ، جۈمەگە بالدۇر كەلگەن-لەرنى بىرىنچى، ئىككىنچى دەپ خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. ئىمام خۇتبىگە چىققاندا خاتىرە نامىلىرىنى قاتلاپ قويۇپ كېلىپ، خۇتبىگە سامى بولۇشىدۇ.

---

① ئاللاتائالانىڭ ئىنساننى باسقۇچلارغا بولۇپ خەلق ئېتىشى قوساق كوتەرگەن ئانىنى تەدرىجى كوندۇرۇپ، قىيىن ھېس قىلدۇرماسلىق ۋە باسقۇچ-لارنى تاماملاپ تۇغۇلغان بالىنىڭ چىرايلىق، سۈرەتلىك، ئەقىللىق ئىنسان بولۇپ يارىلىشىدا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كورسىتىش ئۈچۈندۇر، شۇنداقلا قىيامەت كۈنى ئىنساننى قايتا تىرىلدۈرۈشكە تامامەن قادىر ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە ئەسلىتىش ئۈچۈندۇر.

② بۇنىڭدىن ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراپ يەكۈن چىقىرىلىدىغانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ. ئى رەببىمىز، سەندىن ئاقىۋىتىمىزنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەيمىز.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جىبرىل ئەلەيھىسسالام ماڭا سېنىڭ ئۇممىتىڭدىن ئاللاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي دۇنيادىن ئۆتكەن كىشى بولسىلا، جەننەتكە كىرىدۇ، ياكى دەۋزەخقە كىرمەيدۇ① دېدى، دېگەن. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئەگەر ئۇ زىنا قىلغان بولسىمۇ، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ جەننەتكە كىرەمدۇ؟ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شۇنداق قىلغان بولسىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ②، دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر تەكىيە قاپلاپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ كىچىك ياستۇقتەك بولۇپ، سۈرەتلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشىكنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى. مەن: ئى رەسۇلۇللا، رەڭگىڭ ئۆڭگىدەك نېمە ئىش قىلىپ قويدۇق؟ دەپ سورىدىم، ئۇ: بۇ نېمە تەكىيە؟ دەپ سورىدى. ساڭا بېشىغا قويۇپ ياتسۇن دەپ قاپلىغان تەكىيە، دېدىم، رەسۇلۇللا: سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتىلەرنىڭ كىرمەيدىغانلىقىنى③، سۈرەت سىزغان

---

① مەڭگۈ قېلىشقا كىرمەيدۇ.

② لېكىن شۇنىسى باركى، زىنانى كەچۈرۈش ئاللانىڭ ھەققى ھېساپلانسا، ئوغرىلىقنى كەچۈرۈش بەندىنىڭ ھەققى ھېساپلىنىدۇ.

③ سۈرەت ئاللانىڭ خەلق ئەتكەن مەخلۇقاتىغا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر گۇنا سانىلىدۇ. كىشىنىڭ نامە-ئەمالىنى يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بۇنىڭغا كىرمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ئاقىل-بالىغ ئادەمدىن ھېچ ۋاقىت ئايرىلمايدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئادەمگە قىيامەت كۈنى ياراتقان نەرسەڭگە جان كىرگۈز① دەپ ئازاپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ دېدى.

## 250) ئېرى توشەككە چاقىرسا ئۇنىمىغان ئايال توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايىلىنى توشەككە چاقىرسا، ئايىلى ئۇنىماي، ئەر بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقىچە لەنەت ئوقۇيدۇ.

## 251) جەننەتنىڭ، ئەھلى جەننەتنىڭ ۋە ئۇلارغا تەييارلانغان نەرسىلەرنىڭ تەرىپى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ ياتىدىغان جايى ئەتىگەن-ئاخشامدا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ،② ئەگەر ئۇ ئەھلى جەننەت بولسا، جەننەتتىكى جايى توغرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەھلى دەۋزەخ بولسا، ئۇنىڭغا دەۋزەختىكى جايى توغرىلىنىپ تۇرىدۇ.

---

① ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى كوزدە تۇتۇلىدۇ، جانسىز نەرسىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىشنىڭ ھېچ كارايىتى يوق.

② بۇنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بەدەننىڭ بىر قىسمى تىرىلدۈرۈلىدۇ، ياكى توغرىلىنىش پەقەت ئۇنىڭ روھىغىلا بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى: مەن ياخشى بەندىلىرىم ئۇچۇن جەننەتتە كوز كورمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ھىچ ئىنساننىڭ كوڭلىگە كېلىپ باقمىغان نازۇ-نېمەتلەرنى تەييارلىدىم. ئەبۇ ھۇرەيرە: ئەگەر خالىساڭلار مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار، دىگەن: "ئۇلارغا ئاللانىڭ دەرگاھىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خوشال قىلىدىغان كاتتا ساۋاپنىڭ ماھىيىتىنى ھىچكىم بىلمەيدۇ......"

(سۇرە سەجدە، 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ــ ت)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: جەننەتكە كىرىدىغان تۇنجى جامائەنىڭ سۇرىتى ئون توت كۇنلۇك تولۇن ئاينىڭ سۇرىتىدە بولىدۇ، جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن ئۇلاردا تۇكۇرۇش، بۇرنىنى تاشلاش ۋە تەرەت قىلىش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان قاچىسى ئالتۇندىن، تاغاقلىرى ئالتۇن بىلەن كۇمۇشتىن بولىدۇ. خۇش بۇي ئېلىش چوغدانلىرىنىڭ يېقىلغۇسى سەئدى ھىندى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن چىقىدىغان تەر ئىپاردەك خۇش بۇي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ گۇزەللىكىدىن پاچاقلىرىنىڭ يىلىكى سىرتىدىن كورۇنۇپ تۇرىدىغان ئىككىدىن ئايىلى بولىدۇ. ئەھلى جەننەت ئارىسىدا ئىختىلاپ، ئاغرىق، ئاداۋەت دىگەن نەرسە بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك بولىدۇ، ئۇلار ئەتىگەن-ئاخشامدا ئاللاغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرۇشىدۇ.

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمدىن سۈرىتى ئون توت كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ سۈرىتىدەك 70 مىڭ ياكى 700 مىڭ ئادەم (70 مىڭ ياكى 700 مىڭ دىيىلگەنلىگى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان) جەننەتكە جەزمەن بىر يولىلا كىرىپ كېتىدۇ.

## 252) دەۋزەخنىڭ ۋە دەۋزەختىكى ئەھلى دەۋزەخنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن: دەۋزەخ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا، ئى رەببىم، ئۆز ئۆزەمنى يەپ كەتتىم، دەپ شىكايەت قىلغان ئىدى. ئاللا ئۇنىڭغا يازدا بىر نەپەس، قىشتا بىر نەپەس جەمى ئىككى نەپەس ئېلىۋېلىشقا ئىزنى بەردى، سىلەر ئۆتكۈزۈۋاتقان يازنىڭ ئەڭ ئىسسىغى ۋە قىشنىڭ ئەڭ سوغىغى ئەنە شۇنىڭدىندۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: سىلەرنىڭ دۇنيادا يېقىۋاتقان ئوتۇڭلار قىزىقلىقتا جەھەننەمنىڭ ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ دىدى. ئى رەسۇلۇللا، كاپىرلارنى ۋە ئاسىلارنى كويدۇرۇشتە بۇ دۇنيانىڭ ئوتىچىلىك بولسىمۇ يېتەتتىغۇ دىگەن كىشىلەرگە ئۇ: جەھەننەمنىڭ ئوتى قىزىقلىقتا بۇ دۇنيانىڭ ئوتىدىن ئاتمىش توققۇز ھەسسە ئارتۇق، ھەر بىر ھەسسىنىڭ قىزىقلىغى بۇ دۇنيانىڭ ئوتىچىلىك كېلىدۇ، دىگەن.

ئۇسامە ئىبنى زەيد ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋا-



由 扫描全能王 扫描创建

يەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەرىغىنىلاردا كۈنى بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنىپ دەۋزەخقە تاشلىنىدۇ، دەۋزەختىنى ئۇنىڭ ئۇچەيلىرى ئېچىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئۇ ياغۇنچاققا قاتقا ئېشەكتەك چوگىلەيدۇ. ئەھلى دەۋزەخ ئۇنى چورىدەپ: ھەي پالانى، دۇنيادىكى چاغدا سەن ئەمرى-مەرۇپ، نەھيى-مۇنكەر قىلاتتىڭغۇ دەيدۇ. ئۇ: سىلەرنى مەن ياخشى ئىشقا بۇيرۇيتتىم، ئەمما ئۇزەم قىلمايتتىم، سىلەرنى يامان ئىشتىن توساتتىم، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۇزەم يانمايتتىم، دەيدۇ.

## 253) شەيتان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى توغرىسدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىشى ئايىلى بىلەن بىر يەردە بولغاندا بىسمىللا دىگەندىن كېيىن: ئى ئاللا، بىزدىن ۋە بىزگە بېرىلگەن پەرزەنتتىن شەيتاننى يىراق قىلغىن دىسە، بۇ چاغدا بولغان بالىغا شەيتان زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: قاراڭغۇ چۈشكەندە ياكى كەچ كىرگەندە (بۇ ئىككى سوزدىن قايسىسىنىڭ دىيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان) كىچىك بالىلىرىڭلارنى يىغىۋېلىڭلار، چۈنكى بۇ چاغدا شەيتانلار تارىلىدۇ، كېچىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، بىسمىللا دەپ دەرۋازاڭلارنى تاقاڭلار، بىسمىللا دەپ چىرىغىڭلارنى ئۆچۈرۈڭلار، بىسمىللا دەپ



由 扫描全能王 扫描创建

تۇلۇمۇڭلارنىڭ ئاغزىنى چىگىڭلار، بىر نەرسىنى ئۈستىگە قويۇپ قويۇش بىلەن بولسىمۇ بىسمىللا دەپ قاچاڭلارنىڭ ئاغزىنى يېپىڭلار.

ئابدۇللا ئىبنى ئەبى قەتادە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ياخشى چۈش ئاللا تەرىپىدىن بولىدۇ①، يامان چۈش شەيتاندىن بولىدۇ. سىلەردىن بىر كىم يامان چۈش كۆرۈپ قېلىپ قورقۇپ كەتسە، سول تەرىپىگە قاراپ تۈكۈرۈۋەتسۇن، ئاللاغا سىغىنىپ شەيتانىنىڭ شەررىدىن پانا تىلىسۇن، شەيتان ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى كۈنىگە يۈز قېتىم: لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋە لەھۇلھەمدۇ ۋە ھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر (يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق، ئاللانىڭ شىرىكى يوق، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە پۈتۈن ھەمدۇ-سانا ئاللاغا مەنسۇپ، ئاللا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر) دىسە، ئۇنىڭغا ئون قۇل ئازات قىلغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇ، ئۇنىڭغا يۈز ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يۈز خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ، بۇ دۇئا شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن شەيتاندىن ساقلىنىدىغان قورغان بولىدۇ، مەزكۇر دۇئانى كۈنىگە يۈز قېتىمدىن ئوشۇق ئوقۇغان ئادەمدىن باشقا ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

① چۈشنىڭ مەزمۇنى ياكى تەبىرى ئېتىۋارى بىلەن.



由 扫描全能王 扫描创建

مۇنداق دېگەن: سىلەر خورازنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا ئاللانىڭ پەزلىنى تىلەڭلار، چۈنكى خوراز بۇ چاغدا پەرىشتىنى كۆرگەن بولىدۇ. ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا ئاللاغا سىغىنىپ شەيتاننىڭ شەررىدىن پانا تىلەڭلار، چۈنكى ئېشەك بۇ چاغدا شەيتاننى كۆرگەن بولىدۇ.

## 254) زىيانداش ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بەش خىل زىيانداش ھايۋان مۇقەددەس جايدىمۇ① ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك، ئۇلار: چاشقان، چايان، سا، قاغا ۋە غالجىر ئىتلاردىن ئىبارەت.

## 255) مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈشنىڭ يامانلىقى توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئايال بىر مۈشۈكنى تاماقمۇ بەرمەي ۋە زېمىندىكى ھاشارەتلەرنىمۇ يېگىلى قويماي باغلاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دەۋزىخى بولۇپ كەتكەن.

## 256) قاچىغا چىۋىن چۈشۈپ قالسا قانداق قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

① ھەرەمدە بولسىمۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر كىمنىڭ قاچىسىغا
چىۋىن چۈشۈپ قالسا، ئۇنى چوكۇرۇۋېتىپ ئاندىن ئېلىپ تاشلىۋەت-
سۇن، چۈنكى ئۇنىڭ بىر قانىتىدا كېسەل، بىر قانىتىدا شىپا
بولىدۇ.

## 257) ئۇسسىغانغا سۇ بېرىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
مۇنداق دېگەن: بىر پاھىشە ئايال بىر قۇدۇقنىڭ بېشىدا تەشنالىقتىن
ئۆلەي دەپ قالغان، تىلىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان بىر ئىتنىڭ يېنىدىن
ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆتۈكىنى سېلىپ روملى بىلەن باغلاپ قۇدۇقتىن
سۇ تارتىپ ئىتنى سۇغارغانلىقى ئۈچۈن، ئاللا ئۇنى مەغپىرەت
قىلغان①.

## 258) ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ يارىتىلىشتىكى شەكلى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
مۇنداق دېگەن: ئاللاتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان
چاغدا، بويىنى ئاتمىش گەز ئۇزۇنلۇقتا ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا:
ئاشۇ پەرىشتىلەرگە سالام بەرگىن ۋە ئۇلارنىڭ ساڭا بەرگەن قايتۇرما

① بۇنىڭدىن ئاللا ئۆز پەزلى كەرەمىگە ئېلىپ، كىشىنىڭ قىلغان ئازغىنا ئەمىلى ئۈچۈن ئۇنىڭ چوڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

سالامغا قۇلاق سالغىن، بۇ سەن ۋە سېنىڭ ئەۋلاتلىرىڭ قوللىنىدىغان سالام بولۇپ قالىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە، ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم (سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن. — ت) دەپ سالام بەردى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەسسەلامۇ ئەلەيكە ۋەرەھمەتۇللاھى (ساڭا سالامەتلىك ۋە ئاللانىڭ رەھمەتلىرىنى تىلەيمىز. — ت) دېدى. پەرىشتىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن جاۋاپ سالامىدا رەھمەتۇللاھى① دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى، جەننەتكە كىرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدىغان چاغدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىدە بولۇپ كىرىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئادەملەر ھۆسنى-چىراي ۋە قەددى-قامەت جەھەتتىن ئارقىغا چېكىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرىدىغان دەسلەپكى جامائەنىڭ چىرايى ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك گۈزەل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىرىدىغانلارنىڭ چىرايى ئاسماندىكى ئەڭ يورۇق يۇلتۇزدەك گۈزەل بولىدۇ، ئۇلاردا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش، تۈكۈرۈش ۋە بۇرنىنى تاشلاش ئىشلىرى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تاغاقلىرى ئالتۇندىن بولىدۇ، تەرلىرى ئىپاردەك خۇش بۇي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇش بۇي ئېلىش چوغدانىنىڭ يېقىلغۇسى خۇش پۇراق سەئدى ھىندى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى گۈزەل ھورلەردىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يارىلىشى

---

① بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق ۋە ئىناقلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش يۈزىسىدىن سالامنىڭ دەسلەپكى يولغا قويۇلۇشىدۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

بىر ئادەمگە — ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش قامەتتە ئاتمىش گەز ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ.

## 259) كىشىلەرنىڭ روھلىرى ئالەمى ئەرۋاھتا توپلانغان لەشكەرلەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: كىشىلەرنىڭ روھلىرى① ئالەمى ئەرۋاھتا توپلانغان لەشكەرلەردۇر. ئالەمى ئەرۋاھتا ئۆزئارا تونۇشقان روھلار بۇ دۇنيادا بىر بىرى بىلەن كېلىشەلەيدۇ؛ تونۇشمىغانلىرى بولسا كېلىشەلمەيدۇ.

## 260) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سەكسەن ياشقا كىرگەن چېغىدا كەكە بىلەن خەتنىسىنى قىلدۇرغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللا ئىسمائىلنىڭ ئانىسىغا②

---

① ئىنساننىڭ بەدىنىدىكى جان.

② ئىسمى ھاجەر.



由 扫描全能王 扫描创建

رەھمەت قىلسۇنكى، ئەگەر ئۇ ئالدىراپ كەتمىگەن بولسا①، زەمزەم قۇدۇغى ئەلۋەتتە ئېقىپ تۇرغان بۇلاق بولۇپ كېتەتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن بىلەن ھۇسەينگە پانا تىلەش يۈزىدىن ئاللاغا سىغىنىپ مۇنداق دەيتتى: ئاللاغا سىغىنىپ، ھەر بىر شەيتاننىڭ، زەھەرلىك ھاشارەتلەرنىڭ ۋە يامان كوزلەرنىڭ شەررىدىن ئاللانىڭ شىپالىق سوزلىرى بىلەن پانا تىلەيمەن. سىلەرنىڭ بوۋاڭلار ئىبراھىم بولسا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاققا پانا تىلەش يۈزىدىن يۇقۇرقى سوزلەر بىلەن ئاللاغا سىغىناتتى.

## 260) گوشنىڭ چىرىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بەنى ئىسرائىل گوشنى ساقلاپ يىمىگەن بولسا، گوش چىرىمەيتتى②. ھەۋۋا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى

---

① ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇسسىغان چاغدا، جىبرىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ تاپىنى بىلەن يەرنى كولىغان ئىدى، سۇ چىقتى، ھاجەر سۇنىڭ ئەتراپىنى توراپ تورۇپ چاڭگاللاپ تۇلۇمغا قۇيۇشقا باشلىدى.

② رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بەنى ئىسرائىل (يەھۇدىلار ــ ت) قەۋمى سەھرايى كەبىردە ئېزىقىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئاللا ئۇلارغا ئۇلايىنى يەيدىغان رىزىق قىلىپ بەرگەن: ئۇلار ئۇلاينىڭ گوشلىرىنى ساقلاپ يىمەسلىككە بۇيرۇلغان بولسىمۇ، ساقلاپ يىگەنلىكتىن گوشلىرى سېسىپ قالغان، گوشنىڭ چىرىشى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

ئازدۇرمىغان بولسا، ئايال كىشى ئېرىنى مەڭگۈ ئازدۇرمىغان بولاتتى①.

## 261) داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزى ۋە تۇتقان روزىسى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ماڭا رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن دەپ رىۋايەت قىلدۇ: ئاللا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان روزا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان روزىسىدۇر. ئۇ بىر كۈن روزا تۇتاتتى، بىر كۈن ئېغىزى ئوچۇق يۈرەتتى. ئاللا ئەڭ ياقتۇرىدىغان ناماز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىدۇر، ئۇ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلايتتى، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە ئىبادەت قىلاتتى، ئاندىن يەنە ئالتىدىن بىرىدە ئۇخلايتتى.
(كېچە ئون ئىككى سائەت ھېساپلىنىپ، دەسلەپكى ئالتە سائەتتە ئۇخلايتتى، ئاندىن توت سائەت ئىبادەت قىلاتتى، ئاندىن ئىككى سائەت ئۇخلايتتى. — ت)

## 262) كىشىلەرنىڭ دەۋزەخ ئوتىغا ئوزلىرىنى پەرۋانىغا ئوخشاش ئاتىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مەن كىشىلەرنى

---

① شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى ئارقىلىق، ھەۋۋا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاللا مەنئى قىلغان دەۋزەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە قىزىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىلىق ھەۋۋانىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ يۇقتى.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشتا ئۇلارنى دەۋزەخ ئوتىدىن قۇتۇلدۇر-
غۇچىغا ئوخشايمەن، كىشىلەر بولسا كۆپىرىدا چىلڭ تۇرۇش ۋە نەپ-
سىنىڭ كەينىگە كىرىپ يامان ئىشلارغا بېرىلىش جەھەتلىرىدە خۇددى
ئۆزلىرىنى ئوتقا ئۇرۇۋاتقان پەرۋانە ۋە باشقا ھاشارەتلەرگە
ئوخشايدۇ①.

## 263) مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللا بىلەن قەسەم قىلى-
مەنكى، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئاسماندىن چۈشۈپ سىلەرگە ئادىل
ھوكۇمران بولىدۇ، سەلىبنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈ-

---

① پەرۋانە كۈندۈزنىڭ يورۇغىنى ئىزدەپ ئۆزىنى چىراققا ئۇرىدۇ،
كېچىدە چىراقنى كورگەندە، ئۆزىنى قاراڭغۇ ئۆيدە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ،
چىراقنى قاراڭغۇ ئۆينىڭ يورۇق چۈشۈپ تۇرغان يوچۇغى دەپ قاراپ،
يورۇقلۇققا چىقىمەن دەپ ئۆزىنى چىراققا ئۇرىدۇ. پەرۋانە چىراقتا كويۈپ
ئۆلگىچە قاراڭغۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يورۇق ئىزدەيدۇ. ئىمام غەززالى
مۇنداق دېگەن: پەرۋانە ئۆزىنىڭ نادانلىقى ۋە ئەقىلسىزلىقىدىن شۇنداق
قىلىدۇ دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، ئىنساننىڭ نادانلىقى پەرۋانىنىڭ نادانلىقى-
دىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ يامان ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىشى
ۋە شۇ يولدا ھالاك بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن دەۋزەختە مەڭگۈ قېلىشى پەرۋا-
نىنىڭ نادانلىقىدىنمۇ چوڭ نادانلىق ھېساپلىنىدۇ. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام: سىلەر ئۆزەڭلارنى پەرۋانىغا ئوخشاش دەۋزەخقە ئېتىۋاتىسىلەر،
ئەمما مەن سىلەرنىڭ پېشىڭلاردىن تۇتۇۋېلىپ بارىمەن. دېگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

رىدۇ، جىزىينى ئېلىپ تاشلايدۇ①. پۇل-مال شۇ دەرىجىدە كۆپە-يىدۇكى، ئۇنى سەدىقە قىلىپ بەرسە، ھېچكىم ئالمايدۇ، بۇ چاغدا ئاللا ئۈچۈن قىلىنغان بىر سەجدە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ئەۋزەل بولىدۇ.

## 264) بەنى ئىسرائىل توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بەنى ئىسرائىلنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىدارە قىلاتتى، بىر پەيغەمبەر ئۆلسە، ئورنىنى يەنە بىر پەيغەمبەر باساتتى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، مېنىڭ ئورنۇمنى باسىدىغان خەلىپىلەر بولىدۇ، ئۇلار كۆپ بولىدۇ، دېدى، ساھا-بىلەر: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خەلىپىلىك ئۈستىدە دە-تالاش بولسا، بىزنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ دېدى. رەسۇلۇللا: دەسلىۋىدە بەيئەت قىلغان خەلىپىگىلارغا ئەگىشىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىگە ئەگىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار②، ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ھەققىڭلارنى ئادا قىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئاللا ئۇلارنى قىلمىشلىرى ئۈستىدە جاۋاپكارلىققا تارتىدۇ③، دېدى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

① غەيرى دىندىكىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشى بىلەن، ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان باج ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

② ئۇلارغا ئىتائەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئىسلام دىنىنى يۇكسەل-دۈرگەن ۋە پىتنە-پاساتلاردىن ساقلانغان بولىسىلەر.

③ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭلار ئۈچۈن سىلەر ساۋاپ تاپىسىلەر.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ ۋاقتىغا سېلىشتۇرغاندا، سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلار نامازدىگەر بىلەن كۈن پېتىش ئارىلىغىدىكى ۋاقىتچىلىك كېلىدۇ. سىلەرنىڭ ۋە يەھۇدى، ناسارالارنىڭ مىسالى تۆۋەندىكى مىسالغا ئوخشايدۇ. بىر ئادەم مەدىكار ئىشلەتمەكچى بولۇپ، كىم ماڭا بىر قىرات (بىر دىنارنىڭ $\frac{1}{210}$ گە تەڭ پۇل ــ ت) پۇلغا چۈشكىچە ئىشلەپ بېرىدۇ؟ دەيدۇ. يەھۇدىلار بىر قىراتقا چۈشكىچە ئىشلەپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئادەم: كىم ماڭا بىر قىرات پۇلغان چۈشتىن نامازدىگەرگىچە ئىشلەپ بېرىدۇ؟ دەيدۇ، ناسارالار بىر قىراتقا چۈشتىن نامازدىگەرگىچە ئىشلەپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئادەم: كىم ماڭا ئىككى قىرات پۇلغا نامازدىگەردىن كۈن پاتقىچە ئىشلەپ بېرىدۇ؟ دەيدۇ. ئىككى قىرات ھەق ھەساۋىغا نامازدىگەردىن كۈن پاتقىچە ئىشلەپ بېرىدىغانلار سىلەر بولۇسلەر. قۇلاق سېلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار بىر ھەسسە كوپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىلار ۋە ناسارالار جىق ئىشلەپ ئاز ھەق ئالامدۇق دەپ خاپا بولۇشىدۇ، ئاللا ئۇلارغا: سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردىن بىر نەرسە كېمىتىۋەتتىممۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار: ياق، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئاللا: مانا بۇ ــ مېنىڭ پەزلىم، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىمەن، دەيدۇ.

جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئىچىدە بىر ئادەم بولغان، ئۇنىڭ بىر يارىسى بولۇپ، ئاغرىغىغا چىدالماي پىچاق بىلەن قولىنى كېسىپ تاشلىغان، قان توختىماي چىقىۋېرىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن، ئاللاتائالا: بەندەم

ئالدىراپ ئۆلۈۋالدى، ئۇنىڭغا جەننەتنى هارام قىلدىم①، دېگەن.

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىلدا بىر ئاق كېسەل، بىر تاز ۋە بىر ئەمادىن ئىبارەت ئۈچ ئادەمنى ئاللا سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتتى. پەرىشتە ئاق كېسەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سەن قايسى نەرسىنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇ: كىشىلەر مەندىن يىرگىنىدۇ، تېرەم تۈزۈلۈپ چىرايلىق رەڭدە بولۇشنى ئەڭ ياقتۇرىمەن، دېدى. پەرىشتە ئۇنى سىلاپ قويۇۋىدى، ئۇنىڭ رەڭگى تۈزۈلۈپ، تېرىسى چىرايلىق بولۇپ كەتتى. پەرىشتە ئۇنىڭغا قايسى مالنى ئەڭ ياقتۇرىسەن، دېدى. ئۇ توگىنى ياكى كالىنى (ئاق كېسەل بىلەن تازنىڭ بىرى توگىنى، بىرى كالىنى ياقتۇرىمەن دېگەن، كىمنىڭ نېمىنى دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق — رىۋايەت قىلغۇچىدىن) ياقتۇرىمەن دېدى. ئاللا ئۇنىڭغا بىر بوغاز توگە ئاتا قىلدى، پەرىشتە ئۇنىڭغا، مېلىڭ بەرد-كەتلىك بولسۇن، دېدى. پەرىشتە تازنىڭ يېنىغا كېلىپ، سەن قايسى نەرسىنى ئەڭ ياقتۇرىسەن، دېدى. تاز كىشىلەر مەندىن يىرگىنىدۇ، بېشىم تۈزۈلۈپ چىرايلىق چېچىم بولۇشنى ئەڭ ياقتۇرىمەن، دېدى. پەرىشتە ئۇنى سىلاپ قويۇۋىدى، بېشى تۈزۈلۈپ، چىرايلىق چاچ چىقتى. پەرىشتە ئۇنىڭغا قايسى مالنى ئەڭ ياقتۇرىسەن، دېدى. ئۇ،

---

① جەننەتنىڭ هارام قىلىنىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى هالال ساناپ كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكتىن. كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنىڭ ياكى باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشىنىڭ قانچىلىك چوڭ گۇنا ئىكەنلىكىگە بۇ زور ئاساستۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

كالىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن، دېدى. ئاللا ئۇنىڭغا بىر بوغاز كالا ئاتا قىلدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا، مىلىڭ بەرىكەتلىك بولسۇن، دېدى. پەرىشتە ئەمانىڭ يېنىغا كېلىپ، سەن قايسى نەرسىنى ئەڭ ياقتۇرىسەن، دەپ سورىدى، ئەما، ئاللا كوزۇمنى ئېچىۋەتسە، كىشلەرنىڭ چىرايلىرىنى كورسەم ئىكەنمەن، دېدى. پەرىشتىنىڭ سىلاپ قويۇشى بىلەن، ئاللا ئۇنىڭ كوزىنى ئېچىۋەتتى، پەرىشتە ئۇنىڭدىن قايسى مالنى ئەڭ ياقتۇرىسەن دەپ سورىدى، ئۇ، قوينى ئەڭ ياقتۇرىمەن، دېدى. ئاللا ئۇنىڭغا بىر قوزىلىق ساغلىق ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار- نىڭ ماللىرى كوپىيىپ، ئاق كېسەل بىر ئويمان توگىگە، تاز بىر ئويمان كالىغا، ئەما بىر ئويمان قويغا ئىگە بولۇپ قالدى. ئاندىن كېيىن پەرىشتە ئوزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتى ۋە تۇرقىدا كېلىپ، ئاق كېسەلگە، مەن مىسكىن ئادەممەن، سەپىرىدىمدە رىزقىنىڭ يولىنى تېپىشتىن ئامالسىز قالدىم. بۈگۈن تىلىگىنىڭ ھەل بولۇشى ئاللادىن قالسا ساڭىلا باغلىق بولۇپ قالدى، سېنىڭ رەڭگىڭنى، تېرەڭنى چىراي- لىق قىلغان، ساڭا مال بەرگەن ئاللانىڭ ھەققى ئۈچۈن سەندىن سەپىرىم- دە ھاجىتىمدىن چىقىدىغان بىر توگە سورايمەن، دېدى. ئۇ، مالنىڭ تېگىشلىك چىقىملىرى كوپ، دەپ جاۋاپ بەردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا، مەن سېنى تونۇيدىغاندەك تۇرىمەنغۇ، سەن كىشلەر يىرگىنىدىغان ئاق كېسەل ئەمەسمىدىڭ؟ ئاللا ساڭا مال بەردىغۇ؟ دېدى. ئۇ، بۇ مال ماڭا چوڭ ئوتكەن ئاتا-بوۋىلىرىمدىن مىراس قالغان، دېدى. پەرىشتە، يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللا سېنى ئىلگىرىكىدەك قىلىپ قويسۇن، دېدى. پەرىشتە تازنىڭ يېنىغا ئوزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتى ۋە تۇرقىدا كېلىپ، ئاق كېسەلگە قايسى گەپلەرنى دىگەن بولسا، ئۇنىڭ- غىمۇ شۇ گەپلەرنى دېدى. تازمۇ ئۇنىڭغا ئاق كېسەلنىڭ جاۋابىدەك



由 扫描全能王 扫描创建

جاۋاپ بەردى. پەرىشتە تازغا، يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللا سېنى ئىلگىرىكىدەك قىلىپ قويسۇن، دېدى. پەرىشتە ئەمانىڭ يېنىغا ئۇزىنىڭ بۇرۇنقى سۇرىتىدە كېلىپ، مەن مىسكىن مۇساپىر ئادەممەن، سەپىرىمدە رىزقىنىڭ يوللىرى كېسىلدى، بۈگۈن تىلىگىمنىڭ ھەل بولۇشى ئاللادىن قالسا ساڭىلا باغلىق بولۇپ قالدى، سېنىڭ كوزۇڭنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئاللا ھەققى ئۈچۈن سەندىن سەپىرىمدە ھاجىتىمدىن چىقىدىغان بىر قوي سورايمەن، دېدى. ئەما، مەن ئەما ئىدىم، ئاللا كوزۇمنى ئەسلىگە كەلتۈردى، گاداي ئىدىم، ئاللا مېنى باي قىلدى، خالىغىنىڭنى ئالغىن، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن خۇدا ھەققى ئۈچۈن ئالىدىغان نەرسىنى بەرمەي، سېنى قىيىن ئەھۋالدا قويمايمەن، دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا، مېلىڭنى ئوزەڭ ئالغىن، ئاللا سىلەرنى سىناپ كوردى، ئاللا سەندىن رازى بولدى، سېنىڭ ئىككى ھەمراھىڭغا غەزەپ قىلدى، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: بەنى مەخزۇم (ئايماق ئىسمى. ـــ ت)لۇق ئايالنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى پۈتۈن قۇرەيشنى قايغۇغا سالدى. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاغا كىم ئېغىز ئاچالايدۇ دېگەن كىشىگە، رەسۇلۇللانىڭ ياخشى كورگەن ئادىمى ئۇسامە ئىبنى زەيد ئېغىز ئاچالايدۇ، دېيىشتى. ئۇسامە بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاغا سوز ئاچتى. رەسۇلۇللا: ئاللا بېكىتكەن بەلگىلىمە ئۈستىدە ئارا تۇرماقچىمۇ سەن؟ دېدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ نۇتۇق سوزلەپ بولۇپ مۇنداق دېدى: بەنى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسىلزادە ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا تەگمەيتتى، مەرتىۋىسىز ئادەم ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن



由 扫描全能王 扫描创建

ھەد (ئاللا بەلگىلىگەن جازا. ــ ت) ئىجرا قىلىناتتى، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم.

ئەبۇ مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەگەر ئۇيالمايدىغان بولساڭ، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن" دېگەن سوز ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرگە ئېيتىپ قالدۇرغان سوزلىرىدىندۇر.

ئىبنى ئۇمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم① تەكەببۇرلۇقتىن كورەڭلەپ كەتكەندە، ئۇنى يەر يۇتتى. ئۇ قىيامەتكىچە يەر قاتلاملىرىدا چوكۇپ بارىدۇ.

## 288) ئوزىنىڭ نەسەبىنى يالغان ئېيتقان ۋە يالغان چۇش بايان قىلغان ئادەم توغرىسىدا

ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئوز ئاتىسىدىن غەيرىنى دادام دەپ دەۋا قىلىشى ياكى چۇشىدە كورمىگەن نەرسىلەرنى كوردۇم دېيىشى ياكى ئاللانىڭ رەسۇلىغا يالغاننى چاپلىشى ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقتۇر.

① قارۇن.



由 扫描全能王 扫描创建

## 289) پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇگەنجىسى — رەسۇلۇللانىڭ يوچۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىگى توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مەن ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر خۇددى بىر ئادەم چىرايلىق ياساپ پۈتتۈرۈپ، بىر كىسەكلىك ئورۇنىنىلا بوش قالدۇرغان، ئىچىگە كىرىپ كورگەن كىشىلەر ئەجەپلىنىپ، كىسەكنىڭ ئورنى تولدۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا، تولۇق پۈتكەن بولىدىكەن دىيىشكەن بىر بىناغا ئوخشايمىز.

## 290) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەك قولى كەڭ ئىدى. رامىزان ئېيىدا جىبرىل بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى. جىبرىل رامىزاندا ھەر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا قۇرئان تەلىم بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەيرلىك ئىشلاردىكى مەنپەئەتى يامغۇرلۇق بۇلۇتنى ئېلىپ كەلگەن شامالدىنمۇ زور ۋە ئومۇمى ئىدى.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناچار سوز ۋە ناچار ئىشلاردىن يىراق ئىدى. ئۇ



由 扫描全能王 扫描创建

مۇنداق دەيتتى: ئىچىڭلاردىكى ياخشى كىشىلەر ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلاردۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەم-بەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشنىڭ① بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، گۇنا بولمايدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ئاسانراغىنى ئىختىيار قىلاتتى. ئەگەر گۇنا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئەڭ يىراق بولاتتى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۆچ ئالمايتتى، پەقەت ئاللانىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغاندىلا ئاللا ئۈچۈن ئۆچ ئالاتتى.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەم-بەر ئەلەيھىسسالام يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ ھايالىق ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقاچان بىرەر تاماقنى كەمستكەن ئەمەس، كۆڭلى تارتسا ئۇنى يەيتتى، كۆڭلى تارتمىسا قويۇپ قوياتتى.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: يەھۇدىلار سىلەر بىلەن ئۇرۇشىدۇ. سىلەر ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىسىلەر، ھەتتا تاشمۇ: ئى مۇسۇلمان، مېنىڭ ئارقامغا يەھۇدى يوشۇرۇنۇۋالدى، ئۇنى ئۆلتۈر②، دەيدۇ.

---

① دۇنيا ئىشلىرىدىن.

② بۇنىڭدىن جانسىز نەرسىلەرنىڭ سۆزلىشىدەك قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: چۈشۈمدە خالايىقنىڭ بىر يەردە يىغىلىپ تۇرغانلىغىنى كوردۇم، بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى تۇرۇپ قۇدۇقتىن بىر ياكى ئىككى سوغا (قانچە سوغا دىيىلگەنلىگى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئىسىدە قالمىغان) سۇ تارتتى، سۇنى بوشراق تارتتى، ئاللا ئۇنى ئەپۇ قىلغاي①. ئاندىن كېيىن ئۇمەر سوغىنى قولىغا ئالغان ئىدى، ئۇ چوڭ سوغىغا ئايلاندى. سۇنى ئۇمەردەك تارتىدىغان قابىل ئادەمنى كورمىدىم، ئۇ شۇنداق قالتىس تارتتىكى، كىشىلەر قۇدۇق بويىغا ئەتەن (سۇ بويىغا ماللارنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان جايلار. — ت)لەرنى سالدى②.

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ياخشىلىرى مېنىڭ دەۋرىمدە ياشىغان كىشىلەردۇر (ساھەبىلەر كوزدە تۇتۇلىدۇ. — ت)، ئۇلاردىن قالسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ياشىغان كىشىلەردۇر (تابىئىنلار. — ت)، ئۇلاردىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ياشىغان كىشىلەردۇر (تەبئى تابىئىنلار — ت). سىلەردىن

---

① ئەبۇ بەكرىنىڭ ھەركىتى ئاستا بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەدرى-قىممىتى چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ئۇ مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ پەتھى قىلىنغان جايلىرى ئاز بولدى.

② ھەتتاكى كىشىلەر سۇنى ئىچىپ قاندى، توگىلىرىنىمۇ قانغۇدەك سۇغاردى، توگىلىرىنى چوكتۇرۇپ قايتا-قايتا سۇغىرىش ۋە ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەتەنلەرنى سالدى.



由 扫描全能王 扫描创建

كېيىن شۇنداق بىر خەلق كېلىدۇكى، ئۇلار خىيانەتكار، ئىشەنچسىز، ئۇزلىرى گۇۋالىق بېرىدىغان ئەمما گۇۋالىققا تارتىلمايدىغان، ئاللاغا قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەملەردۇر، ئۇلار دۇنياغا بەكمۇ ھېرىس ۋە راھەتپەرەس كېلىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار، ئەگەر سىلەر ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن سەدىقە قىلغىنىڭلار بىلەنمۇ، ئۇلار سەدىقە قىلغان بىر مۇد (تەخمىنەن 18 لىترغا تەڭ. — ت) ئاشلىقنىڭ، يېرىم مۇد ئاشلىقنىڭمۇ ساۋابىغا يەتمەيدۇ.

## 299) ئەنسارلارنى سۆيۈش توغرىسىدا

ئەدى ئىبنى سابىتنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئەنسارلارنى پەقەت مۇسۇلمان ئادەملا ياخشى كۆرىدۇ، پەقەت مۇناپىقلا يامان كۆرىدۇ، ئەنسارلارنى سۆيگەن ئادەمنى ئاللا سۆيىدۇ، ئۇلارنى يامان كۆرگەن ئادەمنى ئاللا يامان كۆرىدۇ.

## 300) ئاللا بىلەن قەسەم قىلىش توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەي- غەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قۇلاق سېلىڭلاركى، قەسەم



由 扫描全能王 扫描创建

ئىچكەن ئادەم ئاللا بىلەنلا قەسەم ئىچسۇن، قۇرەيش خەلقى بولسا ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن قەسەم ئىچەتتى، سىلەر ئاتا ـ بوۋاڭلار بىلەن قەسەم ئىچمەڭلار.

## 301) كىشىنىڭ نىيىتى توغرىسىدا

ئەلقەمە ئىبنى ۋەققاسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق. كىمكى پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ، كىمكى ئاللانىڭ ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ.

## 302) ئاللانىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم ئۈچ مەسىلە توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللا ئىبنى سالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن بىرقانچە مەسىلە سوراش ئۈچۈن كېلىپ: مەن سەندىن پەيغەمبەردىن باشقا ئادەم بىلمەيدىغان ئۈچ مەسىلە سورايمەن: قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى نىمە؟ جەننەتكە داخىل بولغانلارنىڭ تۇنجى يەيدىغان تامىقى نىمە؟ تۇغۇلغان بالا نىمە ئۈچۈن ئاتىسىغا ياكى ئانىسىغا ئوخشايدۇ؟ دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سەن سورىغان مەسىلىلەرنى جىبرىل ماڭا بايا



由 扫描全能王 扫描创建

ئېيتىپ بەرگەن ئىدى، دېدى. ئابدۇللا ئىبنى سالام، جىبرىل يەھۇدىلارنىڭ پەرىشتىلەر ئىچىدىكى دۈشمىنى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى شۇكى، بىر ئوت پەيدا بولۇپ، ئۇ خالايىقنى شەرق تەرەپتىن سۈرۈپ ئاپىرىپ غەرپ تەرەپكە توپلايدۇ، جەننەتكە داخىل بولغانلارنىڭ تۇنجى يەيدىغان تامىقى لەھەڭنىڭ جىگىرىگە چاپلىشىپ تۇرغان پارچە گوش بولىدۇ، ئەرنىڭ مەنىسى ئايالنىڭكىنى بېسىپ كەتسە، بالا ئاتىسىغا ئوخشايدۇ، ئايالنىڭ مەنىسى ئەرنىڭكىنى بېسىپ كەتسە، بالا ئانىسىغا ئوخشايدۇ، دېدى. ئابدۇللا ئىبنى سالام: بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق ئىكەنلىكىگە، سېنىڭ ھەقىقەتەن ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋالىق بېرىمەن، ئى رەسۇ-لۇللا، يەھۇدىلار يالغانچى خەلق، ئۇلار مېنىڭ مۇسۇلمان بولغان-لىقىمدىن خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇن، مەن توغرىلىق سوراپ باق، دېدى. يەھۇدىلار كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: ئابدۇللا ئىبنى سالام ئاراڭلاردا قانداق ئادەم؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: ئۇ ئىچىمىزدىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئوبدان ئادىمىمىز، ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئوبدان ئادىمىمىزنىڭ ئوغلى، دەپ جاۋاپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مۇسۇلمان بولسا نېمە دەيسىلەر؟ دېدى: يەھۇدىلار: ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن خۇدا پانا بەرسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقۇرىدىكى سوزىنى تەكرارلىغان ئىدى، يەھۇدىلارمۇ يۇقۇرقى سوزىنى تەكرارلىدى. ئابدۇللا ئىبنى سالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ: ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللا (گۇۋالىق بېرىمەنكى، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق، مۇھەممەد ھەقىقەتەن ئاللانىڭ پەيغەمبىرىدۇر) دېدى.



由 扫描全能王 扫描创建

يەھۇدىلار، بۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى يامان ئادەم ۋە يامان ئادەمنىڭ بالىسى دېدى ھەم ئۇنى يامانلاشتى. ئابدۇللا ئىبنى سالام: ئى رەسۇلۇللا، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىدىن قورققان ئىدىم، دېدى.

## 303) نەپىقە توغرىسىدا

ئەبۇ مەسئۇد بەدرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە قىلغان نەپىقىسى① سەدىقە ھېساپلىنىدۇ.

## 304) بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ مەسئۇد بەدرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى كېچىسى سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇيدىكەن، كېچىچە ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ②.

## 305) چوكانغا ئۆيلىنىش توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن: ئى جابىر،

---

① ئاللانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ خوتۇنى ۋە بالىلىرىغا قىلغان خىراجىتى.

② ئوقۇغان ئادەمنى ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەررىدىن ساقلاشقا كۇپايە، ياكى تەھەججۇد نامىزىدىن كۇپايە قىلىدۇ دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە دېيىلگىنى "ئامەنەر رەسۇلۇ"دىن باشلاپ سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئىككى ئايەت.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇيلەندىڭمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن: ھەئە دىۋىدىم، ئۇ: قىز ئالدىڭمۇ، چوكانمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن: چوكان ئالدىم، دىدىم. رەسۇلۇللا: سەن بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغان قىز ئالساڭچۇ، دىدى. مەن: ئى رەسۇلۇللا، ئاتام ئۇھۇد غازىتىدا شەھىت بولدى، توققۇز قىزى قالدى، ئۇلار مىنىڭ توققۇز ھەمشىرەم بولىدۇ، ئۇلارغا يەنە ئۇلارغا ئوخشاش بىر ئەخمەق قىزنى① قوشۇشنى ياقتۇرمىدىم، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تاراپ قويىدىغان، خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر ئايالنى ئالدىم، دىدىم. رەسۇلۇللا: توغرا قىلىپسەن، دىدى.

## 306) پەيغەمبەر ئەيھىسسالامنىڭ بەرىكىتى توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا ئەنسارى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ساڭا مەلۇمكى، مىنىڭ ئاتام ئۇھۇد غازىتىدا شەھىت بولۇپ كەتتى، نۇرغۇن قەرزى قالدى، مەن قەرز ئىگىلىرىنىڭ سىنى كورۇشنى ياقتۇرىمەن، دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: خورمىنىڭ ھەر بىر خىلىنى ئايرىم خامان قىلىپ يىققىن دىدى. مەن رەسۇلۇللا دىگەندەك قىلىپ، ئاندىن ئۇنى چاقىردىم، قەرز ئىگىلىرى رەسۇلۇللاغا قارىغان چاغدا، ئۇلار گويا شۇ تاپتا مەندىن قەرزنى جىددى سۈيلەۋاتقاندەك بولدى، رەسۇلۇللا ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى كورۇپ، خامانلارنىڭ چوڭ بىرسىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى، ئاندىن كىيىن ماڭا: قەرز ئىگىلىرىنى چاقىرغىن، دىدى ۋە تاكى ئاللا ئاتامنىڭ زىممىسى-

---

① ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدىغان تەجرىبىسىز نادان، ئەخمەق دىمەكچى.

دىكى قەرزلەرنى تۆگەتكەنگە قەدەر رەسۇلۇللا قەرز ئىگىلىرىگە خورمىنى ئۆلچەپ بېرىۋەردى. ئاللا ئاتامنىڭ قەرزىنى تۆگەتسە، ئۆيىدىكى ھەمشىرىلىرىمگە بىر تال خورما ئېلىپ بارمىساممۇ مەن بۇنىڭدىن رازى ئىدىم. ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن خامان ھېچ خورمىنى شۇ پېتىچە تۇردى، ھەتتا رەسۇلۇللا ئولتۇرغان خاماندىن گويا بىر دانە خورمىمۇ خورىمىغاندەك تۇرغانلىقى كوز ئالدىمدا تۇرىدۇ.

## 307) زاتۇررىقا غازىتى ۋە رەسۇلۇللانىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغۇچىنى ئەپۇ قىلغانلىقى توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللا ماڭا شەرق شامىلى بىلەن نۇسرەت بەردى. ئاد قەۋمى غەرپ شامىلى بىلەن ھالاك قىلىندى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: يالغۇز بىر ئاللادىن بولەك ھېچ مەبۇد يوق، ئاللا ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى كۈچلەندۈردى، پەيغەمبىرىگە نۇسرەت بەردى، يالغۇز ئۆزىلا دۈشمەنلەر توپىنى مەغلۇپ قىلدى، ئاللادىن باشقا ھەممە نەرسە پانىدۇر.

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نەجد تەرەپتىكى غازاتقا قاتنىشىپ،



由 扫描全能王 扫描创建

由 扫描全能王 扫描创建

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قايتىپ كېلىۋېتىپ دەرەخ-
لىق بىر ئورمانغا كەلگەندە، كۈن قاتتىق ئىسسىپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللا
باشلىق ھەممەيلەن شۇ يەرگە چۈشىدۇ. كىشىلەر دەرەخلەرنىڭ
ئاستىدا سايىداشقا تارقاپ كېتىدۇ. رەسۇلۇللامۇ بىر ئەرەپ كاۋچۇك
دەرىخى ئاستىغا چۈشۈپ، قىلىچىنى دەرەخقە ئېسىپ قويىدۇ. جابىر
مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇخلاپ كېتىپتۇق، بىر چاغدا رەسۇلۇللا بىزنى
تۇيۇقسىز توۋلاپ قالدى. رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا كەلسەك، ئۇنىڭ
قېشىدا بىر ئەرابى ئولتۇرۇپتۇ، رەسۇلۇللا بىزگە ئۇنى كۆرسىتىپ:
مەن ئۇخلاۋاتسام، بۇ مېنىڭ قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ ئاپتۇ، ئويغانسام،
ئۇنىڭ قولىدا يالىڭاچ قىلىچ تۇرىدۇ. ئۇ ماڭا: مەندىن سېنى كىم
قۇتقۇزالايدۇ؟ دېدى، مەن: ئاللا قۇتقۇزىدۇ، دېدىم. مانا بۇ مېنىڭ
قېشىمدا ئولتۇرىدۇ، دېدى. كېيىن رەسۇلۇللا ئۇنى جازالىمىدى①.

### 310) خەيبەر غازىتى ۋە "لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللا" دېگەن سۆزنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق
دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرگە كېتىۋېتىپ بىر ئويمانلىققا

---

① كۆپپارلار بىلەن دوستلىشىش ئۈچۈن جازالىمىغان، ئىبنى ئىسھاقنىڭ
رىۋايىتىدە، ئاللا قۇتقۇزىدۇ، دېگەن سۆزدىن كېيىن مۇنۇ سۆزلەر قوشۇلغان:
جىبرىل ئەرابىنىڭ كۆكرىكىدىن ئىتتەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ قولىدىن قىلىچ
چۈشۈپ كەتتى. رەسۇلۇللا قىلىچنى ئېلىپ: سېنى مەندىن كىم قۇتقۇزىدۇ
دېگەن ئىدى، ئەرابى: ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ، دېدى. قۇرئاندا ئاللا پەيغەم-
بەرگە قارىتا "ئاللا سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ" دېگەن.

چۈشكەندە، كىشىلەر ئۇنىلۇك تەكبىر ئېيتىپ: ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ (ئاللا ئۇلۇغدۇر، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق) دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: توۋلاپ تەكبىر ئېيتماڭلار، سىلەر گاسنى، غايىپنى چاقىرىۋاتمايسىلەر، بەلكى ھەممىشە سىلەردىن ئايرىلمايدىغان، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئاللاغا تەكبىر ئېيتىۋاتىسىلەر، دېدى. مەن رەسۇلۇللانىڭ ئۇلىغىنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشكىلىك ئىدىم، ئۇ، مېنىڭ "لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللا" دېگەنلىگىمنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ مېنى، ئى ئابدۇللا ئىبنى قەيس دەپ چاقىردى. مەن: لەببەي، رەسۇلۇللا، دېدىم. ئۇ: ساڭا جەننەتنىڭ غەزىنىسى بولغان بىر سوزنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ دېدى. مەن: ماقۇل، ئاتا-ئانام پىدايىڭ بولسۇن، ئى رەسۇلۇللا، دېدىم. رەسۇلۇللا: ئۇ بولسا "لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللا" (ئاللانىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. — ت) دۇر، دېدى.

## 311) مەككىنى پەتھى قىلىش غازىتى ۋە مەككىدە قىلىش چەكلەنگەن ئىشلار توغرىسىدا

ئەبۇ شۇرەيھ ئەدەۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئەمر ئىبنى سەئىد مەككىگە قوشۇن ئەۋەتىۋاتقان① ۋاقتىدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ئى ئەمر، مېنىڭ رەسۇلۇللا مەككىنى پەتھى قىلىپ ئەتىسى ئېيتقان ۋە قۇلىغىم بىلەن ئاڭلاپ ئېسىمدە چىڭ قالغان،

① ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيىگە بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقانلىغى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئەۋەتىلگەن قوشۇن، ئەمرى ئىبنى سەئىد بۇ چاغدا مەدىنىنىڭ ئەمرى ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

كوزۇم بىلەن كورگەن بىر گەپنى ساڭا ئېيتىپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلغىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دىگەن: مەككە كىشىلەر تەرىپىدىن ئەمەس، ئاللا تەرىپىدىن چەكلەنگەن جاي قىلىپ بېكىتىلگەن، ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ ھەرەمدە قان توكۇشى، ھەرەمنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىشى دۇرۇس ئەمەس، ئەگەر بىرەر كىشى مەككىدە مېنىڭ ئۇرۇش قىلغانلىقىمنى سەۋەپ قىلىپ، دۇرۇسلۇقىغا رۇخسەت سورىسا، ئۇنىڭغا: ئاللا پەيغەمبىرىگە رۇخسەت قىلدى، سىلەرگە رۇخسەت قىلغىنى يوق، دەڭلار. ماڭىمۇ كۈندۈزدىن مەلۇم ۋاقىتلا① رۇخسەت قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئىلگىرى چەكلەنگەن ئىشلار بۈگۈنمۇ چەكلىنىدۇ. ھازىر بولغانلار ھازىر بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن، ھەرەم-نىڭ ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشقا بولمايدۇ، ئوسۇملۇكلىرىنى يۇلۇشقا بولمايدۇ، ھەرەمدە تېپىۋېلىنغان نەرسە ئىگىسىدىن غەيرى ئادەمگە ھالال بولمايدۇ، دىدى. ئاببىاس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپ: ئىزخىردىن باشقىسى شۇنداقتۇ ئى رەسۇلۇللا، چۈنكى ئىزخىر تومۇرچىلەرنىڭ يېقىل-غۇسى ئۇچۇن ۋە ئۆيلەرنى يېپىش ئۇچۇن زورۇر، دىدى. رەسۇلۇللا بىر دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىزخىردىن باشقىسى شۇنداق، ئىزخىرنى يۇلۇش ھارام ئەمەس، دىدى. ئەبۇ شۇرەيھدىن: ساڭا ئەمر ئىبنى سەئىد نىمە دىدى، دەپ سورىغان ئادەمگە ئۇ: ئەمر ئىبنى سەئىد ماڭا: ئى ئەبۇ شۇرەيھ، بۇنى مەن سەندىن ياخشىراق بىلىمەن، ھەرەم ئاسى-لىق قىلغۇچىغا، قان قەرز بىلەن قېچىپ كەلگۈچىگە، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قېچىپ كەلگۈچىگە باش پانا بولمايدۇ، دىدى، دەپ جاۋاپ

① كۈن چىققاندىن تارتىپ نامازدىگەر ۋاقتىغىچە.

بەردى.

## 312) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئازىنى يەمەنگە ئەۋەتىشى ۋە ئۇنىڭغا قىلغان تەۋسىيىسى توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتىش ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن: سەن ئەھلى كىتاپ (يەھۇدىلار، خىرىستىيانلار. — ت)نىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسەن، بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى بىر ئاللادىن باشقا مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىشقا دەۋەت قىلغىن، بۇنى قوبۇل قىلسا، ئاللانىڭ ئۇلارغا بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاق نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن، بۇنى قوبۇل قىلسا، بايلىرىنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئېلىنىپ، كەمبەغەللىرىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن، بۇنى قوبۇل قىلسا، زاكاتنى ئۇلارنىڭ ياخشى ماللىرىدىن ئالمىغىن، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بەد دۇئاسىدىن ساقلانغىنكى، مۇنداق دۇئا بىلەن ئاللانىڭ ئارىسىدا پەردە-ھىجاپ يوق (بۇنداق دۇئا چاپسان قوبۇل بولىدۇ دېگەن مەنىدە. — ت)

## 313) ئەمەلگە ئۈزرىسى بار تۇرۇقلۇق نىيەت قىلىش توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ



由 扫描全能王 扫描创建

مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا: مەدىنىدە شۇنداق بىر خەلق باركى، سىلەرنىڭ قىلغان غازىتىڭلارنىڭ ۋە غازات ئۈچۈن باسقان مۇشەققەتلىك يوللىرىڭلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە بولدى① دېدى. ئى رەسۇلۇللا، ئۇلار مەدىنىدە قېلىۋىدىغۇ دېگەن كىشىلەرگە ئۇ: ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى بولغاچقا چىقالمىغان، دېدى.

## 314) ئاياللارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشى توغرىسىدا

ئەبۇ بەكرە مۇنداق دەيدۇ: جەمەل ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈنلەردە مەن ئائىشە ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ ئۇرۇش قىلىشقا تاس قالغان چېغىمدا، ئاللانىڭ ئەلچىسى بىلەن رەسۇلۇللادىن ئاڭلىغان بىر سۆزنىڭ پايدىسىدىن ئۇلارنىڭ سېپىگە قاتناشمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىرانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە كىسرانىڭ قىزىنى پادىشا قىلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمران قىلغان خەلق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ②.

---

①سىلەر بىلەن غازاتتا بىللە بولدى، چۈنكى يالغۇز بەدەن بىلەنلا ئەمەس، روھ بىلەن بولغان ھەمرالىق، بىرلىك ھەقىقى بىرلىك ھېساپلىنىدۇ، ئىنسانىنىڭ نىيىتى ئەمەلىدىن ئارتۇق تۇرىدۇ دېگەن مەنىدە.

② كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ مەزھىبىدە ئاياللار ئەمەلدار بولۇشقا، قازى بولۇشقا بولمايدۇ. تەبەرى ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلىپ، ئاياللارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشىنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئاياللارنىڭ گۇۋالىقى دۇرۇس بولىدىغان ئىشلاردا ئاياللارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشى دۇرۇس دەپ قارايدۇ، جەمەل ۋەقەسى مۇنداق بولغان: ھەزرىتى ئوسمان شەھىت بولۇپ، ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىككە سايلانغاندا، تەلھە بىلەن زۇبەير مەككىگە



由 扫描全能王 扫描创建

## 315) پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋرىلىرى ۋە يەھۇدىلار توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش كېسىلىدە: ئاللا يەھۇدىلارغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەۋرىلىرىنى مەسچىت قىلىۋالدى، دېگەن. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر يۇقۇرقى خەۋپ بولمايدىغان بولسا، رەسۇلۇللانىڭ قەۋرىسى توساق ئىچىگە ئېلىنماي ئوچۇقچىلىقتا قالغان بولاتتى، رەسۇلۇللا ئۆزىنىڭ قەۋرىسىنىڭ مەسچىت قىلىنىشىدىن قورققان.

## 316) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مومىنلەر قىيامەت كۈنى يىغىلىپ، ئاللانىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت قىلىدىغان بىر كىشىدىن شاپائەت تەلەپ قىلساق دېيىشىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: سەن بولساڭ ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، ئاللا سېنى ئۆز قولى بىلەن

---

بارغان. بۇ يەردە ئۇلار ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئۇچراشقان. ئۇلار ئوسماننىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىشقا كىشىلەرنى قوزغاش ئۈچۈن بەسرىگە بېرىش قارارىغا كەلگەن. بۇ خەۋەر ئەلىغا يېتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان، ئائىشە توگە ئۈستىدە كاجۇۋىدا ئولتۇرۇپ، كىشىلەرنى ئەپلىشىشكە چاقىرغان.



由 扫描全能王 扫描创建

ياراتقان، پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان، ساڭا پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرگەن، رەببىڭنىڭ ئالدىدا بىزنى شاپائەت قىلسىپ، بىزنى بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرساڭ، دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: مەن سىلەرنى شاپائەت قىلالايدىغان دەرىجىدە ئەمەسمەن، دەپ ئۆزىنىڭ گۇنايىنى① ئەسلەپ خىجىل بولۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، ئۇ ئاللا زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتكەن دەسلەپكى② پەيغەمبەردۇر، دەيدۇ. ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام: مەن سىلەرنى شاپائەت قىلالايدىغان دەرىجىدە ئەمەسمەن③ دەيدۇ ۋە ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسە ئۈستىدە ئاللاغا تەلەپ قويغانلىقىنى④ ئەسلەپ خىجىل بولۇپ، ئاللانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: مەن بۇ دەرىجىدە ئەمەسمەن، ئاللا بىۋاستە سۆزلەشكەن ۋە تەۋرات نازىل قىلىنغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ: مەن بۇ

---

① جەننەتتە ئاللا مەنئى قىلغان دەرەختىن يىگەنلىك گۇنايى.

② ئۆز خەلقىنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ھالاك قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن دەسلەپكى پەيغەمبەر ھىساپلايدىغان. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئۆزىنىڭ باللىرىنى تەربىيلەش ۋە ئۇلارنى يېتەكلەش ئۈچۈن ئىدى.

③ كەمتەرلىكىدىن مېنىڭ مەرتىۋەم تۆۋەن ياكى بۇ دەرىجە ماڭا ئەمەس، باشقىلارغا مەنسۇپ دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

④ "رەببىم، ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمنىڭ كىشىسى ئىدى، ئائىلەمدىكىلەرنى ئامان قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەدەڭ ھەقتۇر" دېگەن سۆز بىلەن ئوغلىنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلدۇرۇشنى سورىغان ئىدى.

دەرىجىدە ئەمەسمەن، دەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئۇقۇشماستىن ئادەم ئۆل-
تۈرۈپ① قويغانلىقىنى ئەسلەپ پەرۋەردىگارىدىن خىجىل بولۇپ:
ئاللانىڭ بەندىسى، ئاللانىڭ پەيغەمبىرى، ئاللانىڭ كەلىمىسى
ۋە ئاللا تەرىپىدىن سادىر بولغان روھ ئىسانىڭ ئالدىغا بېرىڭلار،
دەيدۇ. ئىسا: مەن بۇ دەرىجىدە ئەمەسمەن، ئىلگىرىكى② ۋە
كېيىنكى③ گۇنالىرىنى ئاللا كەچۈرگەن بەندە مۇھەممەد ئەلەيھىس-
سالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ
ئالدىمغا كېلىدۇ. مەن بېرىپ رەببىمدىن ئىجازەت سورايمەن. ماڭا
ئىجازەت بېرىلىدۇ، رەببىمنى كۆرگەن چاغدا، ئۇنىڭغا سەجدە
قىلىمەن، سەجدىدە ئاللا خالىغان چاغقىچە تۇرىمەن، ئاندىن ئاللا:
بېشىڭنى كۆتەرگىن، سورىغىنىڭنى بېرىمەن، گېپىڭگە قۇلاق سالىمەن،
شاپائىتىڭنى قوبۇل قىلىمەن، دەيدۇ. بېشىمنى سەجدىدىن كۆتىرى-
مەن، ئاللا ماڭا بىلدۈرىدىغان ھەمدى بويىچە ئاللاغا ھەمدى ئېيتى-
مەن، ئاندىن شاپائەت قىلىشقا باشلايمەن. شاپائەت قىلىنىدىغان
كىشىلەرنى ئاللا كۆرسىتىپ بېرىدۇ④. ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ

① بۇ ئىش سەۋەن سادىر بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ
پاك ئىكەنلىكىگە داغ تەككۈزمەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ سەۋەنلىكنى شەيتان-
نىڭ ئىشى، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىق دەپ ئېيتقان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ
ئۆزلىرىدىن سادىر بولغان كىچىك سەۋەنلىكلەرنىمۇ چوڭ سانايدىغان ئادىتى
بويىچە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتقان ئىدى.

② سەۋەن سادىر بولغان خاتالىقلار ۋە چۈشەندۈرۈلگەندىن كېيىن خاتا
ھېساپلانمايدىغان خاتالىقلار.

③ ئۇنىڭدىن گۇنا سادىر بولغان تەقدىردىمۇ، گۇنادىن مەسۇملۇقى بىلەن
پاكى مەغپىرەت قىلىنىشى بىلەن جاۋاپكارلىقا تارتىلمايدۇ.

④ مەسىلەن، نامازلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىغانلار توغرىسىدىكى شاپا-
ئىتىڭنى قوبۇل قىلدىم، دەيدۇ.

كىرىمەن، ئاندىن ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىمەن. رەببىمنى كۆرگەن چاغدا، يۇقۇرقىدەك قىلىمەن، ئاندىن شاپائەت قىلىشقا باشلايمەن. شاپائەت قىلىنىدىغان كىشىلەرنى ئاللا كۆرسىتىپ بېرىدۇ①، ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىمەن. ئاندىن كېيىن مۇشۇ يوسۇندا 3 ـ، 4 ـ قېتىم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بېرىپ شاپائەت قىلىپ بولۇپ: دەۋزەختە پەقەت ئاللاتائالا قۇرئاندا مەڭگۈ قالىدۇ دېگەن كۇپپاردىن باشقا ئادەم قالمىدى دەيمەن.

## 317) قانداق گۇنانىڭ ئەڭ چوڭ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاللانىڭ نەزىرىدە قايسى گۇنا ئەڭ چوڭ ھىساپلىنىدۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: سېنى ياراتقان ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ، دېدى. مەن: بۇ ئەلۋەتتە چوڭ گۇنا، ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېدىم. رەسۇلۇللا: بېقىشتىن قورقۇپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈشۈڭ، دېدى. ئاندىن قالسىچۇ؟ دېدىم. رەسۇلۇللا: خوشناڭنىڭ ئايلى بىلەن زىنا قىلىشىڭ② دېدى.

## 318) ئاللانىڭ بالىسى بار دېگەنلەرنىڭ سۆزى توغرىسىدا

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

① مەسىلەن، زىنا قىلغانلار ياكى ھاراق ئىچكەنلەر توغرىسىدىكى شاپا ـ ئىتىڭنى قوبۇل قىلدىم، دەيدۇ.

② بۇنىڭدا زىنانىڭ گۇنايى بولغانلىقىدىن تاشقىرى، ئاللا تەۋسىيە قىلغان خوشنىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىقمۇ بار.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى، ئادەم بالىسى مېنى يالغانغا چىقىرىدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشقا ھېچ ھەققى يوق ئىدى. ئۇ مېنى سوكىدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشقا ھەققى يوق ئىدى. ئۇنىڭ مېنى يالغانغا چىقارغىنى شۇكى، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈپ بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈمگە ئۇ مېنى قادىر ئەمەس دەپ گۇمان قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ مېنى بالىسى بار دېگىنى تىللىغىنىدۇر، مەن ئۆزەم خوتۇن ياكى بالا تۇتۇشتىن پاك مەن①.

## 319) پۈتۈنلەي خەيردىن ئىبارەت بولغان دۇئا توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى. "رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋە فىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار" (ئى رەببىمىز ئاللا، بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دەۋزەخنىڭ ئازاۋىدىن ساقلىغىن.)②

---

① ئاللاتائالانىڭ زاتى ئەزەلدىنلا ئۆزلۈكىدىن مەۋجۇت بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن بۇرۇنلا بار ئىدى. تۇغۇلغان بالىنىڭ ھەممىسى يېڭى پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللانىڭ زاتىغا قارىتا تۇغۇلۇش دېگەن ئىنكار قىلىنىدۇ، ئاللاتائالاغا مەخلۇقاتتىن ھېچكىم ئوخشىمىغانلىقى ۋە جىنسداش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاتائالاغا قارىتا بالا تېپىش دېگەن ئىنكار قىلىنىدۇ. ئاللاتائالانىڭ: "ئاللانىڭ خوتۇنى بولمىسا قانداقمۇ ئۇنىڭ بالىسى بولسۇن" دېگەن سۆزىمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ.

② ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ دۇئا تەن ساقلىق، كەڭ رىزق، پايدىلىق ئىلىم ۋە ياخشى ئەمەل قاتارلىق دۇنيانىڭ ھەممە ياخشىلىقلىرىنى



由 扫描全能王 扫描创建

## 320) كىشىدىن نەرسە تىلىمەيدىغان مىسكىن توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىر-ئىككى خورما ۋە بىر-ئىككى لوقما بېرىلىش بىلەن تەلۋى ئورۇنلىنىدىغان ئادەم مىسكىن ئەمەس، ھەقىقى مىسكىن دىگەن تىلەمچىلىك قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ، خالىساڭلار، ئاللاتائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئوقۇڭلار، "ئۇلار كىشىلەردىن بىزەڭلىك قىلىپ تىلىمەيدۇ."

## 321) جاۋاپكارغا قەسەم كېلىدىغانلىغى توغرىسىدا

ئىبنى ئەبى مۇلەيكە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئىككى ئايال ئۆيدە موزدۇزلۇق قىلاتتى، ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئالقىنىغا بىگىز سانچىلىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمرىيى بولغان ئايالنى سانچىۋەتتى دەپ ئىبنى ئابباسنىڭ ئالدىغا دەۋا قىلىپ باردى. ئىبنى ئابباس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، دەۋا گەرلەرنىڭ كېيىنگە قاراپ① ئۇلارغا نەرسە

---

ئۆز ئىچىگە ئالغان، بارچە يامانلىقلاردىن ساقلىنىشمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىغا كېلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئەلاسى جەننەتكە كىرىشنى، ئەرەساتتىكى چوڭ قورقۇنچتىن ئەمىن بولۇشنى، قىيامەتتىكى ھىساپنىڭ ئوڭاي بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەۋزەختىن نىجات تېپىشقا كەلسەك، ھارام ئىشلاردىن، گۇنالاردىن ساقلىنىش ۋە شۈبھىلىك ئىشلارنى تەرك ئېتىشنىڭ سەۋەپلىرىنىڭ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىشىدىن ئىبارەت.

① ئاغزىدىكى قۇرۇق دەۋاسىغا قاراپ.

ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، جاۋاپكارلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىمكانىيىتى ئەلۋەتتە بولمىغان بولاتتى①، دېگەن. سىلەر جاۋاپكار ئايالغا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى يالغان قەسەم ئىچىشنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا "ئاللا بىلەن قىلغان ۋەدىسىنى ۋە قەسىمىنى ئەرزىمەس پۇلغا ساتىدىغانلار......" (سۈرە ئال ئىمران، 77-ئايەت. — ت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بېرىڭلار، دېدى. ئۇنىڭغا ۋەز-نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئىقرار قىلدى. ئىبنى ئابباس ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قەسەم جاۋاپكارغا كېلىدۇ②، دېگەن.

## 322) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىرەقلىگە③ مەكتۇپ يوللىشى

ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى سەخر ئۇنىڭغا ئۆز ئاغزى بىلەن مۇنداق دەپ بەرگەن: مەن بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن④ مەزگىلدە مەن شام (ھازىرقى سۈرىيە. — ت)غا بارغان ئىدىم. مەن شامدىكى چاغدا

---

① جاۋاپكارغا ئۆزىنىڭ جېنىنى، مېلىنى قوغداش ئىمكانىيىتى بولمايتتى.

② دەۋاگەرنىڭ دەۋاسىنى رەت قىلىدىغان پاكىتى بولمىسا، جاۋاپكار قەسەم قىلىدۇ. بەيھەقى بۇ ھەدىسكە "دەۋاگەر پاكىت كۆرسىتىدۇ، جاۋاپكارغا قەسەم كېلىدۇ" دېگەن سۆزنى قوشۇپ رىۋايەت قىلىدۇ.

③ رۇم پادىشاسى قەيسەر.

④ ئون يىل ئۇرۇش قىلماسلىق ئۈچۈن تۈزۈلگەن ھۇدەيبىيە سۈلھى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

دېيە كەلبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىرەقلىگە يازغان مەكتۇبىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇسرانىڭ ۋالىسى ئارقىلىق ھىرەقلىگە تاپشۇردى.

ھىرەقلى: ئۆزىنى پەيغەمبەر ھېساپلىغان بۇ ئادەمنىڭ خەلقىدىن بۇ يەردە بىرەرسى تېپىلامدۇ؟ دەپ سورىدى. يېنىدىكىلەر: ھەئە، تېپىلىدۇ، دېيىشتى. مەن ۋە قۇرەيشلىك بىرقانچە ئادەم ھىرەقلى تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئۇ بىزنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ: ئۆزىنى پەيغەمبەر ھېساپلىغان بۇ ئادەمگە قايسىڭلار-نىڭ نەسەبى يېقىن؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ نەسەبىم يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى. ھەمراھلىرىمنى ئارقامدا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ تەرجىمانىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇ ئارقىلىق بىزگە: مەن بۇنىڭدىن (ئەبۇ سۇفياندىن دېمەكچى. — ت) ئۆزىنى پەيغەمبەر ھېساپلىغان ئادەم توغرىلىق سورايمەن، ئەگەر ئۇ يالغان ئېيتسا، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىڭلار، دېدى.

ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار مېنى يالغانچى دەيدۇ دېمىسەم، ئەلۋەتتە يالغان ئېيتاتتىم؛ ئاندىن ئۇنىڭ تەرجىمانى ئارقىلىق ئارىمىزدا مۇنداق سوئال-جاۋاپلار بولدى:

— ئىچىڭلاردا ئۇنىڭ (پەيغەمبەرنىڭ. — ت) نەسەبى قانداق؟

— نەسەبى ئېسىل.

— ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىچىدە پادىشا بولغان كىشى بارمۇ؟

— ياق.

— پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن قارىلىغىنىڭلار بارمۇ؟



由 扫描全能王 扫描创建

— ياق.

ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر يۇقۇرى تەبىقىدىنمۇ، تۆۋەن تەبىقىدىنمۇ؟

— تۆۋەن تەبىقىدىن.

— ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتامدۇ، ئازىيىۋاتامدۇ؟

— كۆپىيىۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەنلەرنىڭ ئىچىدە دىنىنى ياقتۇرماي يېنىۋالغانلار بارمۇ؟

— يوق.

— ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلارمۇ؟

— قىلدۇق.

— قايسىڭلار غالىپ كەلدىڭلار؟

— بەزىدە ئۇ غالىپ كەلدى، بەزىدە بىز غالىپ كەلدۇق.

— مۇھەممەدنىڭ قىلغان ۋەدىسىگە خىيانەت قىلغىنى بارمۇ؟

— يوق، هازىر ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا كېلىشىم بار، بۇزامدۇ، يوقمۇ ئۇقمايمىز.

(ئەبۇ سۇفيان "ئەزىبرايىى خۇدا، بۇ سوهبەتكە مۇشۇ بىر جۇملە سوزدىن باشقىنى يېنىمدىن كىرگۈزۇشكە بولمىدى" دەيدۇ.)

— مۇھەممەددىن بۇرۇن ئىچىڭلاردا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كىشى بولغانمۇ؟

— ياق.

ئاندىن كېيىن هىرەقلى تەرجىمانى ئارقىلىق ئەبۇ سۇفيانغا مۇنداق دىگەن: مۇھەممەدنى ئىسىل نەسەپلىك دىدىڭ، پەيغەمبەر دىگەن شۇنداق ئىسىل نەسەپلىك كېلىدۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن پادىشالىق قىلغان كىشى يوق دىدىڭ، بولغان بولسا، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ



由 扫描全能王 扫描创建

پادىشالىغىنى تەلەپ قىلىدۇ، دەيتتىم، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى توۋەن
تەبىقىدىكىلەر دىدىڭ، پەيغەمبەرلەرگە توۋەن تەبىقىدىكىلەر ئەگە-
شىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشتىن ئىلگىرى يالغانچىلىق
بىلەن قارىلانمىغان دىدىڭ، ئۇ كىشىلەرگە يالغانچىلىق قىلمىغان
ئىكەن، ئاللاغا يالغانچىلىق قىلمايدۇ. ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدە ئىماند-
دىن يېنىۋالغانلار يوق دىدىڭ، ئىمان دىگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە
سىڭىپ كەتكەندە شۇنداق بولىدۇ. ئەگەشكۈچىلىرىنى كوپىيىۋاتىدۇ
دىدىڭ، ئەھلى ئىمان شۇنداق كوپىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن
ئۇرۇشقانلىغىڭلارنى، گاھى ئۇنىڭ، گاھى سىلەرنىڭ غەلىبە قىلغانلى-
غىڭلارنى ئېيتتىڭ، پەيغەمبەر شۇنداق سىنىلىدۇ، ئاخىر ئۇلار
ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ خىيانەت قىلمىغانلىغىنى ئېيتتىڭ، پەيغەمبەرلەر
شۇنداق بولىدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئارىمىزدا
ھىچكىم پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلمىغان دىدىڭ، پەيغەمبەرلىك
دەۋاسى قىلغان كىشى بولسا، ئۇنى دوراپ قىلغان دەيتتىم.

ئاندىن ئۇ ئەبۇ سۇفياندىن: مۇھەممەد سىلەرنى نىمىلەرنى قىلىشقا
بۇيرۇيدۇ؟ دەپ سورىغان. ئەبۇ سۇفيان مۇنداق جاۋاپ بەردىم دەيدۇ:
بىزنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-
رەھىم قىلىشقا، ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ چاغدا ھىرەقلى
ئەبۇ سۇفيانغا مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ راست
بولىدىغان بولسا، مۇھەممەد راست پەيغەمبەر ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ
زاماندا مەيدانغا كېلىدىغانلىغىنى بىلەتتىم، ئۇنى سىلەرنىڭ ئىچىڭ-
لاردىن چىقىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. ئەگەر ئۇنىڭ يېنىغا بارىدى-
غانلىغىمنى بىلسەم، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ياقتۇراتتىم.
ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا بولىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىككى



由 扫描全能王 扫描创建

پۈتىنى يۇيۇپ قوياتتىم. ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىقى چوقۇم رۇم زېمىنىغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ.

ئاندىن كېيىن ھىرەقلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇبىنى ئوقۇدى، مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

”ئىككىلا دۇنيادا كوپ رەھمەت قىلغۇچى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللانىڭ رەسۇلى مۇھەممەددىن رۇمنىڭ چوڭى ھىرەقلىگە:

توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام بولسۇن، مەن سېنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىمەن، مۇسۇلمان بولساڭ ئامان بولىسەن؛ مۇسۇلمان بولساڭ، ئاللا ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاپ بېرىدۇ (بىرسى ئىسا ئەلەي-ھىسسالامغا، ئىككىنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن. — ت). ئەگەر ئىسلامنى قوبۇل قىلمىساڭ، پۈتۈن خەلقىڭنىڭ گۇنايى ساڭا يۈكلىنىدۇ. ’ئى ئەھلى كىتاب، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئورتاق بولغان مۇنداق بىر سوزگە كېلىڭلار، ئاللادىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلمايلى، ئاللاغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايلى، ئاللادىن غەيرى بىر بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالمايلى، ئەگەر ئەھلى كىتاپ بۇنىڭدىن يۈز ئورۇسە، بىزنىڭ ھەققەتەن مۇسۇلمان ئىكەنلى-گىمىزگە گۇۋا بولۇڭلار دەڭلار.‘“ (سۈرە ئال ئىمران، 64 ـ ئايەت. — ت)

ھىرەقلى مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇشى بىلەن، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەملىرى چۇقان سېلىشىپ كەتتى، ئۇ بىزنى چىقىپ كېتىشكە بۇي-رۇدى. ئەبۇ سۇفيان ئېيتىدۇ: مەن چىقىپ كېتىۋېتىپ ھەمرالىرىمغا، مۇھەممەدنىڭ ئىشى رۇم پادىشاسى قورقىدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ دېدىم. شۇنىڭدىن بۇيان تاكى ئاللا مېنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇيەسسەر قىلغانغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنىڭ غەلىبە



由 扫描全能王 扫描创建

قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدىم.

زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: ھېرەقلى رۇمنىڭ چوڭلىرىنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ قوراسىغا يىغىپ، ئى رۇملۇقلار، سىلەر مەڭگۈ ھىدايەت تېپىشنى ۋە پادىشالىقىڭلارنىڭ داۋاملىشىشىنى خالامسىلەر؟ دېۋىدى، ئۇلار ياۋايى ئېشەكلەردەك دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قېچىشتى. قارىسا، دەرۋازىلار تاقاقلىق تۇرغان، ھېرەقلى ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىپ: سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا چىڭ تۇرىدىغانلىقىڭلارنى سىناپ كوردۇم دېدى. ئۇلار ھېرەقلىگە ئېگىلىپ تازىم قىلىشتى ۋە ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشتى.

## 323) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىسراغا مەكتۇپ يوللىشى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ھۇزافە سەھمىدىن كىسراغا① مەكتۇپ

① ئىسمى ئەبرەۋىز ئىدى. مەكتۇپنىڭ تېكىستى مۇنداق:
"ئىككىلا دۇنيادا كوپ رەھمەت قىلغۇچى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلاي-
مەن. ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەددىن ئىراننىڭ چوڭى كىسراغا:
توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە، ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ ئەلچىسىگە ئىمان ئېيتقان، ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق، ئاللانىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ شاھادەت ئېيتقان كىشىلەرگە سالام بولسۇن، مەن سېنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىمەن. مەن ئاللا تەرىپىدىن پۈتۈن ئىنسان-لارغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، تىرىك ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، كاپىرلارنى ئاللانىڭ ئازاۋىغا قېلىشلىرى بىلەن قورقۇتىمەن. مۇسۇلمان بولساڭ، ئامان بولىسەن، ئەگەر باش تارتساڭ، پۈتۈن مەجۇسىلارنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ."



由 扫描全能王 扫描创建

يوللاپ، ئۇنى بەھرەيىننىڭ ۋالىسىغا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇغان، بەھرەيىن-
نىڭ ۋالىسى ئۇنى كىسراغا تاپشۇرغان، كىسرا ئۇنى ئوقۇپ يىرتىپ
تاشلىغان. ئەسلىشىمچە، ئىبنى مۇسەييەب ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام كىسراغا بەد دۇئا قىلىپ، ئاللا ئۇنىڭ پادىشالىقىنى
تىرىپىرەن قىلىۋەتسۇن①، دېگەن.

## 324) ئاللاتائالانىڭ: "ئاللا ھېچ ئادەمگە زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ" دېگەن سوزى توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى كىشىلەر: ئى رەسۇلۇللا، قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كورەمدۇق؟ دەپ سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، كورۇسىلەر، چۈش ۋاقتىدىكى بۇلۇتسىز ئاسماندىكى قۇياش نۇرىنى ئېنىق كورۇش ئۇستىدە دە-تالاش قىلامسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: ياق، دەپ جاۋاپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇلۇتسىز ئاسماندىكى ئون توت كۈنلۈك ئاينىڭ نۇرىنى ئېنىق كورۇش ئۇستىدە دە-تالاش قىلامسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: ياق، دەپ جاۋاپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئۇلارنى ئېنىق كورۇشتە دە-تالاش قىلمىغىنىڭلاردەك، غالىپ، بۇيۇك ئاللانى ئېنىق كورۇشتىمۇ دە-تالاش قىلمايسىلەر، قىيامەت كۈنى

① ئاللاتائالا كىسراغا ئوغلى شىرۇەيھنى ئاپىرىدە قىلدى، ئۇ كىسرانىڭ قارنىنى يېرىپ ئولتۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھېچ ئىشى راۋاج تاپمىدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ پادىشالىقى ھەزرىتى ئومەر خەلىپە بولغان دەۋردە پۈتۈنلەي مۇنقەرز بولدى.



由 扫描全能王 扫描创建

بولغاندا بىر جاكاچى چىقىپ: ھەر ئۇممەت ئۆزىنىڭ چوقۇنىدىغان بۇتلىرىغا، ئەنساپ (چوقۇنىدىغان تاشلار. — ت)لىرىغا ئەگىشىدۇ، دەپ جاكالايدۇ. ئاللادىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دەۋزەخقە تاشلىنىپ، پەقەت ئاللانىڭ ئىتىقاتىمەن بەندىلىرى. پاسىق بەندىلىرى ۋە ئەھلى كىتاپنىڭ قالدۇقلىرىلا قىپقالىدۇ. يەھۇ-دىلار چاقىرىلىپ ئۇلاردىن: كىمگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ دەپ سورى-لىدۇ. ئۇلار: ئاللانىڭ ئوغلى ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلاتتۇق دېيىشىدۇ. ئۇلارغا: يالغان ئېيتتىڭلار، ئاللا بالا-چاقا قىلغان ئەمەس. نىمە تەلىۋىڭلار بار؟ دېيىلىدۇ. ئۇلار: رەببىمىز، تەشنا بولۇپ كەتتۇق. سۇ بەرسەڭ، دەيدۇ. ئەنە بېرىڭلار دەپ، ئۇلارغا دەۋزاخ كورسىتى-لىدۇ، ئۇلار دەۋزەخقە ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەۋزەخ گويا بىر بىرىنى يەپ كېتىۋاتقان تومۇزدەك كورۇنىدۇ، ئۇلار دەۋزەخقە تاشلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ناسارالار چاقىرىلىدۇ. ئۇلارغا: سىلەر نىمگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ دېيىلىدۇ. ئۇلار: بىز ئاللانىڭ ئوغلى ئىساغا ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. ئۇلارغا: يالغان ئېيتتىڭلار، ئاللا بالا-چاقا قىلغان ئەمەس، نىمە تەلىۋىڭلار بار؟ دېيىلىدۇ، ناسارالارنىڭ ئەھۋالىمۇ يۇقۇرقى يەھۇدىلارنىڭ ئەھۋالىدەك بولىدۇ. تاكى ياخشىلاردىن، پاسىقلاردىن بولۇپ، ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرلا قالغاندا، پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلار تونۇيدىغان سۈرەتكە ئەڭ يېقىن بىر خىل شەكىلدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئاللا ئۇلارغا: نىمنى كۈتۈپ تۇرىسىلەر؟ ھەر ئۇممەت ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلغان نەرسىسگە ئەگىشىدۇ، دەيدۇ. ئۇلار: دۇنيادا ھەق يولدىن ئازغان كىشىلەرگە ئەڭ مۇھتاج تۇرۇقلۇق ئۇلاردىن ئالاقىمىزنى ئۈزدۇق[1]،

① تۇرمۇشىمىزدا ۋە دۇنياۋى مەنپەئەتلىرىمىزدە ئۇلارغا مۇھتاج تۇرۇق-

ئۇلار بىلەن بىللە بولىمىدۇق، بىز ئىبادەت قىلغان رەببىمىزگە مۇنتەزىر بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز، دەيدۇ. ئاللا ئۇلارغا: مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن، دەيدۇ. ئۇلار ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم، ئاللاغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز دەيدۇ.

## 325) تولا سوزلەشنىڭ گۇنا ئىكەنلىگى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاڭلىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سوزلەپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى كىشى ئۈچۈن يېتەرلىك گۇنادۇر.

## 326) مەھشەرگاھ توغرىسىدا

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتۇق سوزلەپ: ئى خالايىق، سىلەر قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا يالىڭاياق، يالىڭاچ، خەتنە قىلىنمىغان ھالدا جەم بولۇسىلەر، دىدى ۋە ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: "خەلق ئەتكەن نەرسىلىرىمىزنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگىنىمىزگە ئوخشاش، ئۇلارنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، بۇ شۇنداق ۋەدىكى،

---

لىق ئۇلاردىن ئالاقىمىزنى ئۈزدۇق. ئۇلارنىڭ دەھرىلىگى ۋە دىنسىزلىغىنى تەرك ئەتتۇق، ياخشىلار بىلەن ھەمسوھبەت بولدۇق، ئاللانىڭ يېقىن بەندىلىرىنى، دىندار ئۆلىمالارنى زىيارەت قىلدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشتۇق.

ئۇنى ئورۇنـلاش بىزگە زورۇر، بىز چـوقۇم ئۇنى ئورۇنـلايـمىز". (سۈرە ئەنبىيا، 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ـــ ت) ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيـھىسسالام مۇنداق دېدى: قىيامەت كۈنى خالايىق ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئۇچىسىغا كىيىم كىيدۈرۈلىدىغان ئادەم ئىبراھىم بولىدۇ①. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر كەلتۈرۈلۈپ، دەۋزەخ تەرەپكە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا مەن: ئى رەببىم، بۇلار مېنىڭ ساھابىلىرىمدىنـغۇ؟ دەيمەن. رەببىم: ئۇلارنىڭ سەنـدىن كېيىن قالغانـدا قانـداق قىلغانلىقلىرىنى ئۇقمايسەن، دەيدۇ. مەن: ئاللانىڭ ياخشى بەندىسى② دىگەنـدەك دەيـمەن: "مەن ئۇلار بىلەن بىلـلە تۇرغان چېغىمـدا، ئۇلارنى كۈزىتىپ تۇرغان ئىدىم. مېنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكىنىڭـدىن كېيىن، ئۇلارنى سەن كۈزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ......" (سۈرە مائىدە، 117 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ـــ ت) ئالـلا: بۇلار سەنـدىن كېيىن ھامان دىنني ئىشلىرىدا ئاينىپ كەلدى، دەيدۇ.

## 327) غەيىپنىڭ غەزنىسى ئاللانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىگى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام مۇنـداق دىـگەن: غەيىـپنىڭ غەزنـىسى بەشتۇر: "قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىغىنى ئاللا بىلىدۇ. يامغۇرنىڭ

---

① بۇ ئاللانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، چۈنكى ئۇ ئوتـقاتـقاشلىنىدىغان چاغدا، ئاللا يولىدا يالىڭاچلانغانلارنىڭ تۇنجىسى ئىدى.

② ئىسا ئەلەيھىسسالام كوزدە تۇتۇلىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

قاچان يېغىشىنى ئاللا بىلىدۇ، قوساقتىكى بالىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئاللا بىلىدۇ، ئىنسان ئۆزىگە ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلۈشىنى بىلمەيدۇ، ئاللا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ."
(سۈرە لۇقمان، 34 ـ ئايەت. ــ ت)

## 328) قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كۈن مەغرىپتىن چىققاندىن كېيىن ئاندىن قىيامەت قايىم بولىدۇ. كۈننىڭ مەغرىپتىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، يەر يۈزىدىكى كىشىلەر ئىمان ئېيتىدۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغان ئادەمگە بۇ چاغدا ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ①.

① يەنى كۈن مەغرىپتىن چىقىشتىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغان كاپىرنىڭ بۇ چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك كۈن مەغرىپتىن چىقىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئەمەل قىلمىغان مۆمىننىڭ بۇ چاغدا قىلغان ياخشى ئەمىلىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا ئىمان ئېيتقان ئادەمنىڭ ئىمانى ۋە قىلغان ياخشى ئەمىلى جان تۇمشۇققا كەلگەندە ئېيتقان ئىمانى ۋە قىلغان ياخشى ئەمەلگە ئوخشايدۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. خۇددى ئاللاتائالانىڭ "بىزنىڭ ئازاۋىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدا بەرمىدى" دېگەن سۆزىگە ئوخشاش بولىدۇ. ھاكىم ئەبى ئابدۇللانىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى دەججالنىڭ مەيدانغا چىقىشى، ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى، ئاندىن يەجۇج ۋە مەجۇجنىڭ چىقىشى، ئاندىن داببە (بىر تۈرلۈك ھايۋان. ــ ت)نىڭ چىقىشى، ئاندىن كۈننىڭ مەغرىپتىن چىقىشىدۇر.

## 329) "گۇناھلىرىنى تونۇغان ئىككىنچى تۈرلۈك ئادەملەرمۇ بار" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېگەن دەيدۇ: كېچە ماڭا ئىككى پەرىشتە كېلىپ مېنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ، ئالتۇن كېسەكتىن ۋە كۈمۈش كېسەكتىن سېلىنغان بىر شەھەرگە ئېلىپ باردى. بىزنى بۇ يەردە شۇنداق بىر تۈرلۈك ئادەملەر قارشى ئالدىكى، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنىڭ يېرىمى ئەڭ چىرايلىق، يېرىمى ئەڭ سەت يارالغان. ئىككى پەرىشتە ئۇلارغا: سىلەر ئاشۇ دەرياغا بېرىپ چۈشۈڭلار، دېدى. ئۇلار دەرياغا بېرىپ چۈشتى. ئۇلار بەدەنلىرىدىكى سەتلىك تۈگەپ، ئەڭ چىرايلىق شەكىلگە كىرگەن ھالدا بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ كەلدى. ئىككى پەرىشتە ماڭا: مانا بۇ ئەدنى جەننىتى بولىدۇ، ئاۋۇ بولسا سېنىڭ ئۇ يەردىكى جايىڭدۇر، بەدەنلىرىنىڭ يېرىمى چىرايلىق، يېرىمى سەت كىشىلەرگە كېلىدىغان بولساق، ئۇلار ياخشى ئىشلارغا يامان ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان ئادەملەردۇر، ئاللا ئۇلارنى كەچۈردى① دېدى.

---

① ئىمام مۇسلىم جابىردىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر ئۆزەڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا ۋە ماللىرىڭلارغا قارىتا بەد دۇئا قىلماڭلار، چۈنكى ئاللانىڭ دۇئالارنى قوبۇل قىلىش سائىتىگە توغرا كېلىپ قالسا، قىلغان دۇئايىڭلار ئىجابەت بولۇپ قالىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "ئەگەر ئاللا كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقنى ئالدىراپ تەلەپ قىلغىنىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ يامان تەلەپلىرىنىمۇ ئالدىراپ ئورۇنلايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھالاك قىلغان بولاتتى......" (سۈرە يۇنۇس، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ـــ ت)

## 330) ئاشۇرا روزىسى توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى، بۇ چاغدا يەھۇدىلار ئاشۇرا (مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى. — ت) روزىسىنى تۇتاتتى. ئۇلار بۇ كۈننى مۇسا پىرئەۋن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان كۈن دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: يەھۇدىلارغا قارىغاندا مۇساغا يېقىن بولۇشقا سىلەر ئەڭ ھەقلىق، ئاشۇرا روزىسىنى تۇتۇڭلار① دېدى.

## 331) "رەببىڭ ئەنە شۇنداق ئازاپ قىلىدۇ" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللا كاپىرغا ھەقىقەتەن بىر چاقىچە مۇھلەت بېرىدۇكى، شۇ چاغدا ئۇنى تۇتىدۇ-دە، قويۇپ بەرمەيدۇ،

---

① مۇشۇ كۈندە ئاللا مۇسانى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى قۇتۇلدۇرغان، پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى دەريادا غەرق قىلغان. مۇسا ئاللاغا شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن شۇ كۈندە روزا تۇتقان. ئاللاتائالا "بەنى ئىسرائىلنى دەريادىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق" دەيدۇ، بۇ دەريا قىزىل دېڭىزدىن ئىبارەت. بەنى ئىسرائىل ئالتە يۈز يىگىرمە مىڭ كىشى بولۇپ، "زۇلۇم قىلىش ۋە دۈشمەنلىك قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قوغلاپ چىقتى"، بۇ كۈن چىقىۋاتقان چاغ ئىدى، قوغلاپ چىققانلارنىڭ سانى بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭ كىشى بولۇپ، بۇلاردا يۈز مىڭ ئات بار ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

دېدى. رەسۇلۇللا ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: "سېنىڭ رەببىڭ كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئالغان چاغدا، ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ئازاپ قىلىدۇ، ئاللانىڭ ئازاۋى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر." (سۈرە ھۇد، 102 ـ ئايەت. ـــ ت)

## 332) "ئەتىگەنلىك ۋە كەچقۇرۇنلۇق نامازلارنى ئوقۇغىن" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم بىر ئايالنى سۆيۈپ قويۇپ، رەسۇلۇللاغا كېلىپ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. بۇ توغرىلىق رەسۇلۇللاغا بۇ ئايەت نازىل بولدى. "ئەتىگەندىكى①، كەچقۇرۇندىكى② ۋە كېچىنىڭ ئالدىنقى ۋاقىتلىرىدىكى③ نامازلارنى ئادا قىلغىن، قىلىنغان ياخشى ئىشلار يامان ئىشلارغا كاپارەت بولىدۇ. مۇتتەقىلەر ئۈچۈن بۇ ۋەزدۇر." (سۈرە ھۇد، 114 ـ ئايەت. ـــ ت) مەزكۇر ئادەم بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ماڭىلا خاسمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۈممىتىم ئىچىدىكى بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىدۇر④،

---

① بامدات نامىزى.

② نامازپېشىن بىلەن نامازدىگەر.

③ نامازشام بىلەن نامازخۇپتەن.

④ بۇ ئايەتتىن بىر كىشى يات ئايالنى سۆيۈپ تاشلىسا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىپ قالسا، قىلمىشىغا تەۋبە قىلىپ پۇشايمان قىلسىلا، ئۇنىڭغا تەزىر كەلمەيدىغانلىقى چىقىدۇ. ئىبنى مۇنزىر: بۇنىڭدىن يات ئايال بىلەن بىر ئورۇندا ياتقانلىقى سېزىلگەن ئادەمگىمۇ تەزىر كەلمەيدىغانلىقى چىقىدۇ دەيدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

دىدى.

## 333) ئەرەپلەرنىڭ پەخىرلىنىدىغان نەسەبى توغرىسىدا! ۋە دىنىي ئىشلارنى تازا بىلىدىغان ئادەمنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا!

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قايسى كىشى ئەڭ ھۆرمەتلىك بولىدۇ؟ دەپ سورىغان كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەڭ تەقۋىدار ئادەم ئاللانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر، دەپ جاۋاپ بەرگەن، ئۇلار: سەندىن بۇ توغرىلىق سورىغىنىمىز يوق دىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەڭ ئەزىز ئادەم يەئقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدۇر، يەئقۇپ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ بولسا ئاللانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىدى دىگەن. ئۇلار: سەندىن بۇ توغرىلىق سورىغىنىمىز يوق دىگەندە، رەسۇلۇللا: ئەرەپلەرنىڭ پەخىرلىنىدىغان نەسەبى توغرىلىق سورامسىلەر؟ دىگەن. ئۇلار: ھەئە، شۇنداق، دىگەندە، رەسۇلۇللا: جاھىلىيەت زامانىدا ئىچىڭلاردىكى ئىسىل ھىساپلانغان كىشىلەر ئىسلام زامانىدىمۇ دىنىي ئىشلارغا ئالىم بولسىلا①، ئۇ ئاراڭلاردىكى ياخشى ئادەملەر ھىساپلىنىدۇ، دىگەن.

---

① تۆۋەن نەسەپلىك دىنىي ئالىم نادان ئىسىلدىن ئارتۇق ھىساپلىنىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

### 334) ”ئاللا مومىنلەرنى چىن ئىماندا بەرقارار قىلىدۇ“ دېگەن ئايەت توغرىسىدا

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئادەم قەۋرىدە سوئال سورالغان چاغدا①، بىر ئاللادىن بولەك ھېچ مەبۇد يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئاللانىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋالىق بېرىدۇ. غالىپ، ئۇلۇغ ئاللانىڭ ”ئاللا مومىنلەرنى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە چىن ئىماندا بەرقارار قىلىدۇ......“ (سۈرە ئىبراھىم، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ـــت) دېگەن سوزى ئەنە شۇنى كورسىتىدۇ.

### 335) ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان دۇئا توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئى كامىل ئەزاننىڭ ۋە ھازىرقى نامازنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللا، مۇھەممەدگە جەننەتتىكى يۇقۇرى ئورۇننى ۋە ئالى مەرتىۋىنى بەرگىن، مۇھەممەدنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا ئەۋەتكىن، دېسە، ئۇ قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ.

---

① جېنى بەدىنىگە قايتۇرۇلۇپ، رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نىمە؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دەپ سورىلىدۇ.

## 336) "قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى يوققا چىقىرىپ، ئېتىبارغا ئالمايمىز" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى مەرتىۋىلىك، قارنى يامان ئادەملەر كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ قەدرى بولمايدۇ. ئاللانىڭ: "قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى يوققا چىقىرىپ، ئېتىبارغا ئالمايمىز......" (سۈرە كەھف، 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ــ ت) دېگەن سۆزىنى ئوقۇڭلار.

## 337) "ئۇلارنى ھەسرەت چېكىدىغان كۈندىن قورقۇتقىن" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئۆلۈم ئالا قوشقارنىڭ شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ، جاكاچى: ئى ئەھلى جەننەت، دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارايدۇ. جاكاچى: بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار: ھەئە، تونۇيمىز①، بۇ ــ ئۆلۈم، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمنى كۆرىدۇ. ئاندىن كېيىن جاكاچى: ئى

---

① ئاللا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا سېلىشى بىلەن تونۇيدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەھلى دەۋزەخ، دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارايدۇ. جاكاچى: بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار: ھەئە، تونۇيمىز، بۇ ــ ئۆلۈم، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرىدۇ. ئۆلۈم بوغۇزلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن، جاكاچى: ئى ئەھلى جەننەت، ئەمدى ئۆلۈم يوق، مەڭگۈ ئۆلمەيسىلەر؛ ئى ئەھلى دەۋزەخ، ئەمدى ئۆلۈم يوق، مەڭگۈ ئۆلمەيسىلەر، دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئوقۇدى: "ئۇلاردىن ھېساپ ئېلىنىپ بولغاندا، ھەسرەت چېكىدىغان كۈن (قىيامەت كۈنى. ــ ت) دىن قورقۇتقىن، ۋاھالەنكى، ئۇلار غەپلەتتە تۇرماقتا، ئىمان ئېيتماي تۇرماقتا." (سۈرە مەريەم، 39 ـ ئايەت. ــ ت)

## 338) ئائىشىگە قىلىنغان تۆھمەت توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلايتتى. چەك كىمگە چىقسا، سەپەرگە شۇنى بىللە ئېلىپ چىقاتتى. بەنى مۇستەلەق غازىتىغا چىقىش ۋاقتىدا بىزنىڭ ئارىمىزدا چەك تاشلىدى. چەك ماڭا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن مەن بىللە چىقتىم. بۇ چاغدا مەستۇرە بولۇش (پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىغا. ــ ت) يولغا قويۇلغان بولۇپ، مېنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشۇم كاجۇەدا ئىدى. بىز يولغا چىقتۇق. رەسۇلۇللا غازاتتىن پارىغ بولۇپ قايتتى، بىز مەدىنىگە يېقىن كەلگەندە بىر قونالغۇغا چۈشتۇق. رەسۇلۇللا كېچىسى قوشۇننى ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوشۇندىن چەترەك بىر جايغا ھاجەتكە بېرىپ قايتىپ كېلىپ قارىسام، بويۇنۇمدىكى مۇنچاق چۈشۈپ

قاپتۇ. مەن ھاجەت قىلغان يەرگە بېرىپ مونچاقنى ئىزدەش بىلەن بولۇپ قاپتىمەن، مېنىڭ كاجۋامنى توگىگە ئارتىپ تاڭىدىغان كىشىلەر مېنى كاجۋا ئىچىدە بار دەپ ئويلاپ، كاجۋىنى ئېلىپ بېرىپ توگەنىڭ ئۈستىگە ئارتىپلا يۈرۈپ كېتىپتۇ، چۈنكى بۇ چاغدا ئاياللار ئاز يېگەنلىكتىن ئورۇق، يېنىك بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تېخى يېشى كىچىك قىز ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ يوقلۇغۇم ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ، مەن مونچىقىمنى ئىزدەپ تېپىپ قايتىپ كەلسەم، قوشۇن مېڭىپ كېتىپ، بۇ يەردە ھېچ ئادەم قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، چۈشكەن جايىمغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلار مېنى ئىزدەپ كېلىدىغۇ دەپ، ئويلاپ ئولتۇرۇپ كوزۇم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ①. قوشۇننىڭ ئارقىسىدا قېلىپ قالغان سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل سۇلەمى② بۇ يەرگە كېلىپ قالدى، ئۇ مېنىڭ قارامنى كورۇپ كېلىپ، مەن مەستۇرە بولۇشتىن ئىلگىرى مېنى كورگەنلىگى ئۈچۈن تونۇپ، "قالۇ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن" (بىز ئاللانىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىمىز) دېدى. ئۇنىڭ يۇقۇرقى ئايەتنى ئوقۇشى بىلەن مەن ئويغاندىم. ئۇ توگىسىنى چوكتۇردى مەن توگىگە مىندىم، ئۇ توگىنى يېتىلەپ ماڭدى. بىز قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن

---

① بېشىغا كەلگەن قاتتىق غەمدىن ئۇخلاپ قالغان، ياكى كېچىدە دالىدا يالغۇزلۇق ۋەھىمىسىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاللا ئۇنىڭغا ئۇيقۇ ئىلتىپات قىلغان.

② سەفۋان كىشىلەرنىڭ چۈشۈپ قالغان نەرسىلىرىنى تېپىپ بېرىش ئۈچۈن، غازاتقا چىققاندا قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشنى رەسۇلۇللادىن سورىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قوشۇن يولغا چىققاندا ناماز ئوقۇپ قالاتتى، ئاندىن ئاتلىنىپ كىشىلەرنىڭ چۈشۈپ قالغان نەرسىلىرى بولسا ئارقىسىدىن تاپقاچ باراتتى.



由 扫描全能王 扫描创建

يېتىپ كەلگەندە، غازىلار چۇشۇپ، چۇشلۇك دەم ئېلىۋاتقان ئىكەن، بىزنى كورۇپ، بوھتان چاپلىغۇچىلار بوھتان چاپلىدى، بۇلارنىڭ باشچىسى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئىدى. مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېسەل بولۇپ بىر ئاي يېتىپ قالدىم. بۇ توغرىدىكى سوز-چوچەكلەر كوپىيىۋەردى. ئاغرىپ ياتقىنىمدا، رەسۇلۇللانىڭ ئىلگىرى كېسەل بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا مەرھەمەت كورسەتكەندەك مەرھەمەت كورسەتمىگەنلىكى مېنى ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇ ھوجرامغا سالام بېرىپ كىرىپ، ئەھۋالىڭىز قانداق دەپلا قوياتتى. سىرتتا بولۇۋاتقان سوز-چوچەكلەردىن ھېچ نەرسە ئۇقمايتتىم. كېسىلىم تۈزۈلۈشكە باشلىغاندا ئۇممۇ مىستە① بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا ھاجەتكە چىقتىم، بىز شەھەرنىڭ سىرتىغا ھاجەت ئۈچۈن كېچىدىلا چىقاتتۇق، بۇ چاغدا ئويىنىڭ ئەتراپىغا ھاجەتخانا سېلىش ئادىتى يوق ئىدى. بۇرۇنقى ئەرەپلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ھاجەتخانا ئويگە يېقىن بولسا پۇرايدۇ، دەپ دالىغا قىلىناتتى. ئۇممۇ مىستە مەن بىلەن كېتىۋېتىپ ئىتىگىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۇشۇپ، مىستە بېشىنى يىسۇن، دىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەجەپ يامان گەپ قىلدىڭغۇ، بەدرى غازىتىغا قاتناشقان ئادەمنى قاغامسەن؟ دىدىم. ئۇ ماڭا، ئۇلارنىڭ قىلىپ يۇرگەن سوزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دەپ، بوھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ قىلىپ يۇرگەن سوزلىرىنى ئېيتىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىقىمغا ئاغرىق قوشۇلدى، ھوجرامغا قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن، رەسۇلۇللا كىرىپ سالام بېرىپ، ئەھۋالىمنى سورىدى. مەن

① ئۇممۇ مىستە سەخرىنىڭ قىزى بولۇپ، ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ھاممىسى ئىدى.

رەسۇلۇللادىن ئاتا-ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئىجازەت سورىدىم، مەق-
سىدىم ئۇلاردىن ئەھۋالنى ئۇقۇش ئىدى. رەسۇلۇللا ماڭا ئىجازەت
بەردى. مەن ئاتا-ئانامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئانامدىن كىشىلەرنىڭ
گەپ-سۆزلىرى توغرىلىق سورىدىم. ئۇ ماڭا، قىزىم، ئۆزەڭنى ئۇپ-
راتما، ئېرى ئامراق، چىرايلىق ئايالنىڭ كۈندەشلىرى بولىدىكەن،
ئۇنىڭ توغرىسىدا ھەر قىسىم گەپلەرنى قىلىشىدۇ، دېدى. مەن
سۇبھانەللا ("ئاللا پاكتۇر" — بۇ يەردە بۇ سۆز ئەجەبلىنىش مەنىسىدە. — ت)
خەقلەر شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ دەپ، شۇ كېچىسى تاڭ
ئاتقىچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقتىم. بۇ ھەقتىكى ۋەھيى كېچىكىۋە-
لىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب بىلەن
ئۇسامە ئىبنى زەيدنى چاقىرىپ، مەن بىلەن ئۈزۈلۈشۈپ كېتىش
توغرىلىق ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ كۆرگەن. ئۇسامە رەسۇلۇللانىڭ
ئايىلىنى پاك دەپ بىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇزىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە
ئاساسەن، ئى رەسۇلۇللا، سېنىڭ ئەھلىيەڭ ساڭا لايىق ئەپپە
(ئىپپەتلىك — ت) دۇر، ئەزىبرايى خۇدا، ئائىشىنى ياخشى دەپلا
قارايمىز، دېگەن. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب: خوتۇن توغرىلىق ئاللا
سېنى قىسقىنى يوق، ئائىشىدىن باشقا خوتۇنلارمۇ جىققۇ، ئائىشىنىڭ
خىزمەتچىسى بەرىرەدىن سوراپ باقساڭ، راستىنى ئېيتىدۇ،
دېگەن①. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرىرەنى چاقىرىپ، ئى بەرىرە،

① ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىئارام بولۇۋاتقان، قايغۇرۇۋاتقان ۋە
كۆنلەش ئەلەمنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئائىشىنىڭ بىگۇنا ئىكەنلىكى
ئېنىقلانغىچە ئۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈشۈپ تۇرۇپ، كېيىن يارىشىۋېلىشنى، مۇشۇن-
داق قىلسا، رەسۇلۇللاغا ئارام بولىدىغانلىقىنى كۆزلەپ شۇنداق مەسلىھەت
بەرگەن، ئائىشىگە ئاداۋەت قىلىش يۈزىسىدىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن قەتئى
ئۈزۈلۈشۈپ كېتىشنى ئېيتماي، بەرىرەدىن سوراپ بېقىشنى ئېيتقان.



由 扫描全能王 扫描创建

ئائىشىدە بىرەر گۇمانلىق ئىشنى سەزدىڭمۇ؟ دەپ سورىغان. بەرىرە: سېنى راست پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئائىشىدىن بىرەر ئەيىپلىك ئىشنى كورگىنىم يوق، ئۇ خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ئۇخلاپ قالىدىغان، ئوي هايۋانلىرى كېلىپ خېمىرىنى يېۋالىدىغان كىچىك قىز، دىگەن. شۇ كۇنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبىنى سەلۇلىدىن رەنجىگەنلىكىنى يوللۇق هىساپلاپ، مۇسۇلمانلارنى يىغىپ مۇنبەرگە چىقىپ: هەي جامائەت، مېنىڭ ئەهلىيەم ئۇستىدە مېنى رەنجىتكەن ئادەم بار، ئۇنىڭغا قارشى ماڭا كىم ياردەم بېرىدۇ؟ ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خاهى ئەهلىيەم بولسۇن، خاهى سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل بولسۇن، ئۇلاردا پاكلىقتىن باشقا نەرسىنى سەزگىنىم يوق، سەفۋان مېنىڭ ئويۇمگە مەن بىلەنلا كىرەتتى، دىگەن. سەئىد ئىبىنى مۇئاز ئەنسارى① ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى رەسۇلۇللا، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئادەم ئۇستىدە ساڭا مەن ياردەم بېرىمەن، ئەگەر ئۇ ئادەم ئەۋس قەبىلىسىدىن بولسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمىز، ئەگەر ئۇ خەزرەج قەبىلىسىلىك قېرىنداشلىرىمىزدىن بولسا، ئۇنى نىمە قىل دىسەڭ شۇنداق قىلىمىز دىگەن. خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىغى سەئىد ئىبنى ئۇبادە② ياخشى ئادەم ئىدى، ئۇ قوپۇپ سەئىد ئىبىنى مۇئازنىڭ سوزىگە ئاچچىغى كېلىپ: يالغان ئېيتتىڭ، ئەزبىرايى خۇدا، ئۇنى

① ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىغى.

② ئەقەبە بەيئىتىكە قاتناشقان باشلىقلارنىڭ بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: ئى ئاللا، سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئائىلىسىنى مەدهىيەڭگە ۋە رەهمىتىڭگە نىكە قىلغايسەن، دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۆلتۈرگىنى قويمايمىز ۋە ئۆلتۈرەلمەيسەن①، دېگەن. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير② تۇرۇپ، سەئد ئىبنى ئۇبادەگە: ئەزبىرايى خۇدا، يالغان ئېيتتىڭ، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنى ئۆلتۈرىمىز③، سەن چوقۇم مۇناپىق④، مۇناپىقلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتىسەن⑤، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا ماجىرا تۇغۇلۇشقا تاس قالغان، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۇلارنى پەسەيتىپ، ئىشنى بېسىقتۇرغان. مەن كەچكىچە يىغلاپ، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى، كۆزۈم ئۇيقۇغىمۇ بارمىدى. ئەتىگەندە ئاتا-ئانام يېنىمغا كىرىپ كەلدى، ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز يىغلاۋېرىپ يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكەندەك بولدى. يىغلاۋاتقان چېغىمدا ئاتا-ئانام يېنىمدا ئولتۇراتتى، ئەنسارلاردىن بىر ئايال كىرىشكە ئىجازەت سورىۋىدى، ئىجازەت بەردىم. ئۇمۇ كىرىپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، مەن بىلەن يىغلاپ ئولتۇردى. بىز شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ ئولتۇردى. مەن توغرىلىق سۆز-چۆچەك تارالغاندىن بۇيان ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ ئولتۇر-

---

① سەئد ئىبنى ئۇبادە ئائىشە ئۈستىدىكى تۆھمەتكە قوشۇلغانلىقىدىن بۇ گەپنى قىلغىنى يوق، ئائىشىمۇ سەئد ئىبنى ئۇبادە مۇناپىقلارنى قوغدىدى دەپ ئۇنى ئەيىپلىمەكچى ئەمەس، بۇ يەردىكى ئاساسىي گەپ ئىككى قەبىلە ئارىسىدا ئىسلامدىن بۇرۇن زىددىيەت بولۇپ، ئىسلامدىن كېيىن تۈگىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ قالدۇقلىرى قالغانلىقىدىندۇر.

② سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى.

③ ئەگەر رەسۇلۇللا بۇيرۇق قىلىدىغان بولسا.

④ ئۇنى مۇناپىق دېيىشى ئەيىپلەشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتىندۇر.

⑤ مۇناپىقلارنىڭ قىلغىنى قىلىۋاتىسەن دېگەن مەنىدە، ئۇلارنىڭ قېنى قىزىپ كەتكەنلىكتىن سۆز تاللىماي تىللىشىشتى.



由 扫描全能王 扫描创建

مىغان ئىدى. ئۇنىڭغا مەن توغرىلىق ھېچ ۋەھيى نازىل بولماي بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلىمە شاھادەتنى ئېيتقاندىن كېيىن: ئى ئائىشە، سېنىڭ ئۈستۈڭدە تۈرلۈك سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، ئەگەر سەن پاك بولساڭ، ئاللا سېنى ئاقلايدۇ، گۇنالىق بولساڭ، ئاللاغا ئىستىغفار ئېيتىپ تەۋبە قىلغىن، بەندە گۇنايىغا ئىقرار قىلىپ تەۋبە قىلسا، ئاللا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، دېدى. رەسۇلۇللانىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ياشلىرىم قۇرۇپ كەتـ-كەنلىكتىن، كۆزۈمدىن بىر تامچا ياشمۇ چىقماي قالدى. ئاتا-ئانامغا: رەسۇلۇللانىڭ سۆزىگە مەن ئۈچۈن جاۋاپ بېرىڭلار، دېدىم. ئاتا-ئانام: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، رەسۇلۇللاغا نىمە دېيىشىمىزنى بىلمەيمىز، دېدى. مەن بۇ چاغدا كىچىك قىز بولغاچ، قۇرئاندىن كۆپ نەرسە ئوقۇمايتتىم. مەن: سىلەر كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە شۇ قەدەر ئىشەنگەنسىلەركى، ئەگەر مەن ئۆزەمنى پاك دېسەم (ئاللا ئەلۋەتتە پاكلىغىمنى بىلىدۇ)، سۆزۈمگە ئىشەنمەيسىلەر، ئەگەر توھمەتنى ئۈستۈمگە ئالسام (ئاللا پاكلىغىمنى بىلىدۇ)، سىلەر ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىسىلەر. ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ھەقتە سىلەرگە ئېيتىش ئۈچۈن يەئقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن باشقا سۆز تاپالمايمەن: "مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋرى قىلىمەن، سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى كوتىرىشكە ئاللا مەدەتكاردۇر......" (سۈرە يۇسۇف، 18-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.—ت) دەپ بولۇپ، ئاللانىڭ مېنى ئاقلىشىنى ئۈمىت قىلىپ ئورنۇمدا ياتتىم. لېكىن ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ ئىشىم ئۈستىدە ئاللانىڭ ئايەت نازىل قىلىشىنى ئويلىمىغان ئىدىم. ئۆزەمنى مېنىڭ ئىشىم قۇرئاندا تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم دەپ قارىمايتتىم، ئاللانىڭ مېنىڭ پاك ئىكەنلىگىمنى



由 扫描全能王 扫描创建

رەسۇلۇللانىڭ چۈشكە ئايىن قىلىشىنىلا ئۈمىت قىلاتتىم. ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئورنىدىن قوزغالمىغان، ئۆيدىكىلەردىن ھېچ كىشى سىرتقا چىقىپ كەتمىگەن ئىدى. ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل بولۇشقا باشلاپ، تەرلىگىلى تۇردى. ھەتتا رەسۇلۇللاغا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا، قىش كۈنلىرىدىمۇ ئۇنىڭدىن مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى ئاقاتتى. رەسۇلۇللاغا ۋەھيى نازىل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۇلۇپ تۇرۇپ ماڭا قىلغان تۇنجى سوزى، ئى ئائىشە، ئاللاغا ھەمدى ئېيتقىنكى، ئاللا سېنى ئاقلىدى، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئانام ماڭا: رەسۇلۇللاغا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ رەھمەت ئوقۇ، دېدى. مەن: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئورنۇمدىن تۇرمايمەن، ئاللادىن باشقىغا رەھمەتمۇ ئېيتمايمەن، دېدىم. ئاللاتائالانىڭ مېنى ئاقلاش يۈزىسىدىن نازىل قىلغىنى "سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم بوھتان سوزلىرىنى تارقاتتى" دېگەن سوز بىلەن باشلانغان ئايەتلەر ئىدى. تۇققان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەبۇ بەكرى سىددىق مىستە ئىبنى ئۇساسەنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ئاللاتائالا مېنى ئاقلاپ ئايەت نازىل قىلغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى سىددىق: مىستە ئائىشىگە توھمەت چاپلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاغا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭغا ھەرگىز بىر نەرسە بەرمەيمەن، دېدى. ئاللاتائالا بۇ توغرىدا "سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەھلى پەزلى ۋە دولەتمەن بولغانلار خىش-ئەقرىبالىرىنىڭ، مىسكىنلەرنىڭ ۋە دىن ئۈچۈن ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماسلىققا قەسەم قىلمىسۇن، ئۇلارنىڭ گۇنايىنى كەچۈرسۇن، كەڭ قوساقلىق قىلسۇن. ئاللانىڭ سىلەرنى مەغپىرەت قىلىشىنى سۆيمەمەسىلەر، ئاللا كوپ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى رەھمەت قىل-



由 扫描全能王 扫描创建

غۇچىدۇر ”دىگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. (سۇرە نۇر، 22 ـ ئايەت. ـــ ت)
ئەبۇ بەكرى سىددىق: توغرا، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئاللانىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى ئەلۋەتتە ياقتۇرىمەن دەپ، مىستەگە بېرىپ كېلىۋاتقان نەپىقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەھشىنىڭ قىزى زەينەپتىن مەن توغرىلىق: ئى زەينەپ، ئائىشە ھەققىدە بىلگەن ۋە كۆرگەنلىرىڭ بارمۇ؟ دەپ سورىغاندا، زەينەپ: ئى رەسۇلۇللا، مەن ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم ۋە كۆرمىگەننى كۆردۇم دىيەلمەيمەن. ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئائىشىنى ياخشى دەپلا ئويلايمەن، دىدى، ۋاھالەنكى، زەينەپ مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇراتتى①، ئاللا ئۇنى تۆھمەتكە ئىشتىراك قىلىشتىن ساقلىدى.

**337) مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنازىرىسى ۋە ”جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەپ بولمىغاي......“ دىگەن ئايەت توغرىسىدا**

ئەبۇ ھۇرەيرە زەرىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىپ: سەن گۇنا② ئۆتكۈزۈپ، ئىنسانلارنى جەننەتتىن چىقاردىڭ ۋە ئۇلارنى بەختسىزلىككە③ دۇچار

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا مەن بىلەن چىراي ۋە ئورۇن تالىشاتتى.
② چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يىگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
③ دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى دىمەكچى.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلدىڭ، دېدى. ئادەم: ئى مۇسا، سەن ئاللا پەيغەمبەرلىككە ۋە بىۋاستە سۆزلىشىشكە تاللىغان ئادەم تۇرۇپ، ئاللا مېنى يارىتىشتىن ئىلگىرى پېشانەمگە ياكى مېنى يارىتىشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزغا (بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنىڭ دېيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان) يېزىۋەتكەن ئىش ئۈچۈن ماڭا مالامەت قىلامسەن؟ دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يەڭدى.

## 338) قىيامەت كۈنى "كىشىلەرنى مەس كورىسەن......" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۇلۇغ ئاللا قىيامەت كۈنى: ئى ئادەم، دەيدۇ. ئادەم: رەببىمىز، خوش، مانا مەن، دەيدۇ. ئادەمگە، ئاللا سېنى ئەۋلاتلىرىڭنى دوزەخقە ئەۋەتىشكە بۇيرۇيدۇ دەپ نىدا كېلىدۇ. ئادەم: ئى رەببىم، دوزەخقە ئەۋەتىلىدىغانلارنىڭ سانى قانچىلىك بولىدۇ؟ دەيدۇ. ئاللا: مىڭدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى ئەۋەتىلىدۇ، دەيدۇ. بۇ چاغدا هامىلدار ئاياللارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، باللارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىدۇ①،

① قىيامەتنىڭ قورقۇنچىسىدىن شۇنداق بولىدۇ، بۇ تەمسىل سۆزدۇر. چۈنكى غەم-قايغۇ كىشىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ ۋە تېز قېرىتىۋېتىدۇ، ياكى ھەقىقەتتە شۇنداق بولىدۇ، يەنى ھەر ئادەم قايسى ھالەتتە ئۆلگەن بولسا شۇ ھالەتتە تىرىلىپ، مەھشەرگاھقا هامىلدار بولسا، هامىلدار پېتى، ئەمچەكتە باللىسى بار بولسا، ئەمچەكتە باللىسى بار پېتى، بالا بولسا بالا پېتى يىغىلىدۇ. قىيامەت زىلزىلىسى يۈز بېرىپ ئاللانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بۇيرۇغى ئاڭلانغاندا، كىشىلەردە قورقۇنچتىن شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ.

"كىشىلەرنى مەس كۆرسەن، ھەقىقەتتە ئۇلار مەس ئەمەس، ۋەلېكىن ئاللانىڭ ئازابى قاتتىقتۇر." يۇقۇرقىلارنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللانىڭ يېنىدا تۇرغانلارنىڭ چىرايلىرى ئۆزگۈرۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: دەۋزەخقە ئەۋەتىلىدىغانلارنىڭ مىڭدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى يەجۇج-مەجۇجلاردىن بولىدۇ①. مىڭدىن بىرى ئەھلى جەننەتتە بولۇپ، سىلەردىن بولىدۇ②. ئاندىن سىلەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاق ئۆكۈزنىڭ دۈمبىسىدىكى بىر تال قارا تۈكتەك ياكى قارا ئۆكۈزنىڭ دۈمبىسىدىكى بىر تال ئاق تۈكتەك (بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسى دېيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان) ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىسىلەر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى. بىز تەكبىر ئېيتتۇق③، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەھلى جەننەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىسىلەر، دېدى. بىز تەكبىر ئېيتتۇق، ئاندىن ئۇ: ئەھلى جەننەتنىڭ ئىككىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىسىلەر، دېدى، بىز تەكبىر ئېيتتۇق.

## 339) "قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ئاللاغىلا مەلۇم......" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

① ئۇلارغا ئوخشاش، ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىنمۇ بولىدۇ.
② سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلاردىن بولىدۇ.
③ ئاللانىڭ چوڭ نېمىتى بولغان بۇ بېشارەتكە خوشاللىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر كۈنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭدىن: ئى رەسۇلۇللا، ئىمان دېگەن نىمە؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئىمان دېگەن ئاللاغا، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، ئاللاغا مۇلاقات بولۇشقا① ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە ئىتىقات قىلىش، دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئادەم: ئى رەسۇلۇللا، ئىسلام دېگەن نىمە؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئىسلام دېگەن ئاللاغا ئىبادەت قىلىش، ئاللاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، پەرز نامازلارنى ئۆتەش، پەرز زاكاتنى بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئادەم: ئى رەسۇلۇللا، ئېھسان دېگەن نىمە؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئېھسان دېگەن ئاللاغا خۇددى ئاللانى كۆرۈپ تۇرۇۋات-قاندەك ئىبادەت قىلىش، گەرچە سەن ئاللانى كۆرمىسەڭمۇ، ئاللا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دېدى. ئۇ ئادەم: ئى رەسۇلۇللا، قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: جاۋاپ بەرگۈچى سورى-غۇچىدىن ئارتۇق بىلمەيدۇ، لېكىن ساڭا قىيامەتنىڭ ئالدىن بول-دىغان ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەي، ئايالنىڭ تۇققان بالىسى ئۇنىڭ خوجايىنى بولۇپ قېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولىدۇ، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ باشلىق بولۇپ قېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى-دىن بولىدۇ، بەش تۈرلۈك نەرسىنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشى ئاللاغىلا مەلۇم، يامغۇرنىڭ قاچان يېغىشى ئاللاغىلا مەلۇم، قوساقتىكى بالىنىڭ نىمە بولىدىغانلىقى ئاللاغىلا مەلۇم، دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئادەم كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام

① ئاخىرەتتە ئاللاتائالانى كۆرۈشكە.



由 扫描全能王 扫描创建

ساھابىلىرىگە: ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار، دېدى. ئۇلار قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ غايىپ بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: بۇ جىبرىل بولىدۇ، ئۇ كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ دىنىنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن، دېدى.

## 340) "ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا ساقلانغان نەرسىلەرنى ھېچكىم بىلمەيدۇ......" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاتائالا، ياخشى بەندىلىرىم ئۈچۈن جەننەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ھېچ ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېلىپ باقمىغان نازۇ-نېمەتلەرنى غەزنە قىلىپ تەييارلىدىم، ئۇنى قانداقمۇ چۈشىنەلەيتتىڭلار دەيدۇ، دېدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: "ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللانىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خوشال قىلىدىغان كاتتا ساۋاپنىڭ ماھىيىتىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ......" (سۈرە سەجدە، 17-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.—ت)

## 341) مۆمىنلەر ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ ھەممىدىن چارە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مەن ھەر بىر مۆمىن ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەممىدىن چارەدۇرمەن. خالىساڭلار مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: "پەيغەمبەر مۆمىنلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىنمۇ چارەدۇر......" (سۈرە

ئەھزاب، 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى. — ت) قايسى بىر مۆمىن ۋاپات بولۇپ پۇل-مال قالدۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىگىدارچىلىق قىلسۇن. ئەگەر ئۇ قەرز ياكى بېقىشنى سىلايدىغان ئادىمى يوق باللارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلارغا مەن ئىگىدارچىلىق قىلىمەن.

## 342) "كۈن ئۆزىنىڭ قارارگاھىغا قاراپ سەير قىلىدۇ" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن كۈن ئولتۇرغا چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەسچىتتە تۇراتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئەبۇ زەر، كۈننىڭ قەيەرگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ دەپ سورىدى. مەن: بۇنى ئاللا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كۈن ماڭا-ماڭا ئەرشنىڭ تەھتىگە بېرىپ ئاللاغا سەجدە قىلىدۇ①. ئاللاتائالانىڭ "كۈن ئۆزى-

① بالىغ ئادەم ئاللاغا سەجدە قىلىپ ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۈرگەندەك، كۈنمۇ ئاللاغا بويسۇنىدۇ دېگەن مەنىدە ياكى كۈن پاتقاندا، ئۇنى سەجدە قىلغۇچىغا ئوخشاتقان. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئەرش كائىناتنىڭ يۇقۇرىسىدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يېقىن كېلىدۇ. چۈش ۋاقتىدا كۈن پەلەكنىڭ قۇببىسىدە بولغان چاغدا، ئەرشكە ئەڭ يېقىن جايدا تۇرغان بولىدۇ. كۈن مۇشۇ جايغا ئۇدۇل تۆتىنچى پەلەكتە دەۋر قىلغان چاغدا، يەنى يېرىم كېچە ۋاقتىدا ئەرشتىن ئەڭ يىراق تۇرغان بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئاللاغا سەجدە قىلىدۇ. ئۇ ئادىتى بويىچە شەرق تەرەپتىن چىقىشقا ئاللادىن ئىجازەت سورايدۇ. ئاللا ئىجازەت بېرىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

نىڭ قارارگاھىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى غالىپ ئاللانىڭ پىچىمىدۇر." (سۈرە ياسىن، 37 ـ ئايەت. ـ ت) دېگەن سۆزى شۇنى كۆرسىتىدۇ، دېدى. مەن مەزكۇر ئايەت توغرىلىق سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كۈننىڭ قارارگاھى ئەرشىنىڭ تەھتىدەدۇر، دېدى.

## 343) "ماڭا مەندىن كېيىن ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشالىقنى بەرگىن......" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جىنلاردىن بولغان بىر دىۋە تۈنۈگۈن نامىزىمنى بۇزۇۋېتىش ئۈچۈن ماڭا ئېتىلغان ئىدى، ئاللا مېنى دىۋىنى تۇتۇۋېلىشقا قادىر قىلدى. مەن ئۇنى مەسچىتنىڭ تۈرۈكلىرىدىن بىرىگە باغلاپ قويۇپ ئەتىگەندە سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا كۆرسەتمەكچى ئىدىم. قېرىندىشىم سۇلەيماننىڭ① "رەببىم، ماڭا مەندىن كېيىن ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشالىقنى بەرگىن" دېگەن سۆزىنى ئەسلىدىم، دېگەن ۋە دىۋىنى قوغلاندى قىلىپ ھەيدىۋەتكەن.

① دىنىي قېرىندىشى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام.



由 扫描全能王 扫描创建

## 344) "ئاللانى ئۇز لايىغىدا ئۇلۇغلاشمىدى......" دىگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى زىمىننى سول چاڭگىلىدا، ئاسماننى ئوڭ چاڭگىلىدا چاڭگاللاپ تۇرۇپ: مەن پادىشادۇرمەن، زىمىننىڭ پادىشالىرى قەيەردە؟ دەيدۇ.

## 345) "بىزنى پەقەت زامانلا ھالاك قىلىدۇ" (دەھرىلەرنىڭ سوزى ھىكايە قىلىپ ئېيتىلغان. — ت) دىگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى زاماننى تىللاپ①، ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ②. مەن زاماننى ياراتقۇچە-

---

① كىشىگە خاپىلىق يەتسە، شۇم زامان، ئولگۇر زامان، دەيدۇ.

② ئەزىيەت تارتىدۇ دىيىش دۇرۇس بولىدىغان، ئادەملەرنىڭ ئەزىيەت تارتىدىغان سوزلىرىنى ماڭا قارىتىپ ئېيتىدۇ دىگەن مەنىدە، ئەزىيەت تارتىشتىن ئاللا پاكتۇر، چۈنكى بۇ ئىش ئاللا ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە دىمەكچى بولغىنى مۇشۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلغان ئادەم ئاللانىڭ غەزىۋىگە دۇچار بولىدۇ دىگەندىن ئىبارەت.



由 扫描全能王 扫描创建

مەن①. زامانغا نىسبەت بېرىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىلكىمدە، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىمەن.

## 346) "سىلە-رەھىملەرنى ئۈزۈپ قويۇشۇڭلار كۈتۈلەمدۇ؟" دىگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاتائالا مەخلۇقاتنى ياردەتىپ بولغاندىن كېيىن سىلە-رەھىم قوپۇپ ئاللانىڭ بېلىگە② ئېسىلدى، ئاللا ئۇنىڭغا: قولۇڭنى تارت، دىدى. سىلە-رەھىم: مەن سەن بىلەن، رەھىمسىزلىكتىن پانا تىلەيمەن، دىدى. ئاللا ئۇنىڭغا: مەمنۇن بولمامسەنكى، سىلە-رەھىم قىلغان ئادەمگە مەن سىلە-

① يەنى مەن زاماننى ياراتقۇچىمەن، زاماندا پەيدا بولغان ئىشلارنى باشقۇرغۇچىمەن،، پىلانلىغۇچىمەن، ئۆلچىگۈچىمەن دىگەن مەنىدە. ئاللاتائالا بىزنى زامانلا ھالاك قىلىدۇ يەنى بىز زاماننىڭ ئۆتۈشى، ئۆمۈرنىڭ ئۇزىرىشى ۋە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى ئارقىلىقلا ئۆلۈپ تۈگەيمىز دەيدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ھىكايە قىلىدۇ.

② بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: ئادەتتە پانا تىلىگۈچى پانا تىلەنگۈچىنىڭ ئېتىكىگە، چاپىنىغا ۋە ئىشتىنىغا ئېسىلىدۇ، گايىدا بەلگە ئېسىلىشى پانا تىلەشتىكى مۇبالىغىدۇر، گويا شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىنىدۇكى، پانا تىلەنگۈچى پانا تىلىگۈچىنى ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن خۇددى ئۆزىنىڭ ئىشتان ئىچىدىكى ئەزالىرىنى قوغدىغاندەك قوغدىغاي، بۇ — كىنايە ۋە مەسەل تەرىقىسىدە ئېيتىلغان گەپ، مەقسەت سىلە-رەھىمنىڭ، سىلە-رەھىم قىلغۇچىنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە سىلە-رەھىم قىلمىغانلارنىڭ گۇنايىنىڭ چوڭلۇغىنى كۆرسىتىشتۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

رەھىم قىلىمەن، سىلە-رەھىم قىلمىغان ئادەمگە مەن سىلە-رەھىم قىلمايمەن، دېدى. ئۇ: ئى رەببىم، دېگىنىڭگە مەمنۇن بولدۇم، دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتىدۇكى، خالىساڭلار مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: "سىلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ زېمىندا ئاللاغا ئاسىيلىق قىلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىڭلار ۋە سىلە-رەھىمىڭلارنى ئۈزۈپ قويۇشۇڭلار كۈتۈلەمدۇ؟" (سۈرە مۇھەممەد، 22-ئايەت. — ت)

## 347) "بىز سېنى ھەقىقەتەن گۇۋاچى قىلىپ ئەۋەتتۇق......" دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەتا ئىبنى يەسار ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاندىكى "ئى پەيغەمبەر، بىز سېنى ھەقىقەتەن گۇۋاچى، بىشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق" (سۈرە فەتھى، 8-ئايەت — ت) دېگەن ئايەت تەۋراتتا مۇنداق مەزمۇندا كەلگەن: ئى پەيغەمبەر، بىز سېنى ھەقىقەتەن گۇۋاچى، بىشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئەرەپلەرگە قورغان قىلىپ ئەۋەتتۇق، سەن مېنىڭ بەندەم ۋە رەسۇلۇم، مەن سېنى مۇتەۋەككىل (ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغۇچى. — ت) دەپ ئاتىدىم، سەن بەتئەخلاق، قوپال ئەمەسسەن. بازارلاردا سۈرەن سالغۇچى ئەمەسسەن، سەن ئۆزەڭگە يامانلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلماي، كەڭ قوساقلىق قىلىسەن، كەچۈرىسەن، ئازغان خەلق بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق دەپ ئىمان ئېيتىش بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى كورمەس كوزلىرى، ئاڭلىماس قۇلاقلىرى، چۈشەنمەس دىللىرى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاللا سېنى قەبزى روھ قىلىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 348) ”دەۋزەخ يەنە بارمۇ دەيدۇ“ دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: دەۋزىخىلەر دەۋزەخقە تاشلىنىدۇ، دەۋزەخ يەنە بارمۇ؟ دەپ تۇرىدۇ. ئاللاتائالا دەۋزەخقە قەدىمىنى قويغاندا، ئۇ بولدى، كۇپايە، دەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەت بىلەن دەۋزەخ مۇنازىرىلىشىپ قالدى. دەۋزەخ: مەن مۇتەكەببىرلار ۋە مۇستەبىتلارغا خاس قىلىندىم، دېدى. جەننەت: نىمىشقا ماڭا پەقەت ئاجىز-بىچارە، قاتاردا يوق كىشىلارلا كىرىدۇ؟ دېدى. قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئاللا جەننەتكە: سەن بولساڭ مېنىڭ رەھمىتىم، سېنىڭ بىلەن خالىغان بەندىلىرىمگە رەھمەت قىلىمەن، دېدى؛ دەۋزەخقە: سەن بولساڭ مېنىڭ ئازاۋىم، سېنىڭ بىلەن خالىغان بەندىلىرىمنى ئازاپلايمەن، دېدى. جەننەت بىلەن دەۋزەخنىڭ ئىككىلىسى تولدۇرۇلىدۇ، دەۋزەخ تولمايدۇ، ئاللاتائالا قەدىمىنى قويغاندا① ئاندىن ئۇ كۇپايە، كۇپايە بولدى، دەيدۇ. بۇ چاغدا دەۋزەخ تولىدۇ، قورۇلۇپ يىغىلىدۇ، ئۇلۇغ ئاللا بەندىلىرىدىن ھېچ ئادەمگە② زۇلۇم قىلمايدۇ،

---

① ئاللاتائالا دەۋزەخنى بىر نەرسىنى دەسسەپ تۇرۇپ بوي سۇندۇرغان ئادەمدەك بوي سۇندۇرىدۇ دېگەن مەنىدە.

② يامان ئىشلارنى قىلمىغان ئادەمگە.



由 扫描全能王 扫描创建

جەننەت ئۇچۇن بولسا ئۇلۇغ ئاللا بەندىلەرنى① پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ.

## 350) لات ۋە ئۇززا بۇتلىرى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەم قىلسا②، ئارقىدىن لائىلاھە ئىللەللاھۇ دېسۇن، كىمكى ئوزىنىڭ يېنىدىكى ئادەمگە: كەل، قىمار ئوينايمىز، دېسە، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ سەدىقە قىلسۇن③.

## 351) ئاينىڭ يېرىلغانلىقى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئاي يېرىلىپ ئىككى

---

① جەننەتنى ياخشىلىق قىلمىغان ئادەملەر بىلەنمۇ توشقۇزىدۇ، چۈنكى ساۋاپ دېگەن ئەمەلگە باغلىق ئەمەس.

② ئىبنى ئەرەپ مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئۇلار بىلەن راستىن قەسەم ئىچسە، ئۇ كاپىر بولىدۇ؛ كىمكى ئۇلار بىلەن نادانلىقتىن ياكى سەۋەنلىكتىن قەسەم قىلغان بولسا، كەلىمە تەۋھىد ئۇنىڭغا كاپارەت بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئاشۇ سەۋەنلىكتىن ئاللانى ئەسلەشكە ۋە تىلىنى ھەق تەرەپكە قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان خاتا سوزنى يوققا چىقىرىدۇ.

③ ھەمراسىنى ھارام بولغان قىمار ئويناش گۇناھىغا چاقىرغانلىقى ئۇچۇن، بۇ گۇنانىڭ كاپارىتى ھىساۋىدا بىر نەرسە سەدىقە قىلىپ بەرسۇن. قىمار ۋە لات، ئۇززا بىلەن قەسەم ئىچىشنىڭ تەڭ تىلغا ئېلىنىشى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىلىقلىرىدىن بولغانلىقى ئۇچۇندۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

پارچە بولۇپ، بىر پارچىسى تاغنىڭ ئۈستىدە، يەنە بىر پارچىسى تاغنىڭ تۈۋىنىدە تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەنە كۆرۈڭلار، دېدى.

## 352) جەننەتنىڭ چېدىرلىرىدىكى مەستۇرە ھورلەر توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەتتە ئوتتۇرىسى كاۋاك بىر گوھەر چېدىر بار، ئۇنىڭ كەڭلىگى ئاتمىش مىل① كېلىدۇ، ئۇنىڭ ھەر بۇلۇڭىدا مۆمىنلەرگە جۈپ بولىدىغان ھورلەر تۇرىدۇ، ئۇلار باشقىلارنى كۆرمەيدۇ. ئۇلارغا مۆمىنلەر يېقىنچىلىق قىلىدۇ، يەنە ئىككى جەننەت بار، ئۇنىڭدىن قاچا-قومۇش ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۈمۈشتىن بولىدۇ، شۇنىڭدەك يەنە ئىككى جەننەت بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن قاچا-قومۇش ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇندىن بولىدۇ. ئەدىن جەننىتىگە كىرگەن كىشىلەرنىڭ ئاللانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە پەقەت ئاللانىڭ زاتىدىكى ئۇلۇغلۇق رىداسىلا پەردە② بولۇپ تۇرىدۇ.

---

① بىر مىل — پەرسەخنىڭ $\frac{1}{3}$ ى ياكى تۆت مىڭ قەدەم.
② بۇ پەردە ئاللانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە توسالغۇ بولمايدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 353) بەدەنگە يېڭنە سانچىپ مەڭ قويدۇرغۇچى ۋە چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن چىشىغا ئىسكەك سالدۇرغۇچى ئاياللار توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: بەدىنىگە يېڭنە سانچىپ مەڭ قويدۇرغۇچى① ئاياللارغا، مەڭ قويغۇچى② ئاياللارغا، يۈزىگە يىپ سالغان ئاياللارغا③، چىشىغا ئىسكەك سالغان ئاياللارغا يەنى چىرايلىق بولۇش ئۈچۈن ئاللا ياراتـقان ئەزالارنى ئۆزگەرتكۈچى ئاشۇنداق ئاياللارغا ئاللا لەنەت قىلسۇن، يالغان چاچ سالغان④ ئاياللارغا رەسۇلۇللا لەنەت قىلغان ئىدى. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىڭلار، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار......" (سۈرە ھەشر، 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى. — ت)

---

① بەدەنگە يېڭنە سانچىپ قان چىقىرىپ ئۇ يەرگە سۈرمە قويۇپ يېشىل رەڭلىك قىلىش.

② باشقىلارنىڭ بەدىنىگە يۇقۇرقىدەك يېڭنە سانچىپ قويۇشمۇ ھارام، يېڭنە سانچىلغان ئورۇن نىجىس بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى مۇمكىن بولسا داۋالاپ يوقىتىۋېتىش كېرەك، ئاپېراتسىيە قىلمىسا يوقالمايدىغان، ئاپېراتسىيە قىلغاندا ئۇ يەرنىڭ نابۇت بولۇش، ياكى ئۇ يەر تاشقى ئەزا بولۇپ مېيىپ بولۇپ قېلىش خەۋپى بولسا، ئاپېراتسىيە قىلماسلىق كېرەك.

③ نىمە بىلەن بولمىسۇن، يۈزنىڭ تۈكىنى يۇلۇش ھارام، ئەمما ئاياللارغا ساقال ياكى بۇرۇت بولۇپ ئۈنگەن تۈكلەرنى يۇلۇش ھارام ئەمەس، بەلكى مۇستەھەپ.

④ ئادەم بالىسى ھۆرمەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانىنىڭ ئەزالىرىنى



由 扫描全能王 扫描创建

## 354) قوپال، ئەسكى ئادەم توغرىسىدا

مەئبەد ئىبنى خالىدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھارىسە ئىبنى ۋەھب خۇزائى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: سىلەرگە ئەھلى جەننەتتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ كەمتەر، نامسىز ئادەمنىڭ ھەرقاندىغى ئەھلى جەننەت بولىدۇ. بۇنداق ئادەم دۇئا قىلسا، ئاللا ئۇنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ. سىلەرگە دەۋزەخ ئەھلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئوزى قوپال، ئاسى ۋە مۇتەكەببىر ئادەمنىڭ ھەرقاندىغى ئەھلى دەۋزەخ بولىدۇ.

## 355) قۇرئان ئوقۇغۇچى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇيدىغان ئادەم ھورمەتلىك پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ، قۇرئاننى كوكۇل قويىسىمۇ تەسلىكتە ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ①.

---

ئىشلىتىش ھارام قىلىنىغان، شۇڭا بىراۋنىڭ چېچىنى ئۇلاپ سېلىش پۈتۈن ئۇلىمالارنىڭ قارىشىچە ھارامدۇر. ئەگەر سېلىنىغان چاچ ئۇلۇپ قالغان ھايۋاننىڭ ياكى گوشىنى يېگىلى بولمايدىغان ھايۋاننىڭ قىلىدىن قىلىنىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى نىجىس بولغانلىقتىن، بۇمۇ ھارام. ئەگەر ئۇ پاك قىلدىن قىلىنىغان بولسا ۋە ئەر رۇخسەت قىلىغان بولسا، دۇرۇس بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، دۇرۇس بولمايدۇ.

① ئىككى ھەسسە ئەجىرنىڭ بىر ھەسسىسى قۇرئان ئوقۇغانلىغى ئۈچۈن،



由 扫描全能王 扫描创建

## 356) ”......ئۇنىڭغا بىز جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەللەرنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز“ دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز بەقى غەرقەد قەبرىستانلىقىدا بىر جىنازە ئۈستىدە بولغان ئىدۇق، رەسۇلۇللا كېلىپ ئولتۇردى، بىزمۇ ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇردۇق، رەسۇلۇللانىڭ قولىدا بىر تاياق تۇراتتى، ئۇنى ئورىدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن يەرنى نوقۇپ تۇرۇپ: مەيلى سىلەر بولماڭلار، مەيلى تۇغۇلغان بوۋاقلار بولمىسۇن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ جەننەتتىكى ۋە دوزەختىكى بارار ئورنى بۇرۇن پۈتۈلگەن بولىدۇ، ياكى ئۇنىڭ شەقى يا سائادەتمەن ئىكەنلىكى پۈتۈلگەن بولىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى رەسۇلۇللا، ئارىمىزدىن سائادەتمەن پۈتۈلگەنلىرىمىز ئاخىرى سائادەتمەن، شەقى پۈتۈلگەنلىرىمىز ئاخىرى شەقى بولغاندىن كېيىن، ياخشى ئەمەللەرنى قىلماي، پۈتۈلگەن تەقدىرىمىزنى كۈتۈپ تۇرساق بولمامدۇ، دېگەن كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سائادەتمەن بەندىلەرگە سائادەتمەن بەندىلەرنىڭ ئەملى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىلىدۇ، شەقى بەندىلەرگە شەقىلەرنىڭ ئەملى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىلىدۇ، دېدى، ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ”خەيرى-ئېھسان قىلغان، ئاللانىڭ ئەمرىگە تولۇق بوي سۇنغان ۋە كەلىمە

---

يەنە بىر ھەسسىسى قىينىلىپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ماھىرلىق بىلەن ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى كۆپ بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئاللانىڭ ئىتا-ئەتمەن پەرىشتىلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ.

تەۋھىدگە تەستىق قىلغان ئادەمگە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنى مۇيەسسەر قىلىمىز."① (سۈرە لەيل، 5-، 6-، 7-ئايەتلەر. — ت)

## 357) ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى پىتىر سەدىقىسىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىپ قويغان ئىدى. بىر كىشى كېلىپ خورمىدىن ئىككى قولىدا چاڭگاللاپ ئالغىلى تۇردى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: سېنى رەسۇلۇللانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، دېدىم. ئۇ ئۆز ئەھۋالىنى ئېيتتى②. ئاندىن

---

①ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ ئەبۇ بەكرى سىددىق ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى، بۇنى ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير مۇنداق دىگەن: ئەبۇ بەكرى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئېيتقان قىرى قۇللارنى ۋە دىدەكلەرنى ئازات قىلاتتى، ئەبۇ بەكرىنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا: ئوغلۇم سەن ئاجىز كىشىلەرنى ئازات قىلىۋاتىسەن، كۈچى بار ئەرلەرنى ئازات قىلىدىغان بولساڭ، ئۇلار ساڭا يار-يۆلەك بولاتتى ۋە سېنى قوغدايتتى، دىدى. ئەبۇ بەكرى: ئى ئاتا، مەن پەقەت ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاپنى ئىزدەيمەن، دىدى. بىر قىسىم مۇفەسسىرلەر (قۇرئاننى شەرھلىگۈچىلەر. — ت): "ئەڭ مۇتتەقى ئادەم دەۋزەختىن يىراق قىلىنىدۇ......" دىگەن ئايەت ئەبۇ بەكرى سىددىق ھەققىدە نازىل بولغان، دەيدۇ. ئاللاتائالا پەزلى ۋە مەرھەمەت قىلىپ، بىزنى قىيامەتتە ياخشى بەندىلىرىنىڭ قاتارىدا قىلغاي، ئاللا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى تولىمۇ رەھىمدىل زاتتۇر.

② ئۇ، مەن مۇھتاج ئادەممەن، بېشىمغا قاتتىق كۈن چۈشتى، دىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قويۇپ بەردىم. ئۇ: مېنى قويۇۋەتكىن، ساڭا ئوقۇساڭ پايدىسى بولىدىغان بىرقانچە سۆز ئۆگىتىپ قوياي، دىدى. مەن نىمە ئۇ؟ دىدىم.



由 扫描全能王 扫描创建

ماگـا: ياتـدىـغان چېغـىـدا ئايەتۇلكـۇرسى (سۇرە بەقەرەدىكى 255 ـ ئايەتنىڭ نامى. ــ ت)نى ئوقۇغىن، كېچىچە ئاللا سېنى قوغداشـقا بىر پەرىشتىنى ھەمرا قىلىدۇ، تاڭ ئاتقىچە ساڭا شەيتان يېقىن يولمايدۇ، دىدى. بۇ ئەھۋالـنى رەسۇلۇلـلاغا ئېيتـسام، ئۇ ماڭـا: ئۇ ساڭا بۇ سوزنى راست ئېيتىپتۇ، ئۇ ھەمىشە يالـغان ئېيتىدىغان شەيـتاندۇر، دىدى.

## 358) سۇرە ئىخـلاس، سـۇرە نـاس ۋە سـۇرە پەلەقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيـغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام ساھابىـلەرگە: بىر كېچىدە قۇرئانـنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇپ چىقالامسىلەر؟ دىدى. ساھابىلەرگە مۇنداق قىلىش قىيـىن تۇيۇلۇپ، ئۇلار: ئى رەسۇلۇللا، مۇنـداق قىلىشـقا قايسىـمىز چىدىيالايـمىز؟ دىـدى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام: قۇل ھـۇۋەلـلاھـۇ ئەھەد (ئېيتقىنـكى، ئالـلا بىردۇر) سۈرىـسى قۇرئانـنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ①، دىدى.

ئائىشـە رەزىـيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كېچە ياتىدىـغان چاغـدا ئىكـكى قولـنى يۇمۇپ تۇرۇپ، "قۇل ھۇۋەلـلاھۇ ئەھەد"، "قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىلـفەلەقـى"

---

①چۈنكى مەنە ئېتىـۋارى بىلەن قۇرئان ئەھكـاملارنى، قىسـسەلەرنى ۋە تەۋھىدنى ئۆز ئىچىگە ئالـىدۇ، سۇرە ئىخلاس بولـسا تەۋھىدنى ئۆز ئىچـىگە ئالغان.

(پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن پانا تىلەيمەن) ۋە قول ئەئۇزۇ بىرەببىنناسى" (پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن پانا تىلەيمەن) سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ھۈرۈپ، ئاندىن ئىككى قولى بىلەن بەدىنىنى قولى يەتكەن يەرگىچە سىپايتتى، ئالدى بىلەن بېشىنى، يۈزىنى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرەپلىرىنى سىپايتتى، ئۈچ قېتىم شۇنداق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالغاندا، مەزكۇر سۈرىلەرنى ئۆزىگە ئوقۇپ ھۈرەتتى. رەسۇلۇللانىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان چاغدا، مەزكۇر سۈرىلەرنىڭ بەرىكىتىنى ئۈمىت قىلىپ مەن ئوقۇپ ئۇنىڭ بەدىنىنى سىپاپ قوياتتىم.

## 359) قۇرئاننىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان ئادەم لىمۇنغا ئوخشايدۇ. لىمۇن دىگەن ھەم تەملىك، ھەم خۇش بۇي بولىدۇ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان ئادەم خورمىغا ئوخشايدۇ، خورمىنىڭ ئۆزى تەملىك بولىدۇ، ئەمما خۇش بۇي ئەمەس. قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇناپىق رەيھانغا ئوخشايدۇ، رەيھاننىڭ ھىدى خۇش بۇي، ئەمما تەمى ئاچچىق، قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇناپىق ھەنزەلگە ئوخشايدۇ، ھەنزەل دىگەن ئاچچىق بولىدۇ، بويىمۇ خۇش بۇي① ئەمەس.

---

① بەندىنىڭ باتىنىغىمۇ، زاھىرىغىمۇ قۇرئاننىڭ تەسىرى بولىدۇ، بۇ جەھەتتە بەندىلەر پەرقلىق بولىدۇ، قۇرئاننىڭ تەسىرىدىن بەزىلەرنىڭ نېسىۋىسى زور

## 360) قۇرئان ئۆگەنگەن ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىچىڭلاردا قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن ئادەم ئەڭ ئوبدان ئادەمدۇر.

## 361) قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش توغرىسىدا

ئىبنى ئومەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قۇرئاندىن تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ئادەمنى باغلاقلىق توگىنىڭ ئىگىسىگە تەمسىل قىلسا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم توگىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بولسا. ئۇنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرالايدۇ، ئەگەر ئۇنى قويۇۋېتىدىغان بولسا. قېچىپ كېتىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىراۋنىڭ پالانى-پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قالدىم دېيىشى نېمە دېگەن يامان، تىلاۋەت قىلىپ تۇرمىغانلىقتىن، بەلكى ئاللا ئۇنى ئۇنتۇتۇرۇش بىلەن جازا-

---

بولىدۇ، بۇنداق ئادەم قۇرئان ئوقۇپ تۇرغان مومىندۇر. ھەقىقى مۇناپىقنىڭ ئۇنىڭدىن نېسىۋىسى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە زاھىرى تەسىرلىنىپ، باتىنى تەسىرلەنمىگەن ئادەم رىياكاردۇر. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مومىننىڭ باتىنى تەسىرلىنىپ، زاھىرى تەسىرلەنمىگەن بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

لىدى. قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشلار، قۇرئان كىشىلەرنىڭ كوڭۇللىرىدىن كوتىرىلىپ كېتىشتە توگىدىنمۇ يامان قاچقاقتۇر.

## 363) قۇرئان ئوقۇش بىلەن پەخىرلەنگەن ئەمما ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ئادەم توغرىسىدا

سۇۋەيد ئىبنى غەفەلەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئاخىر زاماندا يېشى كىچىك، ئەقلى قىسقا بىر خەلق مەيدانىغا كېلىدۇكى، ئۇلار ئېغىزلىرىدا چىرايلىق سوزلەرنى قىلىدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن ئوق ئوزىنىڭ تەككەن يېرىدىن چىقىپ كەتكەندەك تېز چىقىپ كېتىدۇ①. ئۇلارنىڭ ئىمانى كېكىر-تەكلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئوتمەيدۇ②. ئۇلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، ئولتۇرۇڭلار، ئۇلارنى ئولتۇرگۇچىلەر قىيامەت كۇنى ساۋاپ تاپىدۇ.

## 364) ئويلىنىشكە رىغبەتلەندۇرۇش توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇچ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئويلىرىگە كېلىپ، پەيغەمبەر

---

① ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ۋە ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ يۇقماي چىقىپ كېتىشى ئاتقان يەرگە تېگىپ يۇقماستىن چىقىپ كەتكەن ئوققا ئوخشايدۇ.

② ئىمان ئۇلارنىڭ دىللىرىغا سىڭمىگەن دىگەن مەنىدە.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان تائەت-ئىبادىتىدىن سورىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز ساناپ: ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتكەنكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرگەن تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلەيتتۇق، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى: مەن ھەمىشە كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن، دېدى. يەنە بىرسى: مەن ھەمىشە روزا تۇتىمەن، ھەرگىزمۇ ئېغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن، دېدى. يەنە بىرسى: مەن ئاياللاردىن يىراق بولىمەن، ھەرگىزمۇ ئۆيلەنمەيمەن، دېدى. رەسۇلۇللا كېلىپ ئۇلارغا: سىلەر مۇنداق-مۇنداق دەپسىلەر، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللادىن بەك قورقىمەن ۋە ئەڭ تەقۋادارمەن. مەن بەزىدە روزا تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىسى ھەم ناماز ئوقۇيمەن، ھەم ئۇخلايمەن، خوتۇنمۇ ئالىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ سۈننىتىمگە مەنسۇپ ئەمەس، دېدى.

### 364) ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغان ئادەم توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز يوقسىز ياشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا تۇراتتۇق، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: ئى ياشلار جامائەسى، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئۆيلىنىشكە قادىر بولالايدىغانلار ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى ۋە ئەۋرەتنى ئىپپەتلىك ساقلايدۇ، ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتۇشى لازىم، چۈنكى روزا ئۇلارنىڭ شەھۋىتىنى كېسىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 365) ئويلىنىشتە ئاياللاردىكى تۆت خىسلەت كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: خوتۇن ئېلىشتا ئايال كىشىنىڭ پۇل-مېلى، شان-شەرىپى، ھۆسنى-جامالى ۋە دىيانىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىيانەتلىك① خوتۇننى ئالغىن، ئاللا سېنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلىدۇ.

## 366) خوتۇننىڭ شۇملۇق تەرىپى توغرىسىدا

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللاردىن زىيانلىق پىتنە بولمايدۇ②.

---

① بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: ئادەمگەرچىلىكى بار، دىيانەتلىك كىشىلەر ھەممە ئىشتا دىيانەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. نىكادەك مۇھىم ۋە چوڭ ئىشتا تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.

② ئەرلەر بالىنى خوتۇنى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ، كۆپىنچە ئۆزىنىڭ ئەمردىكى خوتۇنىنىڭ بالىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى ئاجرىشىپ كەتكەن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنىدىن بولغان بالىسىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ. خوتۇن ئېرىنى خىش-ئەقرىبالىرىغا سىلە-رەھىم قىلماسلىققا ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىنى تۇتماسلىققا باشلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن ئەر خوتۇنىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ بۇيرۇغىدىن چىقالمايدۇ. ئاللاتائالا



由 扫描全能王 扫描创建

## 367) قېرىندىشى ئالدىغان لايىقنى ئېلىش ئۈچۈن ئېغىز ئاچماسلىق توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، گۇمانخورلۇق سوزلەرنىڭ ئەڭ يالغىنى ھېساپلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەيىۋىنى ئاختۇرماڭلار، تىڭ ـ تىڭلاپ يۈرمەڭلار، ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، ئۆزئارا قېرىنداشلارچە بولۇڭلار، سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار (دىنىي جەھەتتىكى قېرىنداش كوزدە تۇتۇلىدۇ. ــ ت) ئالماقچى بولغان لايىقنى ئۇ ئېلىپ بولغان ياكى ئۇنى ئالمايدىغان بولغانغا قەدەر ئۇ لايىقنى ئېلىش ئۈچۈن ئېغىز ئاچماڭلار.

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ پۈتۈشكەن سودىسىنى بۇزۇپ مالنى ئۆزى ئېلىۋېلىشنى، قېرىندىشى ئالماقچى بولۇپ سوزلىشىپ قويغان ئايالنى قېرىندىشى ئېلىشتىن ۋازكەچكىچە ياكى ئۇنىڭ ئېلىشىغا رۇخسەت قىلمىغىچە ئۇنى ئېلىشقا سوز ئېچىشنى مەنئى قىلغان.

## 369) نىكادىكى شەرتلەر توغرىسىدا

ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىس-

---

مۇنداق دەيدۇ: "شەيتان كىشىلەرگە ئاياللار تەرىپىدىن كېلىدىغان كوڭۇل خاھىشلىرىنى چىرايلىق قىلىپ كورسىتىدۇ......" (سۈرە ئىمران، 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ــ ت)، "سىلەرنىڭ ئايىلىڭلاردىن، بالاڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ......" (سۈرە تەغابۇن، 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ــ ت)



由 扫描全能王 扫描创建

سالام مۇنداق دىگەن: نىكادا مەھرىدىن ئىبارەت شەرتنى نىكالانغان خوتۇنىنىڭ ھەقىقى بولۇش يۈزىسىدىن تولۇق ئادا قىلىش ئەڭ تېگىشلىكتۇر.

## 370) نىكادا دۇرۇس بولمايدىغان شەرتلەر توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى ھەمشىرىسىنى① نېسىۋىسىدىن قۇرۇق قالدۇرۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مەقسەدىدە، ھەمشىرىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى سورىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە ئەزەلدە نىمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كورىدۇ.

## 371) تويغا چاقىرسا بېرىشنىڭ لازىملىغى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار تويغا چاقىرىلسا، چاقىرغان يەرگە بارسۇن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئەگەر بىراۋ مېنى قويىنىڭ

---

①نەسەپ ياكى ئىملىدەشلىك ياكى دىنىي ياكى ئىنسانىيەت جەھەتتىن بولغان ھەمشىرە كوزدە تۇتۇلىدۇ، دىنسىزمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، ياكى بۇ ھەمشىرە "كۇندىشى" دىگەن مەنىدە.



由 扫描全能王 扫描创建

قولىنى يېيىشكە تەكلىپ قىلسا، ئەلۋەتتە باراتتىم، ئەگەر بىراۋ ماڭا قويىنىڭ سانىنى ھەدىيە قىلسا، ئەلۋەتتە قوبۇل قىلاتتىم.

## 373) ئاياللارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئەگرى قوۋۇرغىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇۋالىسەن، ئەگرى تۇرۇقلۇق① پايدىلىنىۋېرىمەن دېسەڭ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىۋېرىسەن.

## 374) ئاياللار ھەققىدىكى ۋەسىيەت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم خوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن. ئاياللارغا ئېتىۋار بېرىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇلار ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، قوۋۇرغىنىڭ يۇقۇرى تەرىپى ئەگرى كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنى تۈزلىمەكچى بولساڭ، سۇندۇرۇۋالىسەن، ئەگەر ئۇنى ئۆز پېتىچە قويساڭ، ئەگرى پېتى تۇرىۋېرىدۇ②. ئاياللارغا ئېتىۋار بېرىشىڭلارنى

---

① بۇ ھەدىستە ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىشقا، يۇمشاقلىق قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ۋە ئەقىل جەھەتلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلىرىگە چىداشقا ئىشارەت قىلىنىدۇ.

② بۇنىڭ بىلەن ئاياللارغا يۇمشاق بولۇشقا، مادارا قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەگرىلىكىگە سەۋرى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

由 扫描全能王 扫描创建

تەۋسيە قىلىمەن، ۋەسىيىتىمنى قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىڭلار.

### 375) ئايال كىشىنىڭ نەپلى روزا تۇتۇشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئېرى يېنىدا تۇرغان ئايال ئېرىنىڭ ئىجازىتىسىز[1] نەپلى روزا تۇتماسلىقى كېرەك.

### 376) ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىگە باشقىلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ ئېرى يېنىدىكى چاغدا ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز روزا تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنىڭ مېلىدىن خەيرى-ئېھسان قىلىپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ يېرىمى ئېرىنىڭ بولىدۇ.

### 377) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دەۋزەخ توغرىسىدا

ئۇسامە ئىبنى زەيددىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەي-

---

[1] چۈنكى ئەرنىڭ ئىجازىتىسىز نەپلى روزا تۇتماسلىق ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر، بۇنىڭدىن ئايالغا بۇنداق روزا تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى چىقىدۇ، ئەرنىڭ ئىجازىتىسىز تۇتقان روزا دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما ئۇ گۇناكار بولىدۇ.

ھسسالام مۇنداق دىگەن: جەننەتنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ قارىسام، جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ كوپچىلىگى كەمبەغەللەر ئىكەن، بايلار بولسا ھساپ بىرىش ئۇچۇن جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا سولىنىپ تۇرۇپتۇ. دەۋزەخقە كىرىشكە تېگىشلىك بولغانلار، دەۋزەخقە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇلدى، دەۋزەخنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ قارىسام، دەۋزەخ ئەھلىنىڭ كوپچىلىگى ئاياللار ئىكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كۈن بىلەن ئاي بولسا ئاللانىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئۇلار بىرەر ئادەمنىڭ ئولۇمى ۋە ھاياتى ئۇچۇن تۇتۇلمايدۇ، ئۇلارنىڭ تۇتۇلغىنىنى كورگەن چېغىڭلاردا ئاللانى ياد ئېتىڭلار، دىدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا، مۇشۇ ئورنۇڭدا تۇرۇپ بىر نەرسىنى ئالغاندەك قىلغانلىغىڭنى، ئاندىن ئارقاڭغا داجىغىنىڭنى كوردۇق، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن جەننەتنى كوردۇم، جەننەتتىكى بىر ساپاق مىۋىنى تۇتتۇم، ئەگەر ئۇنى ئالغان بولسام، چوقۇم قىيامەتكىچە① يەيتتىڭلار، دەۋزەخنى كوردۇم، بۇگۇنكىدەك بۇنداق كورۇنۇشى سەت جاينى كورمەگەن ئىدىم، دەۋزەخ ئەھلىنىڭ كوپچىلىگىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىگىنى كوردۇم، دىدى. ساھابىلەر: نىمىشقا مۇنداق، ئى رەسۇلۇللا؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلار كۇپرىلىق قىلىدۇ، دىدى. ئاللاغا كۇپرىلىق قىلامدۇ؟ دەپ سورىغۇچىغا: ئېرىگە كۇپرىلىق قىلىدۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىگە ئومۇرۋايەت ياخشىلىق

① چۇنكى جەننەتنىڭ مىۋىسى ئۇزۇلسە، ئورنىغا يەنە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

قىلساڭ، ئاندىن سەندىن رەنجىسە، سەندىن ھەرگىز ياخشىلىق كۆرمىدىم دەيدۇ، دېدى.

## 379) ئاياللارنى ئۇرۇشنىڭ يامان ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى زەمئەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەي- ھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر ئايىلىڭلارنى قۇلنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالىماڭلار، دۇمبالاپ بولۇپ شۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن بىر توشەكتە بولۇشۇڭلار مۇمكىن.

## 380) ئاياللار ئۈستىدە قورۇش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى، ئۆزىنىڭ ئەر-ئايال بەندىسىنىڭ پاھىشە قىلىشىنى ئاللادىن ئارتۇق كۆنلەيدى- غان ئادەم يوق. ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى، سىلەر مەن بىلگەننى بىلىدىغان بولساڭلار، چوقۇم ئاز كۈلەتتىڭلار، چوقۇم كۆپ يىغلايتتىڭلار.

## 381) ئاياللارنىڭ مەسچىتكە بېرىشقا ئىجازەت سورىشى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن



由 扫描全能王 扫描创建

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىر كىشىنىڭ ئايىلى مەسچىتكە بېرىشقا ئىجازەت سورىسا، ئۇنى توسىمىسۇن.

## 382) ئايال كىشى ئېرىگە باشقا ئايالنىڭ سۈپىتىنى دەپ بېرىشى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئايال بىلەن ئايال بىر توشەكتە ياتمىسۇن، بىر توشەكتە ياتسا، ئۇ ئايال ئېرىگە ئىككىنچى ئايالنىڭ سۈپىتىنى گويا ئېرى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك دەپ بېرىپ قالىدۇ①.

① ئېرىگە ئايالنىڭ چىرايلىق تەرەپلىرىنى سوزلەپ بەرسە، ئېرى ئۇنى قويۇۋېتىپ تەرىپلەنگۈچىگە بۇزۇلۇش خەۋپى بار، ئەگەر ئۇنىڭ ئەيىپلىرىنى سوزلەپ بەرسە، غەيۋەت بولىدۇ. ئەبۇ سەئىد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئەر كىشى ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە، ئايال كىشى ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قاراشقا بولمايدۇ، ئەر بىلەن ئەر بىر توشەكتە يېتىشقا بولمايدۇ، ئايال بىلەن ئايال بىر توشەكتە يېتىشقا بولمايدۇ، دىيىلگەن. بۇ ھەدىستىن ئەر كىشى ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە، ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە، ئايال ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە ۋە ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قاراشنىڭ ھاراملىغى مەلۇم بولىدۇ. دۇرۇس، ئەر-خوتۇننىڭ ئۆزئارا بىر بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشى، ئەۋرەتنىڭ سىرتى ۋە ئىچىگە قارىغان تەقدىردىمۇ جايىزدۇر. چۈنكى ئۇ پايدىلىنىش ئورنىدۇر. لېكىن ئەۋرەتكە قاراش ياخشى ئەمەس، چۈنكى ئەۋرەتكە قاراش كورلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دىگەن ھەدىس بار. ئۇنىڭ ئىچىگە قاراش تېخىمۇ ياخشى ئەمەستۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

## 383) سەپەردىكى ئادەم ئائىلىسىگە كېچىسى قايتىپ كەلمەسلىكى توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مەدىنىگە كېچىسى يېتىپ كەلسەڭ، ئايىلىڭ سۈننەت قىلىۋالمىغىچە، بېشىنى تاراپ ئالمىغىچە ئۇنىڭ يېنىغا كىرمىگىن. جابىر يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن بالا تېپىشىڭ كېرەك، دىدى، دىگەن.

جابىر ئىبنى ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ئائىلىسىدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان بولسا، قايتىپ كەلگەندە ئائىلىسىگە كېچىسى كىرمىسۇن.

## 385) يېتىمنى باققۇچى كىشى توغرىسىدا

سەھل سائىدىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن يېتىمنى باققۇچى ئادەم بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن، دەپ كورسەتكۈچ بارمىغى بىلەن ئوتتۇرا بارمىغىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ كورسەتكەن①.

---

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوزىنىڭ دەرىجىسى بىلەن يېتىمنى باققۇچى ۋە ئاسرىغۇچىنىڭ ئارىلىغىدىكى پەرقنى كورسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماق ئارىسىدىكى پەرقچىلىك قىلىپ كورسەتكەن.



由 扫描全能王 扫描创建

## 386) ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال توغرىسىدا

ئەبى سەلەمەنىڭ قىزى زەينەپ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: جەھشىنىڭ قىزى زەينەپنىڭ قېرىندىشى ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم. زەينەپ خۇش پۇراقنى ئەكەلدۇرۇپ ئىشلەتتى، ئاندىن مۇنداق دىدى: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ خۇش پۇراققا ھاجىتىم يوق ئىدى، لېكىن رەسۇلۇللانىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ، ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئايالنىڭ ئۆلۈككە ئۈچ كېچە-كۈندۈزدىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس، ئەمما ئېرى ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭغا تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتسا بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

## 387) خەيرى-ئېھسان قىلىش ۋە نەپىقە بېرىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئى ئادەم بالىسى، خەيرى-ئېھسان قىلغىن، نەپىقە بەرگىن، شۇنداق قىلساڭ، ساڭا بېرىمەن."

ئەبى مەسئۇد ئەنسارىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان ئادەم ئائىلىنى كۈزدە تۇتقان



由 扫描全能王 扫描创建

ھالدا ئائىلىسىگە① خىراجەت قىلسا، ئۇنىڭغا سەدىقە بەرگەنىنىڭ ساۋابى بولىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: تۇل خوتۇنلارغا ۋە مىسكىنلەرگە خەيرى-ئېھسان قىلغۇچىغا ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ ياكى كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىنىڭ ساۋابى بولىدۇ.

ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن غەنىمەت قىلىنغان باغنىڭ خورمىسىنى ساتاتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئائىلىسىنىڭ بىر يىللىق ئوزۇقىنى ئېلىپ قالاتتى②.

---

① ئايلىغا ياكى بالىسىغا ياكى تۇققانلىرىغا.

② پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەرنى مەمنۇن قىلىش ۋە ئۇممەتىنىڭ ئائىلىسىگە ئوزۇق-تۈلۈك ساقلىشىنى قانۇنلاشتۇرۇش مەقسىدىدە شۇنداق قىلغان، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى "ئەتىسى ئۈچۈن بىر نەرسە يىغمايتتى" دېگەن سۆز بىلەن قارىمۇ-قارشى كەلمەيدۇ، چۈنكى بۇ سۆز مۇسۇلمانلارغا پاراۋانلىق يۈزلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالغا قارىتا ئېيتىلغان، ياكى ئۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ خۇسۇسى ئەپسى ئۈچۈن نەرسە يىغمايتتى، دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان. يۇقۇرقى سۆزدىن بېسىمدارلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئائىلىسىنى تەمىنلەش ئۈچۈن پۇل-مال يىغىش ۋە ئوزۇق-تۈلۈك ساقلاشنىڭ جايىزلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ تەۋەككۇل قىلىشقا تاقىشىدىغان يېرى يوق، چۈنكى تەۋەككۇل قىلىش دېگەن دىلنىڭ ئاللاغا بولغان ئىشەنچىدىن ئىبارەت. ئاللا خالىغان ئىش بولىدۇ، خالىمىغان ئىش بولمايدۇ،

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەي-غەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىھاجەت بولۇپ تۇرغان چاغدا بېرىلگەن سەدىقە ياخشى سەدىقىدۇر. سەدىقىنى سەن نەپىقە بېرىش ۋاجىپ بولغان كىشىلەرگە بېرىشتىن باشلا①.

## 392) ياخشى ئەمەللەرگە ياتىدىغان ئىشلار توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسام مۇنداق دىگەن: ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىڭ-لار، كېسەللەرنى يوقلاڭلار، ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىڭلار.

## 393) تاماق يېيىش ئالدىدا بىسمىللا دېيىش توغرىسىدا

ئۇمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەي-ھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە تۇرۇۋاتقان بالا ئىدىم. تاماق يەۋاتقان چاغدا قولۇم لىگەندە چېپىپ يۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى بالا، تاماق يىگەندە بىسمىللا (ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن) دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزەڭنىڭ ئالدىدىن يىگىن، دىگەن. شۇنىڭدىن بۇيان تاماق يېيىش ئۇسۇلۇم ھامان رەسۇلۇللا دىگەندەك بولۇپ كەلدى.

---

دەيدىغان ئەقىدە تىكلەنسىلا، كېسەلنى داۋالاش مەقسىدىدە داغلاشقا ئوخشاش سەۋەپ قىلىش ئىشلىرىنى ئەيىپلەشكە بولمايدۇ. تەۋەككۇل قىلدىم، دەپ سەۋەپ قىلماسلىقىقا ۋە قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

① بۇنىڭ ئىچىگە ئائىلىگە بېرىلگەن نەپىقە، بېرىلگەن سەدىقە ۋە زاكاتلار كىرىدۇ.

## 394) تاماق يېيىشلى ۋە باشقا ئىشلارنى ئوڭدىن باشلاش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغاندا، كەشنى كىيگەندە، چېچىنى تارىغاندا، مۇمكىن قەدەر ئوڭ تەرەپتىن باشلايتتى.

## 395) تاماقتىكى بەرىكەت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئىككى ئادەمنىڭ يەيدىغان تامىقى ئۈچ ئادەمگە يېتىدۇ، ئۈچ ئادەمنىڭ يەيدىغان تامىقى تۆت ئادەمگە يېتىدۇ①.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم كوپ يەيتتى، ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئاز يەيدىغان بولدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ: مومىن ئادەم بىر ئۈچەيگە يېسە (ئاز يەيدۇ دىگەن مەنىدە.—ت)، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ② (كوپ يەيدۇ دىگەن مەنىدە.—ت) دىگەن.

---

① بىر داستىخانغا جەم بولۇپ يىگەنلىكنىڭ بەرىكىتىدىن ئۇلار تويىدۇ.

② تاماق بىلەن تولغان ئاشقازاندا ھىكمەت بولمايدۇ، تاماقنى ئاز يىگەن ئادەم سۇنى ئاز ئىچىدۇ، ئۇيقۇنى ئاز ئۇخلايدۇ، ئاز ئۇخلىغان ئادەمنىڭ ئومرى بەرىكەتلىك بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 397) تاماقـقا ئولـتۇرۇش توغرىســدا

ئىبنى ئۇمەرنىڭ ئازاتـگەردىــسى نافى رىۋايەت قىلىپ مۇنـداق دەيدۇ: ئىبنى ئۇمەر تامىقىغا بىرەر مىسكىننى چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەيتتى، ئۆزى يالغۇز تاماق يېمەيتــتى. مەن ئىبنى ئۇمەرنىڭ تامىقىغا بىر كىشىنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئىدىم، ئۇ ئادەم تاماقنى كوپ يېدى، ئىبنى ئۇمەر ماڭا: ئى نافى، بۇ ئادەمنى مېنىڭ تامىقىمغا تەكلىپ قىلمىغىن①، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "مومىن ئادەم بىر ئۈچەيگە يەيدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ" دېگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى.

ئەبۇ جۇھەيفە سەۋائى رىۋايەت قىلىپ، پەيـغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنىڭ مۇنداق دېگەنـلىگىنى ئاڭـلىغان ئىـدىم دەيـدۇ: مەن تاماق يېگەندە يولىنىپ ئولتۇرۇپ يېمەيمەن②.

---

① چۈنكى ئۇنىڭـدا كوپ يېيىش ۋە ئاچكوزلۇكـتىن ئىبارەت كاپىرنىڭ سۈپىتى بار ئىدى. ئاللاتائالانىڭ مۇنۇ سوزىمۇ كوپ يېيىش كاپىرنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىگىنى تەكىتلەيدۇ: "كاپىرلار دۇنيادىن ھايۋانلاردەك بەھرىــمەن بولىدۇ ۋە يەپ ئىچىدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دەۋزەخ بولىدۇ......" (سۈرە مۇھەممەد، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ـــ ت) مومىن ئادەم تاماققا ئانچە ھېرىس ۋە ئاچكۆز كەلمەيــدۇ، ئاللا ئۇنىڭـغا بەرىكەت بېرىدۇ ـ دە، ئاز يەپلا تويىدۇ.

② ئېيتىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرسى بىر قوي ھەدىيە قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يېگەن، بىر ئەرابى ئۇنىڭغا: بۇ قانداق ئولتۇرۇش؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللا مېنى رەھىم-



由 扫描全能王 扫描创建

## 399) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماقنى كەمسىتمىگەنلىكى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقاچان تاماقنى كەمسىتمىگەن ئىدى. كۆڭلى تارتسا، يەيتتى، كۆڭلى تارتمىسا، قويۇپ قوياتتى①.

## 400) كۈمۈش يالىتىلغان قاچىدا تاماق يېيىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: يىپەك

---

دىل قىلدى، زالىم، مۇستەبىت قىلغىنى يوق، دېدى. بۇنىڭدىن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يېيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق ئولتۇرۇش مۇتەكەببىرلەرنىڭ قىلىغى بولۇپ، ئىران پادىشالىرىنىڭ ئادىتىدىن قالغان. بۇنداق بولغاندىن كېيىن تاماق يېگۈچى تىزلىنىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرسۇن، ياكى ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسۇن.

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىرسى كەلەنى پىشۇرۇپ قويغاندا، ئۇ قولىنى تارتىپ تۇرۇپ: مېنىڭ يۇرتۇمدا كەلە بولمىغاچ ئۇنى يېيىشتىن سەسكىنىمەن دېگەن. ئىبنى بەتتالنىڭ ئېيتقىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقۇرقى ئىشى ھوسنى ئەدەپكە ياتىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى تارتمىغان نەرسىنى ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى تارتىشى مۇمكىن. شەرىئەت رۇخسەت قىلغان نەرسىدە چاتاق يوق، شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر مەزكۇر كەلەدىن يېگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

رەختلەرنى ۋە تاۋار-دۇردۇنلارنى كيمەڭلار، ئالتۇن-كۇمۇش قاچىلاردا ئىچمەڭلار، ئالتۇن ۋە كۇمۇش لىگەنلەردە يىمەڭلار. چۈنكى بۇلار بۇ دۇنيادا كاپىرلارغا، ئاخىرەتتە بىزگە خاستۇر.

## 401) خورمىنىڭ بەرىكىتى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا ئولتۇراتتۇق، ئۇنىڭ ئالدىغا خورمىنىڭ يىلىمى كەلتۇرۇلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانغا ئوخشاش بەرىكەتلىك دەرەخمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ خورمىدىن ئىبارەت، دىدى.

## 402) ئەجۋە خورمىسى توغرىسىدا

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى ئەتىگەندە ئەجۋە خورمىسى (مەدىنە خورمىلىرىنىڭ بىر تۇرى. — ت) دىن يەتتە تال يىسە، ئۇنىڭغا شۇ كۈنى زەھەر ياكى سىھرى تەسىر قىلمايدۇ ①.

## 403) سامساق ۋە پىياز يىيىش توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى،

① بۇنداق بولۇشى خورمىنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللانىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ بەرەكاتىدىن، ياكى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئالاھىدە بىر تۇرلۇك خورمىنىڭ خاسىيىتىدىندۇر.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى سامساق ياكى پىياز① يەيدىكەن②، ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا ياكى مەسچىدىمىزگە يولىمىسۇن. (بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى دېيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان)

## 404) بارماقلارنى يالاش توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى يالىۋەتمىگىچە ياكى باشقىلارغا يالاتمىغىچە③ ئېرتمىسۇن.

## 405) تاماقتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا توغرىسىدا

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

---

① كۈدىگە ئوخشاش بەتبۇي نەرسىلەرمۇ بۇنىڭغا كىرىدۇ.

② بۇ ھەدىس خام بولسۇن، پىششىق بولسۇن، ھەممىگە ئومۇمى بولسىمۇ، ئەمما ئەبى داۋۇدنىڭ قارىشىچە، ئەلىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە خام پىياز بىلەن خام سامساقنى يېيىش مەنئى قىلىنغان. چۈنكى پۇشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەتبۇيى بولۇپمۇ پىيازنىڭ بەتبۇيى يوقىلىدۇ. (قەستەلانىنىڭ تولۇق شەرھىدىن ئېلىندى. — ت)

③ قولنى ئايىلى، بالىسى، خىزمەتچىسى ۋە ئۇنىڭ بەرىكىتىگە ئېتىقات قىلىدىغان شاگىرتىغا يالىتىشتىن ئىبارەت، چۈنكى شاگىرت بولغان ئادەم ئۇستازىنىڭ قايسى تامىقىدا بەرىكەت بارلىقىنى بىلمەيدۇ. «سەھىھۇلمۇسلىم»دا ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماقتىن پارىغ بولغاندا مۇنداق دەيتتى: رەببىمىز ئاللاغا كوپ، پاك، مۇبارەك، رەت قىلىنمايدىغان، تاشلاپ قويۇلمايدىغان ۋە كېرەكسىز بولۇپ قالمايدىغان ھەمدىلەر بولسۇن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان ئىدى: بىزنى تاماق بىلەن تويغۇزغان، ئۇسسۇلۇغىمىزنى قاندۇرغان ئاللاغا رەت قىلىنمايدىغان ۋە ئىنكار قىلىنمايدىغان ھەمدىلەر بولسۇن.

## 406) ئەقىقە توغرىسىدا

سەلمان ئىبنى ئامىر زەببى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئەقىقە① بېرىلىدۇ، ئوغۇل بالىغا قان② قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈڭلار.

## 407) مالنى قان ئېقىتالايدىغانلىكى نەرسىلەر بىلەن بوغۇزلاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىگى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: چىش ۋە تىرناقتىن باشقا، قان ئېقىتالايدىغان نەرسە بىلەن بىسمىللا دەپ بوغۇزلىغان

---

① يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ چېچىنى تۇنجى قېتىم چۈشۈرگەندە بوغۇزلىنىدىغان قوي، مۇھيى سۇننە مۇنداق دەيدۇ: بوۋاقنىڭ تۇغۇلغان چېغىدا چۈشۈرۈلگەن چېچى ئەقىقە دېيىلىدۇ، مۇشۇ چاچنى چۈشۈرىدىغان چاغدا ئولتۇرۇلگەن قوي كىنايە تەرىقىدە ئەقىقە دېيىلىدۇ.

② ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بالا ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلىنىدۇ.

مالنىڭ گۆشىنى ھالال بىلىپ يېسەڭ، بولۇۋېرىدۇ.

## 408) ئايالنىڭ ۋە دىدەكنىڭ بوغۇزلىغان مېلى توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازاتكەردىسى نافى بەنى سەلىمە ئايمىقلىق بىر ئادەمدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئابدۇللا نافىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: كەئب ئىبنى مالىكنىڭ بىر دىدىكى سەلئى تېغىنىڭ شەرقىدىكى بىر كىچىك تاغدا خوجايىنىنىڭ قويىنى بېقىۋاتاتتى. ئۇ بىر قوينىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر تاشنى سۇندۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قوينى بوغۇزلىدى، بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، ئۇ ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

## 409) قىرلىقلارنىڭ ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر تۈركۈم ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: قىرلىقلار بىزگە قىردىن گۆش ئېلىپ كېلىدۇ، مالنى بوغۇزلىغان چاغدا بىسمىللا دېگەنمۇ، يوقمۇ، ئۇنى ئۇقمايمىز دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: گۆشنى يەيدىغان چاغدا بىسمىللا دېۋېتىپ يەۋەرسەڭلار① بولىدۇ، دېدى.

---

① رەسۇلۇللانىڭ بۇ سۆزى ھەكىمانە ئۇسلۇپتا ئېيتىلغان، گويا ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىپتۇ: قانداق بوغۇزلانغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ سوراپ كەتمەڭلار، سىلەرگە ئەڭ مۇھىمى يېگەندە بىسمىللانى تىلغا ئېلىشىڭلاردۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ كەپنى سورىغانلار يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى.

## 410) ھايۋانلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئەزالىرىنى كېسىشنىڭ ۋە تىرىك ھايۋاننى باغلاپ قويۇپ قارىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ يامان ئىكەنلىگى توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ يەھيا ئىبنى سەئىدنىڭكىگە كىرسە، ئۇنىڭ بەنى يەھيا ئايمىغىلىق بىر خىزمەتچىسى قارىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر مىكىياننى باغلاۋاتقان ئىكەن. ئىبنى ئۆمەر مىكىياننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى يېشىۋەتكەن. ئاندىن خىزمەتچىنى ئېلىپ يەھيانىڭ يېنىغا بېرىپ: خىزمەتچىڭىزنى بۇ قۇشنى باغلاپ قويۇپ قارىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتىن توساڭ، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋاننى ياكى ئۇنىڭ غەيرىنى سولاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلغانلىغىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېگەن.

## 411) قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ گۆشنى يېيىش توغرىسىدا

سەلەمە ئىبنى ئەكۋەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەردىن كىمكى قۇربانلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ گۆشنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىمىسۇن، دېگەن. ياندۇرقى يىلى



由 扫描全能王 扫描创建

كىشىلەر: ئى رەسۇلۇللا، قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۆتكەن يىلىدىكىدەك بىر تەرەپ قىلامدۇق؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: يەڭلار، باشقىلارغىمۇ بېرىڭلار ۋە ساقلاپ يەڭلار، بۇلتۇر كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ يىلى قۇربانلىق گۆشتىن كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشىڭلارنى ئىرادە قىلغان ئىدىم، دېدى.

## 412) ھاراق ئىچىش توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: دۇنيادا ھاراق ئىچىپ ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلمىغان ئادەم ئاخىرەتنىڭ شاراپلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ.

## 413) ھاراقنى ھالال سانايدىغان كىشىلەر توغرىسىدا

ئەبى ئامىر ياكى ئەبى مالىك ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مېنىڭ ئۇممىتىمدىن زىنانى، يىپەك رەختلەرنى كىيىشنى، ھاراق ئىچىشنى، چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ھالال سانايدىغان خەلقلەر چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ.

## 414) سۈت ئىچىش ۋە نىل، فۇرات دەريالىرى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مەن سىدرەتۇلمۇنتەھا (7 - ئاسماندىكى دەرەخنىڭ ئىسمى. — ت)غا چىققىنىمدا، قارىسام، ئۇ يەردە تۆت دەريا تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۈستىدە، ئىككىسى ئاستىدا، ئۈستىدىكى ئىككىسى نىل دەرياسى بىلەن فۇرات دەرياسى، ئاستىدىكى ئىككىسى بولسا جەننەتتىكى ئىككى دەريادۇر. مېنىڭ ئالدىمغا ئۈچ جام كەلتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ بىرىدە سۈت، بىرىدە ھەسەل، يەنە بىرىدە شاراپ بار ئىدى، سۈت بار جامنى ئېلىپ ئىچتىم. ماڭا: سەن ۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭ تەبىي نەرسىنى تاللىدىڭلار، دېيىلدى.

## 415) ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش توغرىسىدا

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەيسەرە نەززالدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەزرىتى ئەلى مەسچىتنىڭ سەيناسىغا كېلىپ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچتى، ئاندىن مۇنداق دېدى: كىشىلەر ئادەمنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشىنى يامان كۆرىدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم.

## 416) قاچىغا تىنىپ ئىچىش توغرىسىدا

ئەبۇ قەتادە ھەرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرىڭلار ئىچكەن چاغدا① قاچىغا تىنىپ ئىچمىسۇن، سىلەردىن بىرىڭلار سىيگەن چاغدا

---

① سۇنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئىچكەن چاغدا.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەۋرەتنى ئوڭ قولى بىلەن ئېرتمىسۇن ۋە يۇغان چاغدا ئوڭ قولى بىلەن يۇمىسۇن.

## 417) كۇمۇش قاچىلارنى ئىشلىتىش توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىلى ئۇممۇ سەلەمە رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كۇمۇش قاچىدا① ئىچكەن ئادەمنىڭ قوسىغىدا دەۋزەخ ئوتى توگىنىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدۇ.

## 418) ئىچىلگەن بەرىكەتلىك سۇ توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم، نامازدىگەرنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالدى، ھالبۇكى بىزنىڭ يېنىمىزدا ئېشىپ قالغان ئازغىنا سۇدىن باشقا سۇ يوق ئىدى. ئۇ سۇ بىر قاچىغا قۇيۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلتۇرۇلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى سۇغا سېلىپ، بارماقلىرىنى ئېچىۋەتتى، ئاندىن: تاھارەت ئالىدىغانلار كېلىڭلار، ئاللا بەرىكەت بەردى، دىدى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كوردۇم. كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئالدى ۋە ئىچتى. مەنمۇ ئۇ سۇنى بەرىكەتلىك دەپ بىلىپ، كوپ ئىچتىم②. سالىم ئىبنى ئەبى جەئد: جابىردىن سىلەر

① ياكى ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىغىنىدەك، ئالتۇن قاچىدا.
② مۇبارەك سۇ بىلىپ، ئۇنى كوپ ئىچتىم، مۇبارەك سۇ دىگەن كوپرەك ئىچىلىپ كەتسىمۇ كەچۇرۇلىدۇ.

بۇ چاغدا قانچىلىك ئادەم ئىدىڭلار؟ دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: بىر مىڭ توت يۈز ئادەم ئىدۇق دەپ جاۋاپ بەرگەن، دەيدۇ.

## 419) ئاغرىق - سىلاقنىڭ گۇناغا كاپارەت بولىدىغانلىغى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىلى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانغا كەلگەن ھەرقانداق كوڭۇلسىزلىكنى ئاللا ئۇنىڭ گۇنايىغا كاپارەت قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بەدىنىگە بىر تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ گۇنايىغا كاپارەت بولىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانغا يەتكەن قىيىنچىلىق، كىسەللىك، غەم - غۇسسە، ئەزىيەت ۋە خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ھەتتا بەدىنىگە كىرگەن تىكەن ئۈچۈنمۇ ئاللا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ①.

---

① ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدۇ." ئەبۇ بەكرى: بۇ ئايەتتىن قارىغاندا، قانداقمۇ قۇتۇلغىلى بولىدۇ، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئەبۇ بەكرى، ئاللا سىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سەن كىسەل بولمامسەن؟ جاپا تارتمامسەن؟ غەمناك بولمامسەن؟ دىدى. ئەبۇ بەكرى: بولىمەن، دىدى. رەسۇلۇللا: ئەنە شۇلار قىلمىشلارغا بېرىلگەن جازادۇر، دىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.



由 扫描全能王 扫描创建

كەئب ئبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان ئادەم زىرائەت مايسىسىغا ئوخشايدۇ. ئۇنى شامال ئىغاڭلىتىپ تۇرىدۇ①. مۇناپىق بولسا شەمشاد دەرىخىگە ئوخشاش غادىيىپ تۇرىدۇ، بىرىپ-بىرىپ ئۇ بىر يولىلا ئورۇلىدۇ②.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى خاپىلىققا دۇچار قىلىدۇ③.

ئابدۇللا ئبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ ياتقاندا كىرسەم، ئۇ قاتتىق قىزىپ ھەرەج تارتىۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن قاتتىق قىزىۋاتىسەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاپ بىرىلەمدۇ؟ دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللا: ھەئە، مۇسۇلمان ئادەمگە ئەزىيەت يەتسىلا، ئاللا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى دەرەخنىڭ ياپراقلىرى توكۇلگەندەك توكۇۋىتىدۇ④.

---

① چۈنكى مۇسۇلمان ئادەم ئاللانىڭ پەرمانىغا بوي سۇنىدۇ، ئەگەر ئۇ ياخشىلىق كورسە، خوشاللىنىدۇ، خاپىلىق كورسە، سەۋرى قىلىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللادىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىدۇ.

② ئۇ قومۇرۇپ تاشلىنىش بىلەن ياكى قاپ بىلىدىن سۇنۇش بىلەن ئورۇلىدۇ. چۈنكى ئاللا مۇناپىقنى ئىختىيار قىلىپ يوقلىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا قىيامەتتىكى ھالى قىيىن بولسۇن ئۈچۈن دۇنيادا قۇلايلىق تۇغدۇرۇپ بىرىدۇ، ئاللا ئۇنى ھالاك قىلماقچى بولسا، قاتتىق ئۇجۇقتۇرىدۇ-دە، ئۇنىڭ ئولۇمى تىخىمۇ قىيىنلىشىش بىلەن ۋە دەرت بىلەن بولىدۇ.

③ ئۇنى گۇنالىرىدىن پاكلاپ، دەرىجىسىنى كوتىرىش ئۈچۈن، ئاللا ئۇنى دەرت-ئەلەمگە دۇچار قىلىدۇ.

④ گۇنالىرى كەچۈرۈلىدۇ دىگەن مەنىدە.



由 扫描全能王 扫描创建

## 424) كوزىدىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەمنى ئىككى كوزىدىن ئايرىسام، ئۇ ئۇنىڭغا سەۋرى قىلسا، ئىككى كوزىنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىمەن.

## 425) كىچىك بالىلارنىڭ كېسىلىنى يوقلاش توغرىسىدا

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەپ قىزىنىڭ سەكراتتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ رەسۇلۇللانى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. بۇ چاغدا مەن، سەئىد ۋە ئۇبەيلەر رەسۇلۇللانىڭ ھوزۇرىدا ئىدۇق. رەسۇلۇللا زەينەپكە: ئېلىش ۋە بېرىش ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، ئاللانىڭ دەرگاھىدا ھەرقانداق نەرسىنىڭ ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ، زەينەپ ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاپنى قىلسۇن ۋە سەۋرى قىلسۇن، دەپ جاۋاپ ئەۋەتتى. زەينەپ رەسۇلۇللانىڭ كېلىشىگە قەسەم قىلىپ، يەنە ئادەم ئەۋەتتى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە باردۇق. بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسامنىڭ قۇچىقىغا قويۇلدى، ئۇ بىئارام بولۇپ ئىڭراۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى كوزىدىن ياش تۆكۈلدى. سەئىد: ئى رەسۇلۇللا، نېمە بۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ئاللا



由 扫描全能王 扫描创建

خالىغان بەندەلىرىنىڭ دىلىغا سالىدىغان رەھمەتتۇر، ئاللا رەھمە-
دىل بەندىلىرىگىلا رەھمەت قىلىدۇ، دىدى.

## 426) كېسەل ئادەمنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى ۋە ئۇنىڭ قىلىدىغان دۇئاسى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىركىم كېسەل① بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر چوقۇم شۇنداق قىلىدىغان بولسا، مۇنداق دىسۇن: ئى ئاللا، ماڭا ھاياتلىق ياخشى بولىدىغان بولسا، مىنى ھايات قالدۇرغىن، ماڭا ماماتلىق ياخشى بولىدىغان بولسا، مىنى قەبزى روھ قىلغىن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ھىچ ئادەمنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ قىلغان ئەملى جەننەتكە ئېلىپ كىرمەيدۇ. ئى رەسۇلۇللا، سىنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭمۇ قىلغان ئەملىڭدىن ئەمەسمۇ؟ دىگۈچىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەملىمدىن ئەمەس، پەقەت ئاللانىڭ پەزلى-مەرھەمىتىگە ئېرىشىش بىلەنلا جەننەتكە كىرىمەن، توغرا يولنى كوزلەڭلار، ھەددىدىن ئاشۇرۋەتمەڭلار②، سىلەردىن بىركىم ھەرگىزمۇ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن،

---

① باشقا زىيان-زەخمەتنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.
② ئىبادەتنى كوپ قىلىپ، ئوزەڭلارنى چارچىتىپ قويساڭلار ئىبادەتتىن زېرىكىپ قالىسىلەر، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاشلاپ، تېگىشلىك ئىبادەتنىمۇ قىلالماي قالىسىلەر.

ئەگەر ئۇ ياخشى بەندە بولىدىغان بولسا، ياخشىلىغى كۆپىيىشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇ يامان بەندە بولىدىغان بولسا، تەۋبە قىلىشى مۇمكىن①، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر كېسەلنى يوقلاپ بارسا، ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا بىرەر كېسەل كەلتۈرۈلسە، مۇنداق دەيتتى: ئى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، كېسەللىكنى كۆتۈرىۋەتكىن، شىپالىق بەرگىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىسەن، پەقەت سېنىڭ بەرگەن شىپايىڭلا ئۈنۈملۈك، شۇنداق شىپالىق بەرگىنكى، كېسەللىك قالمىغاي.

## 429) كېسەلگە ئاللانىڭ شىپا بېرىدىغانلىغى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللا بىرەر كېسەلنى بەرگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا داۋاسىمۇ بىللە قوشۇپ بېرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كېسەل ئۈچ تۈرلۈك نەرسە بىلەن داۋالىنىدۇ: قان ئېلىش بىلەن، ياكى ھەسەل ئىچىش بىلەن،

---

① تەۋبە قىلىش بىلەن، زېمىستىكى ھەقنى ئادا قىلىش بىلەن، كەتكۈزۈپ قويغاننى تولدۇرۇش بىلەن تەۋبىق تېپىشى مۇمكىن.



由 扫描全能王 扫描创建

ياكى ئوت بىلەن داغلاش بىلەن. ئۇممىتىمنى داغلاپ داۋالاشتىن مەنئى قىلىمەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كېسەل ئادەمگە ۋە ھازىدارلارغا تەلبىن (كېپەك، سۈت ۋە ھەسەلدىن قىلىنىدىغان شورپا. — ت) قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: تەلبىننى كېسەل ئادەم ئىچىشنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تەلبىن سىلەرنىڭ ئىچىڭلارنى خۇددى سىلەر يۈزۈڭلارنى سۇ بىلەن يۇغاندەك يۇيىدۇ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: تەلبىن كېسەلنىڭ يۈرىكىگە ئارام بېرىدۇ، بەزى غەملىرىدىن خالاس قىلىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

## 432) بەزگەك، ۋابا، كوز تېگىش ۋە دەم سېلىش توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بەزگەك جەھەننەمنىڭ ھارارىتىدۇر، ئۇنى سۇ بىلەن ئوچۇرۇڭلار①.

ئۇسامە ئىبنى زەيددىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىرەر جايدا ۋابا يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلى-

① سۇنى ئىچىش ۋە سۇ بىلەن بەدەننى يۇيۇش كوزدە تۇتۇلىدۇ.

ساڭلار، ئۇ جايغا كىرمەڭلار، سىلەر ب... گەن
بولسا، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلى...
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا... گىش راستتۇر دىگەن ۋە بەدەن...
يىگىنە سانجىپ مەڭ چ...

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋاي...
بەر ئەلەيھىسسالام كېسەلگە، ئاللانىڭ ئىسمى...
تونجى ئادەمنى تۇپراقتىن، ئەۋلاتلىرىنى ئابى مەنىدىن...
ئاللا. سەن ئۇچۇن كېسىلىمىزنى شىپا تاپقۇزۇش ئەمرىڭ بىلەن
ئوقۇيدۇر، دەپ دەم سالاتتى.

ئەبۇ سەئىد خۇدر...
پەيغەمبەر ئەلەيھىس...
سەپەرگە چىقىپ، بىر ئەرەپ قەبىلىسىدە بىر...
دىن ئۇلار مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلىشىمۇ، قەبىلە ئەھلى ئۇلارنى
مېھمان قىلمىدى. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىغىنى چايان چېقىۋالدى،
ئۇنىڭغا ھەرقانداق چارە قىلىشىپ باقسىمۇ مەنپەئەت قىلمىدى.
قەبىلە ئەھلىدىن بىرى: سىلەرگە چۈشكەن بۇ جامائەگە بېرىپ سوراپ
باقساڭلار، چارە تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دىدى. قەبىلە ئەھلى
ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى جامائەت، باشلىغىمىزنى چايان چېقىۋال-
غان ئىدى، ھەممە چارىلەرنى قىلىپ كورسەكمۇ مەنپەئەتى بولمىدى،
سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇنىڭغا چارە قىلالايدىغان كىشى بارمۇ؟ دەپ



由 扫描全能王 扫描创建

ساڭلار، ئۇ جايغا كىرمەڭلار، سىلەر بار جايدا ۋابا يۈز بەرگەن بولسا، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كوز تېگىش راستتۇر دېگەن ۋە بەدەنگە يىڭنە سانچىپ مەڭ چىقىرىشنى مەنئى قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەلگە، ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، تۇنجى ئادەمنى توپراقتىن، ئەۋلاتلىرىنى ئابى مەنىيدىن ياراتقان ئاللا، سەن ئۇچۇن كېسىلىمىزنى شىپا تاپقۇزۇش ئەمرىڭ بىلەن ئوڭايدۇر، دەپ دەم سالاتتى.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر بولەك كىشى سەپەرگە چىقىپ، بىر ئەرەپ قەبىلىسىگە بېرىپ چۈشتى. بۇ قەبىلىدىن ئۇلار مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، قەبىلە ئەھلى ئۇلارنى مېھمان قىلمىدى. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنى چايان چېقىۋالدى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق چارە قىلىشىپ باقسىمۇ مەنپەئەت قىلمىدى. قەبىلە ئەھلىدىن بىرى: سىلەرگە چۈشكەن بۇ جامائەگە بېرىپ سوراپ باقساڭلار چارە تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دېدى. قەبىلە ئەھلى ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى جامائەت، باشلىقىمىزنى چايان چېقىۋالغان ئىدى، ھەممە چارىلەرنى قىلىپ كورسەكمۇ مەنپەئەتى بولمىدى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇنىڭغا چارە قىلالايدىغان كىشى بارمۇ؟ دەپ



由 扫描全能王 扫描创建

سورىدى. ئۇلاردىن بىرى: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن چوقۇم دەم سالىمەن، لېكىن سىلەردىن مېھمان بولۇشنى تەلەپ قىلساق، بىزنى مېھمان قىلمىدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ھەق تولىمىگىچە دەم سالمايمەن، دېدى. شۇنداق قىلىپ، دەم سېلىپ قويۇش ھەققىگە ئوتتۇز قوي تولەشكە سوزلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەبىلە باشلىقىغا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ ھۈرۈپ قويدى، قەبىلە باشلىقى گويا باغلاقلىق يەردىن يېشىۋېتىلگەندەك ساپ-ساق بولۇپ مېڭىپ كەتتى، ۋەدىلەشكەن ئوتتۇز قويىنى ئۇنىڭغا بەردى. ساھابىلەر-نىڭ بەزىسى قويىنى تەقسىم قىلىڭلار، دېۋىدى، دەم سالغان ئادەم: ئۇنداق قىلماڭلار، رەسۇلۇللانىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغىغا قاراپ بىر ئىش قىلايلى، دېدى. ئۇلار رەسۇلۇللاغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سۈرە فاتىھەنىڭ كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلدىڭ؟ توغرا قىلىپسىلەر، قويلارنى تەقسىم قىلىڭلار، ماڭىمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئۈلۈش تەقسىم قىلىپ قويۇڭلار①، دېدى.

## 437) كاھىنلىق، كېسەلنىڭ يۇقۇشى ۋە زەھەر ئىچىش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇكى، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كاھىنلار توغرىلىق سورىغان

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى خوشال قىلىش، ئۇنىڭ ھالاللىقىنى ئۇلارغا تېخىمۇ تونۇتۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، دېدى. كىشىلەر: ئى رەسۇلۇللا، بەزىدە ئۇلارنىڭ بىزگە دېگىنى توغرا كېلىپ قالىدىغۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلار توغرا چىقىپ قالغان شۇ راست سۆزنى پەرىشتىلەردىن ئاڭلىۋال-غان جىندىن ئالىدۇ، جىن ئۇ سۆزنى دوستى كاھىنغا ئېيتىپ بېرىدۇ. كاھىن ئۇ سۆزگە يۈز يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ تارقىتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كېسەل توگىلەرنى ساق توگىلەرگە قوشماڭلار①.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلۈۋالسا، ئۇ دوزاختا تاشلىنىپ تۇرغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ. كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالسا، ئۇ ئىچىپ ئۆلگەن زەھەرنى قولىدا تۇتۇپ، دوزاختا ئۇنى سۈمۈرگەن ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ. كىمكى ئۆزىنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا، تىغنى قولىدا تۇتۇپ، دوزاختا ئۇنى قوسىغىغا سانچىغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ.

## 440) كىيىم-كېچەك ۋە تەكەببۇرلۇق توغرىسىدا

ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئېيتقىنكى، ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە

① چۈنكى كېسەل يۇقۇشى مۇمكىن، بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ماخاۋ كېسىلىدىن يولۋاستىن قاچقاندەك قاچقىن، دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. ھەممە ئىش ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

يېتىشتۇرۇپ بەرگەن زىننىتى① (ئىنسان ياسىنىدىغان ھالال كىيىم ـ كېچەك ۋە خۇش پۇراق نەرسىلەر. ــ ت)نى كىم ھارام قىلدى...“ (سۈرە ئەراف، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ــ ت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئىسراپ قىلماي، چوڭچىلىق قىلماي يەڭلار، ئىچىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئىسراپچىلىق، چوڭچىلىق قىلمايدىغانلا بولساڭ، خالىغىنىڭنى يىسەڭ ۋە خالىغىنىڭنى كىيسەڭ، بولىۋېرىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: چاپاننىڭ ئۇزۇنلۇغى ئىككى ئوشۇقتىن ئېشىپ كەتسە، ئوشۇقنىڭ تۆۋىنى دەۋزەختە ئازاپلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىر ئادەم② تون كىيىپ، چېچىنى تاراپ، ئۆزىگە تەمەننا قىلىپ يۈرەتتى، ئاللا ئۇنى يەرگە يۇتقۇزۇۋەتتى، ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە زىمىننىڭ تەھتىگە چوكۇپ بارىدۇ.

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى، بىر ئاللادىن باشقا ھىچ

---

①يەردىن چىقىدىغان پاختا ۋە پىلە قۇرۇتىدىن چىقىدىغان يىپەك قاتارلىقلار. ئالتۇن بىلەن يىپەك رەختلەرنى ئەرلەرنىڭ ئىستىمال قىلىشىغا بولمايدۇ. ھەدىس بولمىغان بولسا، ئۇلارمۇ مۇشۇ ئايەتنىڭ دائىرىسىگە كىرەتتى.

② بۇ يەردە قارۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

مەبۇد يوق، دىگەن هالدا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، كېچىدە پىتنىلەردىن قايسىلىرى نازىل بولدى، ئاللانىڭ غەزنىلىرىدىن نىملەر نازىل بولدى، هوجرا ئىگىلىرىنى (پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى كوزدە تۇتۇلدۇ.—ت) كىم ئويغىتىدۇ، دۇنيادا رەڭگا-رەڭ كىيىملەرگە① ئورالغان نۇرغۇن ئاياللار قىيامەت كۇنى ياپ-يالىڭاچ بولۇپ قالىدۇ②. ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ بىرىنى تاللىشىغا ئىختىيار بېرىپ مۇنداق دىگەن: "ئى پەيغەمبەر، ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر باياشات ياشاش ئۇچۇن خاراجەت تىلەيدىغان بولساڭلار ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننىتىنى تىلەيدىغان بولساڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە نەپەقە بېرىپ، هىچ زىيان-زەخمەتسىزلا سىلەرنىڭ خېتىڭلارنى بېرىۋېتىمەن، ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئەمرىمدە قېلىپ، ئاللانىڭ ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقىنى تىلەيدىغان ۋە ئاخىرەتنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىنى تىلەيدىغان بولساڭلار، سىلەردىن ئاللانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلغانلارغا ئاللا چوڭ ساۋاپ هازىرلىدى③."

(سۇرە ئەهزاب، 28-، 29-ئايەتلەر. —ت)

---

① بەدەن كورۇنۇپ تۇرىدىغان، يۇقا كىيىملەر ياكى يۇزۇر كىيىملەر كوزدە تۇتۇلىدۇ.

② قىپ-يالىڭاچلىقنىڭ نومۇسىغا قالىدۇ، ياكى ساۋاپلاردىن يالىڭاچلىنىپ قالىدۇ دىگەن مەنىدە.

③ ئۇلۇغ ئاللا راست ئېيتتى، يەنى سىلەرگە (پەيغەمبەر ئاياللىرىغا) سىلەرنىڭ دۇنيانىڭ نازۇ-نېمەت ۋە زىبۇ-زىننەتلىرىنى تەرك ئېتىشىڭلار بەدىلىگە جەننەتنى تەييارلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى دۇنيادىن ئاخىرەتنى ئارتۇق بىلدى، ئۇلار دۇنياغا قىزىقماس ئىدى، هەتتا ئائىشەگە بەيتۇلمال (دولەت غەزنىسى. —ت)دىن سەكسەن مىڭ دىرهەم (كۇمۇش پۇل)



由 扫描全能王 扫描创建

## 444) بورىدا ئولتۇرۇش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى بىر بورىنى دالىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيتتى، كۈندۈزى ئۇنى تېگىگە سېلىپ ئولتۇراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. بۇنداقلارنىڭ سانى كۆپەيدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە قاراپ: ئى جامائەت، سىلەر كۈچۈڭلار يېتىدىغان ئىبادەتلەرنى قىلىڭلار، سىلەر ئىبادەتتىن مالال بولۇپ قالمىغىچە، ئاللا سىلەرنىڭ ئىبادىتىڭلارنى قوبۇل قىلىشتىن مالال بولۇپ قالمايدۇ، ئاللا ئۈچۈن ئىبادەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ تۇرغان ئىبادەتتۇر، دىگەن.

## 445) ئاياللاردەك بولۇۋالغان ئەرلەر توغرىسىدا

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللاردەك بولۇۋالغان ئەرلەرگە ۋە ئەرلەردەك بولۇۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلغان.

---

كىرگۈزۈپ بېرىلگەندە، ئۇ دىدىگىنى بۇيرۇپ، بىر ئولتۇرۇشتىلا ئۇنى تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتكەن، بېرىپ بولۇپ، روزىدار ئائىشە قارىسا، ئوزى ئىپتار قىلغۇدەك بىر نەرسە قالمىغان. (ئاللا بىزگە تەۋپىق بەرسۇن ۋە ھىدايەت قىلسۇن، بىزنى دۇنيانىڭ ۋە ئۇنىڭ زىبۇ-زىننىتىنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلىسۇن، بىزنى زاھىد، تەقۋىدارلاردىن قىلسۇن، ئاللا ھەممىگە قادىردۇر.)

## 446) بۇرۇتىنى قىرقىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەش تۈرلۈك ئىش سۈننەت ھېساپلىنىدۇ، بۇ ئىشلار خەتنە قىلىش، سۈننەت قىلىش (ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرىنى تازىلاش. — ت)، بۇرۇتىنى قىرقىش، تىرناق ئېلىش ۋە قولتۇق ئاستىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇشتىن ئىبارەت.

ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەجۇسىلارنىڭ قىلغىنىنىڭ ئەكسىنى قىلىپ، ساقىلىڭلارنى قويۇپ بېرىڭلار، بۇرۇتۇڭلارنى قىرقىڭلار، دېگەن. ئىبنى ئۇمەر ھەج قىلغان ياكى ئۇمرە قىلغان (ھەج ۋاقتىنىڭ سىرتىدا ھەج پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش. — ت) چاغدا، ساقىلىنى تۇتاملاپ بېقىپ، تۇتامدىن ئېشىپ كەتكىنىنى ئېلىۋېتەتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: يەھۇدىلار ۋە ناسارالار، دەرۋەقە، ساقاللىرىنىڭ ئاقلىرىنى بويىمايدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ ئەكسىنى قىلىڭلار①.

## 449) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت

---

①ساقىلىڭلارنىڭ ئاقلىرىنى سېرىق ياكى قىزىل بوياڭلار دېگەن مەنىدە.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بويى هەددىدىن ئارتۇق ئېگىز ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس ئىدى، رەڭگى تاپ-تات ئاقمۇ ئەمەس، بۇغداي ئۆڭلۈكمۇ ئەمەس ئىدى، چېچى بۇدرە① ۋە قىسقىمۇ ئەمەس، ئۇزۇنى تاشلاپ تۇرىدىغان يۇمشاقمۇ ئەمەس ئىدى. ئاللا ئۇنى قىرىق يېشىدا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، مەككىدە ئون يىل تۇردى، مەدىنىدە ئون يىل تۇردى. ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاتمىش ياشتىن ئاشقاندا② ئالەمدىن ئۆتتى. ۋاپات بولغان چاغدا ئۇنىڭ بېشىدا ۋە ساقىلىدا يىگىرمە تالمۇ ئاق يوق ئىدى.

## 450) چاچنى تاراش توغرىسىدا

سەھل ئىبنى سەئىددىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قوراسىغا يوچۇقتىن قارىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تاغاق بىلەن چېچىنى تاراۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: ئەگەر سېنىڭ ماڭا قارايدىغانلىقىڭنى بىلسەم، ئەلۋەتتە بۇ تاغاقنى كوزەڭگە سانچىۋېتەتتىم، قوراغا كىشىلەرنىڭ كوزى چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن③، ئىجازەت بىلەن كىرىش يولغا قويۇلغان، دېگەن.

---

① چاچنىڭ ئىگىرلارنىڭ چاچلىرىدەك غۇژمەك بولۇۋېلىش...
② پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاتمىش ئۈچ يىل ئۇمۇر ك...
③ قورادىكىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىگە غەيرى ئادە... كوزى چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن.

## 451) رەسىم سىزغۇچىلارنىڭ ئازاپقا قالىدىغانلىقلىرى ۋە سىزىلغان رەسىملەرنى بۇزۇۋېتىش توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئاللانىڭ دەرگاھىدا قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازاپقا قالىدىغانلار جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزغۇچىلار①.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدە جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىمى بار بىرەر نەرسىنى كۆرسىلا، ئۇنىڭ رەسىمىنى بۇزۇپ تاشلايتتى②.

---

① بۇلار جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرەت ۋە ھەيكەللىرىنى ياساشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، مەقسەتلىك ھالدا بۇلارنى چوقۇنۇش ئۈچۈن سىزىدۇ ياكى ئويۇپ ياسايدۇ، ئۇلار ئاللاغا كۇپرىلىق قىلغانلىقىدىن، پىرئەۋن كىرگەن دەۋزەخقە كىرىدۇ، چوقۇنۇشنى مەقسەت قىلماي ياسىغانلار بولسا، كاپىر بولماي، پەقەت ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: ئۆلىمالار جاندارلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشنى قاتتىق ھارام دىگەن، بۇ گۇنايى كەبىرىگە كىرىدۇ. مەيلى ئۇلارنى ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ياكى ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە سىزسۇن، مەيلى كىيىم-كېچەك، بىسات، تەنگە، تىللا، يارماق، قاچا-قۇچا ۋە تامغا ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە سىزسۇن، ئوخشاشلا ھارامدۇر، جاندارلاردىن باشقىنىڭ رەسىمىنى سىزىش ھارام ئەمەس.

② رەسىم بار نەرسىنى سۇندۇرۇپ تاشلايتتى، ياكى ئۇنىڭدىكى رەسىمنى بۇزۇۋېتەتتى. جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرى بار ئۆيگە كىرىش مەسىلىسىدە ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت، كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇنداق ئۆيگە كىرىشنى مەكرۇھ سانايدۇ. ئەبۇ مۇھەممەد بۇنى ھارام سانايدۇ. ئەگەر رەسىم مۇنچىنىڭ



由 扫描全能王 扫描创建

نەزرى ئىبنى ئەنەسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەسىلە سورايتتى. بىرەر ئادەم ئىبنى ئابباستىن مەسىلە سورىغاندىلا، ئۇ ئاندىن رەسۇلۇللانىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى ھەدىسىنى بايان قىلىپ بېرەتتى. رەسىم سىزىش توغرىلىق سورىغان ئادەمگە ئۇ مۇنداق دىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، كىمكى دۇنيادا جانلىق نەرسىنىڭ رەسىمىنى سىزىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈشكە زورلىنىدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزەلمەيدۇ①.

---

تېشىدا ۋە ئۇنىڭ كارىدورلىرىدا بولسا، ئۇنىڭغا كىرىش ھارام بولمىغىنىدەك، قورانىڭ ئىچىدە بولماي، ئۇنىڭ يولىدا بولسىمۇ ئۇنىڭغا كىرىش ھارام ئەمەس. چۈنكى يولدىكى رەسىم ھورمەتلەنمەيدۇ، ئۆينىڭ تۆرىدىكى رەسىم ھورمەتلىنىدۇ. يۇقۇرقى سوزلەردىن ئۆينىڭ تۆرىسىغا، تېمىغا تىزىپ قويۇلغان تەكىيە-ياستۇققا، ئېسىپ قويۇلغان پەردىگە، كىيىۋاتقان كىيىم-كېچەككە سىزىلغان جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنىڭ مەكرۇھلۇغى چىقىدۇ، يەرگە ۋە يەرگە سېلىنىدىغان بىساتقا، باشقا قويۇلىدىغان، يۆلىنىدىغان تەكىيە-ياستۇققا سىزىلغان رەسىملەرنىڭ، باشلىرى كېسىۋېتىلگەن رەسىملەرنىڭ، دەرەخلەرنىڭ رەسىملىرىنىڭ دۇرۇسلۇغى چىقىدۇ. تاملارغا، ئوگزىلەرگە ۋە يەرگە ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ۋە ئۇلارنى كىيىم-كېچەكلەرگە چۈشۈرۈش ھارام قىلىندى. كىمكى يۇقۇرىدىكى رەسىملەرنى سىزىدىكەن، ئۇ رەھمەت پەرىشتىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشىدىن، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىدىن ۋە ئىستىغفار ئېيتىشىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

① بۇنداق ئادەم دەۋزەختە مەڭگۈ ئازاپتا قالىدۇ، رەسىم سىزىشنى ھالال ئېتىقات قىلىپ سىزغان ئادەم شۇنداق بولىدۇ. جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشنى ھارام ئېتىقات قىلىپ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇشنى مەقسەت قىلماي تۇرۇپ سىزسا، گۇناكار ھىساپلىنىپ، تېگىشلىك جازاسىنى تارتقاندىن كېيىن



由 扫描全能王 扫描创建

## 454) ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادەم توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللا، مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاناڭ، دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاناڭ، دېدى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاناڭ، دېدى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاندىن قالسا ئاتاڭ، دېدى.

## 455) جىھادقا ئاتا-ئانىنىڭ رۇخسىتى بىلەن چىقىش توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم كېلىپ، جىھادقا چىقاي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: ئاتا-ئاناڭ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ، ئاتا- ئانام بار دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا، ئاتا-ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلغىن①، دېدى.

---

دەۋزەختىن قۇتۇلىدۇ. بۇ ھەدىستىن مەقسەت ئاللاغا كۇپرىلىق قىلىش بىلەن رەسىم سىزغان ئادەمنى ئۇنىڭ قىلمىشىدىن قاتتىق چەكلەشتۇر. ھازىرقى زاماندا قوللىنىۋاتقان فوتو ئاپارات بىلەن رەسىم تارتىش ئىلىم مەرىپەتكە، ئامانلىققا ۋە تارىخقا خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ دۇرۇس دېيىلىپتۇ.

① قايتىپ كېتىپ ئاتا-ئاناڭغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلغىن، ئاتا-ئاناڭغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭ كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلغانىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 456) كىشىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى تىللىماسلىقى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىشىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى قاغىشى ئەڭ زور گۇنا ھېساپلىنىدۇ، دېگەن. ئى رەسۇلۇللا، كىشى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قانداقمۇ قاغايدۇ؟ دېگەن كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىر ئادەم بىراۋنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ-دە، ئۇ ئادەممۇ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللايدۇ①، دېگەن.

## 457) ئايالنىڭ ئۆز ئانىسىغا سىلە-رەھىم قىلىشى توغرىسىدا

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيش خەلقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىسىدا ھۇدەيبىيە سۇلھى تۈزۈلگەن مەزگىلدە ئانام مۇشرىك تۇرۇپ ئاتىسى بىلەن مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى سوراپ مېنىڭ ئانام مەندىن ياخشىلىق ئۈمىت قىلىپ مەدىنىگە كېپتۇ، ئۇنىڭغا سىلە-رەھىم قىلسام بولامدۇ؟، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بولىدۇ، ئاناڭغا سىلە-رەھىم قىلغىن②،

---

① ئاتا-ئانىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تىللىنىشىغا سەۋەپ بولۇش ئەڭ چوڭ گۇنا ھېساپلىنىدىغان تۇرسا، ئۇلارنى ئاشكارا قاغاش ۋە تىللاش تېخىمۇ چوڭ گۇنا سانىلىدۇ.

② بۇنىڭدىن مۇشرىك بولغان ئانىغا سىلە-رەھىم قىلىشنىڭ توغرىلىقى چىقىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 458) سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىنىڭ گۇنايى، بالىغا كويۇنۇش ۋە ئۇزئارا كوڭۇل بولۇش توغرىسىدا

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيـ. ھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان: سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ①.

ئەئمەشتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، (بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايىتىنى ھەسەن ۋە فىترلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلايدۇ)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: باشقىلارنىڭ سوغا قىلىپ بەرگەن نەرسىگە يارىشا سوغا قايتۇرغان ئادەم سىلە ـ رەھىم قىلغان بولمايـ. دۇ، قارشى تەرەپتىن سىلە ـ رەھىم ئۈزۈپ قويۇلسىمۇ، قارشى تەرەپـ. كە سىلە ـ رەھىم قىلغان ئادەم سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى ھىساپلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايلى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋا. يەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: يېنىمدا ئىككى قىزى بار بىر ئايال مەندىن نەرسە تىلەپ كەلدى، مېنىڭ يېنىمدا ئاران بىردانە خورما بار ئىدى، بۇ خورمىنى ئۇنىڭغا بەرسەم، خورمىنى ئۇ ئىككى پارچە قىلىپ قىز-

---

① سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى سەۋەپسىز ۋە شۇبھىسىز ھارام سانىغۇچى ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ، ياكى جەننەتكە بۇرۇن كىرگۈچىلەر بىلەن كىرەلمەيدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

لىرىغا بىردىن بەردى، ئاندىن قوپۇپ چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، ئۇ: كىمكى① بۇ قىزلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلسا، ئۇلار ئۇنىڭغا دەۋزەختىن دالدا بولىدۇ②، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئەرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سىلەر كىچىك باللارنى سۆيىدىكەنسلەر، بىز سۆيمەيمىز، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سېنىڭ قەلبىڭدىن ئاللا رەھىمدىللىقنى كۆتىرىۋەتكەن تۇرسا، مەن ئۇنى سېنىڭ دىلىڭغا سالالامتىم، دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەننى سۆيگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئەقرە ئىبنى ھابىس تەمىمى ئولتۇراتتى. ئەقرە: مېنىڭ ئون بالام بار، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى سۆيگەن ئەمەسمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ قويغاندىن كېيىن: ئىچى ئاغرىمىغان ئادەمگە ئاللانىڭ ئىچى ئاغرىمايدۇ، دېدى.

---

① ئۇلارنى باققان، تۇرمۇشلۇق قىلغان ۋە ياخشى تەربىيلەپ ئۇستۇرگەن ئادەم.

② ئوغۇللارنىڭ ئەكسىچە، قىزلار كۆپىنچە ئۇزلىرىنىڭ ھوددىسىدىن چىقىشتىن ئاجىز بولغانلىقى ئۇچۇن، بۇ ھەدىستە قىزلارنىڭ ھەققى تەكىتلىنىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئاللا رەھىمدىللىقنى يۈز ھەسسە قىلىپ، توقسان توققۇزىنى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ، بىرىنى زىمىنغا چۈشۈرگەن، پۈتۈن مەخلۇقات ئۆزئارا مېھرى-شەپقەت قىلىشى ھەتتا ئاتنىڭ ئۆز بالىسىنى دەسسىۋەتمەسلىك ئۈچۈن تۇۋىغىنى كوتىرىپ تۇرۇشمۇ ئەنە شۇ بىر ھەسسىدىندۇر.

ئامىر شەئبى نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مومىنلەر بىر بىرىگە رەھىمدىل بولۇشتا، بىر بىرى بىلەن دوستلىشىشتا، بىر بىرىگە ياردەمدە بولۇشتا ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن بەدىنىگە ئوخشايدۇ. ئىنساننىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەن بىئارام بولىدۇ ۋە قىزىيدۇ.

## 465) ھەقەمسايىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشنىڭ گۇنايى ۋە ھەقەمسايىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ شۇرەيھ خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كامىل مومىن بولغان بولمايدۇ، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كامىل مومىن بولغان بولمايدۇ، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كامىل مومىن بولغان بولمايدۇ، دىگەن. بەزىلەر ئۇنىڭدىن: ئى رەسۇلۇللا، كىم كامىل مومىن بولغان بولمايدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: ھەقەمسايىسىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ئۇزىنى ساقلىمىغان ئادەم، دىگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جىبرىل ماڭا ھەقەمسايىغا ياخشىلىق قىلىشنى① ئېيتىۋەرگەچكە، ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە جىبرىل ھەقەمسايىنى ھەقەمسايىگە مىراسخور قىلىدىغۇ دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ھەقەمسايىسىگە ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن؛ كىمكى ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، مېھمىنىنى ھورمەتلىسۇن؛ كىمكى ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى سوز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلىپ تۇرسۇن.

## 468) ياخشى ئىش ۋە ياخشى سوزنىڭ ھەممىسى سەدىقە ھېساپلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ياخشى ئىشلار، ياخشى سوزلەر سەدىقە ھېساپلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

① ھەقەمسايە، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كاپىر بولسۇن، تەقۋادار بولسۇن، مەيلى پاسىق بولسۇن، دوست بولسۇن، مەيلى دۈشمەن بولسۇن، زىيان يەتكۈزگۈچى بولسۇن، مەيلى پايدا يەتكۈزگۈچى بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇنىڭغا كىرىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ياخشى سۆز سەدىقە ھېساپلىنىدۇ.

## 470) ھەممە ئىشتا مۇلايىم بولۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يەھۇدىيلار-دىن بىر توپ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىرىپ: ئەسسامۇئەلەيكۇم (سىلەرگە ئۆلۈم تىلەيمەن) دېدى (سام دېگەن ئۆلۈم مەنىسىدە، سالام دىگەن ئامانلىق مەنىسىدە كېلىدۇ، ئەمما تەلەپپۇز جەھەتتىن سام بىلەن سالام دىگەن سۆز بىر بىرىگە يېقىن. — ت)، مەن ئۇنى چۈشىنىپ، سىلەرگىمۇ ئۆلۈم ۋە لەنەت بولسۇن، دېدىم. رەسۇلۇللا: ئى ئائىشە، ئۆزەڭنى بېسىۋالغىن، ئاللا ھەممە ئىشتا مۇلايىملىقنى ياقتۇرىدۇ، دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللا، ئۇلارنىڭ نېمە دىگەنلىگىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دېدىم. رەسۇلۇللا: سىلەرگىمۇ شۇنى تىلەيمەن دېدىمغۇ، دېدى.

## 471) خەيرلىك ئىشلار ئۈستىدە شاپائەت قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر كىشى بىر نەرسە سوراپ كەلسە، ياكى بىرەر ھاجەتمەن كەلسە، ئۇ: ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ساۋاپ تاپىسىلەر، ئاللا پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق نېمىنى خالىسا، شۇنى ھۆكۈم قىلىدۇ، دەيتتى.



由 扫描全能王 扫描创建

## 472) پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بەتئەخلاق ئەمەسلىگى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاغزى يامان بەتئەخلاق قاغىغۇچى ئەمەس ئىدى، بىرىمىزگە كايىغان چېغىدا: ئۇ نىمە بولدى؟ پىشانىسى توپا بولسۇن①، دەيتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى كورگەن چېغىدا، بۇ نىمە دىگەن يامان قەبىلە باشلىغى، نىمە دىگەن يامان قەبىلە ئادىمى②، دىدى. ئۇ ئولتۇرغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خوشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئائىشە: ئى رەسۇلۇللا، ئۇ ئادەمنى كورگەن چېغىڭدا مۇنداق-مۇنداق دىدىڭ، ئاندىن ئۇنىڭغا خوشاللىق بىلەن ئوچۇق چىراي ئاچتىڭ، دىگەندە، رەسۇلۇللا: ئى ئائىشە، مىنى قاچان بەتئەخلاق بىلگەن ئىدىڭ؟ قىيامەت كۇنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ يامان ھالغا قالىدىغان ئادەم

---

① بۇ ئەرەپلەرنىڭ ئادىتىدە بىرەر كىشىگە كايىغان چاغدا ئىيتىلىدىغان سوز بولۇپ، ھەقىقەتتە قاغاش مەنىسىدە ئەمەس، پەيغەمبەرنىڭ مۇنداق دىگىنى ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلغاندا پىشانىسى توپا بولسۇن دىگىنى. (قەستەلانى)

② چۈنكى ئۇ مۇناپىق ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇزىنىڭ يامانلىغى تۈپەيلىدىن كىشىلەر قاچىدىغان ئادەمدۇر، دىگەن.

## 474) گۈزەل خۇلق ۋە سېخىلىق توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ گۈزەل، ئەڭ سېخى ۋە ئەڭ قەھرىمان ئىدى. بىر كېچىسى مەدىنە خەلقى قورقۇپ كېتىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئاتلانغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋاز چىققان تەرەپكە كىشىلەردىن بۇرۇن ئاتلانغان بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇ، كىشىلەرگە قورقماڭلار، قورقماڭلار، دەپ كېلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبى تەلھەنىڭ ئىگەرسىز يالىڭاچ ئېتىغا مىنىۋالغان، قىلىچى بويىنىغا ئېسىقلىق ئىدى. ئۇ: ئات دەريانىڭ سۈيىدەك تېز ماڭىدىكەن دىگەن ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: زامان قىسقىرايدۇ①، تائەت-ئىبادەت كېمىيىدۇ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا بېخىللىق سېلىنىدۇ، پىتنە-پاسات كۆپىيىدۇ، دىگەن. پىتنە-پاسات دىگەن نىمە؟ دىگۈچىلەرگە رەسۇلۇللا: ئۇ-قىرغىنچىلىق، قىرغىنچىلىق دەپ جاۋاپ بەرگەن.

---

① كىشىلەرنىڭ ئۆمرى قىسقىرايدۇ، ياكى دولەتلەر تېز مۇنقەرز بولىدۇ، دىگەن مەنىدە.



由 扫描全能王 扫描创建

## 476) ئاللا ئۇچۇن دوست بولۇش توغرىسىدا، تىللاش ۋە قاغاش توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر ئادەم كىشىنى دوست تۇتۇشتا ئاللا ئۇچۇن دوست تۇتمىسىچە، ئاللا كۇپرىدىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن كۇپرىغا قايتىشتىن ئوتقا تاشلىنىشنى ياخشى كورمىگىچە ۋە ئاللا بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن ئارتۇق سۆيمىگىچە، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولمايدۇ.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: كىمكى يەنە بىر ئادەمنى پاسىق ۋە كاپىر دەپ تىللايدىكەن، تىللانغان ئادەمدە مەزكۇر سۈپەتلەر بولمىسا، بۇ تىللىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە يېنىپ قالىدۇ①.

① ئەگەر تىللانغان ئادەمدە شۇ سۈپەت بولىدىغان بولسا، تىللىغۇچىنىڭ گېپى راست بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە يانمايدۇ. ئەگەر يۇقۇرقىدەك سۆزلەر بىلەن كىشىنى كەمستىشنى ۋە ئۇنىڭغا ئازار بېرىشنى كۆزلىگەن بولسا، بۇنداق قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى ئەيىپلەنگۈچىنىڭ ئەيىبىنى يېپىشقا ۋە ئۇنىڭغا چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈشكە بۇيرۇلغان، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلىش ھارام قىلىنغان. چۈنكى ئۇنىڭغا قىلىنغان قوپاللىق ئۇنىڭ يولدىن چىقىشىغا، شۇ ئىشتا چىڭ تۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشنى ياكى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش بىلەن باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشنى كۆزلىگەن بولسا، بۇنداق قىلىش جايىزدۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبى قەلابە رىزۋان دەرىخىنىڭ يېنىدا ئوتكۇزۇلگەن بەيئەتكە هازىر بولغانلار ئارىسىدىكى سابىت ئىبنى زەهھاكتىن رىۋايەت قىلىدۇ، سابىت ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئىسلام دىنىدىن غەيرى دىندىكىلەردەك بولۇپ كېتىش بىلەن قەسەم قىلسا①، ئۇ قەسەم قىلغىنىدەك بولىدۇ. كىشى ئوز ئىگىدارچىلىغىدا بولمىغان نەرسە بىلەن نەزىر قىلسا②، هساپ بولمايدۇ. كىمكى دۇنيادا ئوزىنى بىر نەرسە بىلەن ئولتۇرىۋالغان بولسا، قىيامەت كۇنى ئۇنىڭغا شۇنىڭ بىلەن ئازاپ قىلىنىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلمانغا لەنەت قىلىدىكەن، ئۇنى ئولتۇرگەندەك بولىدۇ③. كىمكى بىر مۇسۇلماننى كاپىر دەپ قارىلايدىكەن، ئۇنى ئولتۇرگەندەك بولىدۇ.

## 479) سۇخەنچىلىك ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك توغرىسىدا

هوزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سۇخەنچى ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ.

---

① مەسىلەن، يالغاندىن، مۇنداق قىلسام يەھۇدى بولۇپ كېتەي ياكى خىرىستىيان بولۇپ كېتەي دېگەنگە ئوخشاش سوزلەرنى قىلسا.

② مەسىلەن، ئەگەر ئاللا كېسىلىمگە شىپالىق بەرسە، پالانىنىڭ قۇلىنى ئازات قىلىمەن ياكى پالانىنىڭ قوراسىنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىمەن دېگەندەك سوزلەرنى قىلسا.

③ هاراملىق جەھەتتىن ياكى جازالىنىش جەھەتتىن ئادەم ئولتۇرگەندەك بولىدۇ. چۈنكى لەنەت قىلىش دېگەن ئاللانىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇشتۇر، ئولتۇرۇش دېگەن هاياتتىن يىراقلاشتۇرۇشتۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئۇلارغا بىر يۈزى بىلەن، بۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمە ئادەم قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئادەملەرنىڭ يامىنى بولۇپ قالىدۇ①.

## 481) مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆز ئەيىۋىنى يوشۇرۇشى ۋە مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئۇممىتىمنىڭ ھەر بىرىنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ، گۇنانى ئاپ-ئاشكارا قىلغۇچىلارنىڭكى بولسا كەچۈرۈلمەيدۇ②. بىر ئادەم كېچىسى بىرەر گۇنا ئىشنى قىلغان ۋە ئاللا ئۇنى يوشۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەتىگىنى تۇرۇپ، ھوي پالانى، ئاخشام مۇنداق-مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم دەپ، ئاللا يوشۇرغان بۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويۇشى بىپەرۋالىقتۇر.

---

① كورۇنۇشتە يالغاندىن مەن سىلەرگە تەرەپدار دەپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ. دورۇس، كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئەپلەشتۇرىدىغان ۋە ئوزرە بايان قىلىدىغان سوزلەرنى كوتىرىپ كەلسە، مۇمكىن قەدەر چىرايلىق سوزلەرنى توشۇپ، يامان سوزلەرنى يوشۇرسا، بۇ ياخشىدۇر.

② ئاللاتائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەققىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە سەل قاراپ، ئاشكارا بۇزۇقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈلمەيدۇ.

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنى-
دۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئادەمنىڭ
دىنىي قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ، بىر بىرىگە
تەتۈر قاراپ يۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس. قايسىسى ئالدى بىلەن سالام
بەرسە، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ ياخشىسى ھېساپلىنىدۇ.

## 483) يالغانچىلىق، ئاللا ھەققىدە غەزەپلىنىش ۋە غەزەپتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنى-
دۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: راست سوز كىشىنى
ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ، ياخشىلىق كىشىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ،
كىشى ھەقىقەتەن راست سوزلەۋەرسە، بارا-بارا راستچىللار قاتارىغا
ئۆتىدۇ. يالغانچىلىق كىشىنى گۇناغا يېتەكلەيدۇ. گۇنا كىشىنى
دەۋزەخقە ئېلىپ بارىدۇ، كىشى ھەقىقەتەن يالغان سوزلەۋەرسە،
ئاللانىڭ دەرگاھىدا كەززاپ دەپ يېزىلىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن:
"ئى مومىنلەر، ئاللادىن قورقۇڭلار ۋە راستچىللار① بىلەن بىللە
بولۇڭلار." (سۈرە تەۋبە، 119-ئايەت. — ت)

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنى-
دۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: چۈشۈمدە ئىككى

① ئاللانىڭ دىنىغا قارىتا نىيىتى، سوزى ۋە ھەركىتى راستچىل بولغان ئادەملەر.



由 扫描全能王 扫描创建

ئادەمنى كوردۇم، ئۇلار كېلىپ ماڭا مۇنداق دېدى: سەن كورگەن جاۋغايلىرى تىلىنىۋاتقان ئادەم كەززاپ بولۇپ، بىرەر يالغاننى توقۇيدۇ-دە، ئۇ ئارقىلىق بۇ يالغان پۈتۈن ئەتراپقا تارايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ جاۋغايلىرى تىلىنىپ تۇرىدۇ①.

ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋېتىپ مەسچىتنىڭ قىبلە تېمىدىكى خەپرۇكنى كورۇپ، قولى بىلەن ئۇنى قىرىۋېتىپ ئاچچىقلاندى، ئاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ھەرقانداق بىر كىشى نامازدا تۇرغان چېغىدا، ئاللا ئۇنىڭ روبىرۇسىدا بولىدۇ، نامازدا تۇرۇپ ئالدىغا توكۈرمەسلىك كېرەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: چېلىشقاندا يەڭگەن ئادەم نوچى ئەمەس، ئاچچىغى كەلگەندە ئوزىنى بېسىۋالغان ئادەم ھەقىقى نوچىدۇر②.

---

① مەزكۇر يالغانچىلىقتىن نۇرغۇن يامان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدىغانلىغى ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ. ئېغىزغا ئازاپ قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى يالغانچىلىقتىن ئىبارەت گۇناھنىڭ ئورنى ئېغىز بولغانلىغى ئۈچۈندۇر.

② ئاچچىغى كەلگەندە ئوزىنى بېسىۋالغان ئادەم چېلىشقاندا كىشىلەرنى يېڭىدىغان چېلىشچىغا ئوخشىتىلغان. چۈنكى ئىنسان ئوزىگە ئىگە بولالىسا، ئوزىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنىنى ۋە ئەڭ يامان رەقىبىنى يەڭگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋۇجۇدۇڭدىكى نەپسىڭ سېنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىڭدۇر دېگەن گەپ بار، بۇ ھەدىس ئەڭ پاساھەتلىك سوز ھېساپلىنىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ماڭا نەسىھەت قىلغىن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاچچىقلانمىغىن دېدى. ئۇ ئادەم "نەسىھەت قىلغىن" دېگەن سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلانمىغىن①، دېدى.

## 488) ھايا قىلىش، كىشىلەر ئارىسىدا خۇش خۇي بولۇش ۋە ئۇلارغا مادارا قىلىش توغرىسىدا

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھايا بەندە ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەبى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەگەر ھايا قىلمىساڭ، خالىغىنىڭنى قىلغىن دېگەن سۆز كېيىنكى كىشىلەرگە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن قالغان سۆزدۇر.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: دىنىڭغا نۇقسان يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا كىشىلەرگە ئارىلاشقىن.

---

① چۈنكى غەزەپناك ئادەم قاتتىق خاپا بولغان ۋە غەزىۋى قوزغالغان ھالدا بولىدۇ. مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىشى ۋە قەتئىيلىك بىلەن غەزىۋىنى يېڭىشى چېلىشچىنىڭ چېلىشتا كىشىلەرنى يېڭىشىگە ئوخشايدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: بىز بىر قىسىم كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپ قويىمىزۇ، ئىچىمىزدە ئۇلارغا چوقۇم لەنەت ئوقۇيمىز.

## 491) مومىن ئادەمنىڭ يىلان چېقىۋالغان توشۇككە قايتا قول سالمايدىغانلىقى ۋە رەسۇلۇللانىڭ شېئىرغا ئائىت سوزلىرى توغرىسىدا

ئەبۇ ھورەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مومىن ئادەم يىلان چېقىۋالغان توشۇككە قايتا قولىنى سالمايدۇ①.

ئۇبەي ئىبنى كەئبىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بەزى شېئىرلاردا ھىكمەتلىك سوزلەر② بولىدۇ.

ئەبۇ ھورەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: لەبىدنىڭ مۇنۇ سوزى شائىرلارنىڭ سوزلىرى ئارىسىدا ئەڭ راست سوزدۇر. "بىكاردۇر بىر خۇدادىن باشقا بارلىق نەرسە دۇنيادا."

① مومىن ئادەم قەتئى ئېھتىياتچان بولۇپ غەپلەتتە قالماسلىقى، دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا قايتا ئالدانماسلىقى كېرەك.

② ۋەز-نەسىھەت، تەمسىل-ماقاللارغا ئوخشاش راست، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن، جاھالەتتىن، ئەقىلسىزلىقتىن توسىدىغان سوزلەر.

ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرنىڭ قىرىندىشىڭلار ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە بىھۇدە سۆز قىلمايدۇ، دىگەن دەيدۇ. ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق مەدھىيىلىگەن:

ئىچىمىزدە رەسۇلۇللا داۋامەت،
سەھەرلەردە قىلار قۇرئان تىلاۋەت.
ھەق راست دەيمىز سۆزلىرىنى تەستىقلاپ،
تاپقاچقا بىز ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت.
مۇشرىكلاردەك غەپلەت ئىچرە ياتمايدۇ،
كېچىلەردە قىلىپ تائەت ـ ئىبادەت.

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ ئىچى شېئىر بىلەن تولغاندىن كۆرە يىرىڭ بىلەن تولغىنى ئەلۋەتتە تۈزۈكتۇر①.

## 497) ئاللاتائالانى سۆيۈشنىڭ ئالامىتى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىشى قىيامەت

① بۇ سۆز ئاللانىڭ زىكرىگە، ئىلىم-بىلىم ۋە قۇرئانغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ناتوغرا شېئىرلارغا قارىتا ئېيتىلغان، ئاللانى ۋە رەسۇلۇللانى مەدھىيىلەيدىغان، ئاللانىڭ زىكرىنى، دۇنياغا ھېرىس بولماسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە نورمال بولغان بارلىق ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توغرا مەزمۇنلۇق شېئىرلار بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

كۈنى سۈيگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ①.

## 498) چۈشكۈرۈش، ئەسنەش ۋە ئاز سانلىقنىڭ كۆپ سانلىققا سالام بېرىشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللا چۈشكۈرۈكنى ياقتۇرىدۇ②، ئەسنەكنى يامان كۆرىدۇ③، بىر كىـشى چۈشـكۈرۈپ ئەلھەمـدۇلىللا (خـۇداغا شۈكـرى) دېـسە، بۇنى ئاڭلـىغان مۇسۇلمان ئادەم يەرـھەمۇكەللا (ئاللا ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېيىشكە تېگىشلىك. ئەسنەك شەيتان تەرىپىدىن بولىدۇ، ئەسنەك كەلگەندە مۇمـكىن قەدەر ئۇنى

---

① ئارتۇق ئەمىلى بولـمىسىمۇ، ياخشى نىيىتى بولغانـلىقى سەۋەبىدىنلا، سۈيگەن ئادىمى بىلەن جەنـنەتتە بىلـلە بولـىدۇ، چۈنـكى ئۇلارنى سۆيـۈش ئۇلارغا ئەگىشىش بىلەن ئوخشاش. مۇھەبـبەت دېگەن دىلـنىڭ ئىشى، كىشى ئۆزىنىڭ باغلىغان مۇھەببـتى ئۈچۈن ساۋاپ تاپـىدۇ، چۈنـكى نىيەت دېگەن ئاساستۇر، ئەمەل دېـگەن ئۇنىڭغا تەۋە. ئالـلاتائالا مۇنـداق دېگەن: "ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللانى سۆيىدىغان بولـساڭلار، ماڭـا ئەگـىشىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاللا سىلەرنى سۆيىدۇ."

② زۇكامدىن بولمىغان چۈشكۈرۈك كۆزدە تۇتۇلـىدۇ، چۈنـكى بۇنـداق چۈشـكۈرۈك بەدەنـنىڭ يەڭـگىـلـىشى قالـغانلىقىدىن، سۇددەلەرنىڭ ئېـچىلىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. بۇ كىشىنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە خەيرلـىك ئىشلارنى قىلىشتا روھلۇق قىلىدۇ.

③ چۈنكى ئەسنەك قوساقنىڭ تويۇپ كەتكەنلىكىـدىن ۋە كۆپ يېگەنلىكـدىن كېلىدۇ. ئۇ كىشـىنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخـشى ئىشلارنى قىلـىشتا ھورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

قايتۇرغىن①، ئەسنىگەن كىشى "ھا" دېسە شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىچىكلەر چوڭلارغا، ئوتۇپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئاز سانلىق كوپ سانلىقلارغا سالام قىلىشى كېرەك. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇلاقلىق ئادەم پىيادىگە سالام قىلىشى كېرەك، دېيىلگەن.

## 500) ئەزالارنىڭ زىناسى ۋە گۇنا قىلغۇچىلارغا سالام قىلماسلىق توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان مۇنۇ سوزلىرىدىكىدىنمۇ كىچىك گۇنالارغا ئوخشايدىغان نەرسىنى كورمىدىم: ئاللا ھەقىقەتەن ئىنسانغا زىنادىن بولغان نېسىۋىسىنى پۇتۇۋەتكەن، بۇنى كورمەي چارە يوق، كوزنىڭ زىناسى قارىماقتۇر، تىلنىڭ زىناسى سوزلىمەكتۇر. ئىنساننىڭ نەپسى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە خالايدۇ، ئەۋرەت بولسا ئۇلارنى ئورۇنلايدۇ، ياكى ئورۇنلىمايدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر مۇنداق دەيدۇ: هاراقكەشلەرگە سالام قىلماڭلار②.

---

① قولۇڭنى ئاغزىڭغا قويۇۋېلىش بىلەن ياكى ئىككى لېۋىڭنى يۇمۇۋېلىش بىلەن قايتۇرغىن دىگەن مەنىدە.

② گۇنا قىلغانلارغا سالام بېرىلمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سالامىمۇ ئەلەيك

## 502) باشلىقتا ئورنىدىن تۇرۇش ۋە كىشىنى ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپقۇزۇۋېتمەسلىك توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسى سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى، سەئىد كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە: باشلىقىڭلارغا ياكى ياخشى ئادىمىڭلارغا (بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنىڭ دېيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان.) ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار①، دېدى.

---

ئېلىنمايدۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ مەزھىبى ئەنە شۇ. ئەگەر سالام قىلمىغاندا دىن ياكى دۇنيالىق جەھەتتىن يامان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدىغان بولسا، بۇ چاغدا سالام قىلسا بولىدۇ، ھەنەفى مەزھىبىدىكى بەزى ئالىملار كۆپ چاقچاق قىلىش ۋە ناشايان سۆزلەرنى قىلىشتەك ئەدەپ-ئەخلاق، ئادەمگەرچىلىككە يات قىلىقلارنى قىلىدىغانلارنىمۇ گۇنا قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدا سانىدى. يۇقۇرقى كىشىلەرنىڭ تەۋبە قىلغانلىقى ئېنىق بىلىنمىگىچە، ئۇلارنىڭ سالامى ئەلەيك ئېلىنمايدۇ.

① ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تۇرۇڭلار دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئەھلى پەزلى، ئەھلى ئىلىم، ئەھلى سالا ئادەملەرنى ھۆرمەتلەپ ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ. ئۆزىنى چوڭ ساناپ، باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزماقچى بولغانلارغا تۇرماسلىق كېرەك. ياكى بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، بېرىپ سەئدنىڭ ئېشەكتىن چۈشۈشىگە ياردەملىشىڭلار، ئۇنىڭغا ھەرەج قىلماي، سىلىقلىق بىلەن چۈشۈرۈڭلار، قان تومۇرلىرى يېرىلىپ كەتمىسۇن دېگەن بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ، ئۆزى ئولتۇرۇۋالمىسۇن①.

## 505) ئۈچ ئادەم بار يەردە ئىككى ئادەمنىڭ ئۈچىنچى ئادەمدىن يوشۇرۇن پىچىرلاشماسلىقى ۋە ئۇخلايدىغان چاغدا ئوتنى يېنىقلىق قويماسلىق توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈچ ئادەم بار يەردە ئىككىسى ئۈچىنچىسىدىن يوشۇرۇن پىچىرلاشمىسۇن.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۇخلايدىغان چېغىڭلاردا ئۆيۈڭلاردا ئوتنى يېنىقلىق قويماڭلار.

---

① بۇ ئىش مەسچىتلەر، ئەمەلدارلارنىڭ سورۇنلىرى، ئىلىم سورۇنلىرى، توي سورۇنلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاممىۋى ئورۇنلارغا خاس. ئەمما غەيرىنىڭ مۈلكىدە رۇخسەتسىز ئولتۇرۇۋالغانلارنى قوپۇرۇۋەتسە ۋە چىقىرىۋەتسە بولىدۇ، شۇنىڭدەك سارائلارنى، خام سامساق يېگەنلەرنى تېگىشلىك ئورۇنلىرىدىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ. بۇ ھەدىستىكى چەكلەشنىڭ ھېكمىتى دۈشمەنلىككە سەۋەب بولىدىغان، مۇسۇلماننىڭ ھەققىگە قارىتىلغان چېقىلىشنى مەنئى قىلىشتۇر. كىمكى ئاممىۋى ئورۇننى بالدۇر كېلىپ ئىگەللەيدىكەن، ئورۇن شۇنىڭغا تېگىشلىك بولىدۇ، كىمكى بىر كىشىنىڭ تېگىشلىك نەرسىسىنى ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز ۋە ھەقسىز تارتىۋالىدىكەن، بۇ بۇلىۋالغانلىق بولىدۇ، بۇلىۋېلىش ھارامدۇر، «بەھجەتۇننۇفۇس» دېگەن كىتاپتا ئەنە شۇنداق دېيىلگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

## 506) دۇئالار، سەييدۇلئىستىغفار ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىجابەت بولىدىغان بىر خىل دۇئاسى بولىدۇ، مېنىڭ ئىجابەت بولىدىغان دۇئايىمنى ئاخىرەتتە ئۇممىتىمنى شاپائەت قىلىشقا ساقلىماقچىمەن①.

---

① ئاللاتائالا: "ماڭا دۇئا-تەلەپتە بولۇڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن" دىگەن. ئۇلۇغ، پاك ئاللا ئىنسانلارنى ئۇزىگە دۇئا، ئىلتىجادا بولۇشقا بۇيرۇدى، پەزلى-كەرىمىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشقا كېپىللىك قىلدى، چۈنكى دۇئا بىر تۇرلۇك ئەڭ شەرەپلىك ئىبادەتتۇر، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە، ئاللانىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "سەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا شۇ باركى، سەن دۇئا قىلىسەن، مەن ئىجابەت قىلىمەن." ئى مەرھەمەتلىك ئاللا، ساڭا دۇئا قىلىمەنكى، ماڭا رەھمى قىلغايسەن، گۇنالىرىمنى كەچۇرگەيسەن، مېنى تائىتىڭگە مۇۋەپپەق قىلغايسەن، جەننىتىڭگە داخىل قىلغايسەن، مېنى سائادەتمەن بەندىلىرىڭ قاتارىدا تىرىلدۇرگەيسەن، ئەۋلادىمنى بەرىكەتلىك قىلغايسەن، نەسلىمنى كوپەيتكەيسەن، مەندىن زىيان-زەخمەتلەرنى يىراق قىلغايسەن، ساڭا سىغىنىپ، گور ئازاۋىدىن، دەۋزەخ ئازاۋىدىن ۋە ھايات-مامات پىتنىسىدىن پانا تىلەيمەن، ئاللا ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

ھاجىتىڭ بولسا تىلە ئول كەڭ كەرەملىك تەڭرىدىن،
قىلمىغىن ھەرگىز كىشىدىن تەلمۇرۇپ ھاجەت تەلەپ.
بەندىدىن نەرسە تەلەپ قىلساڭ، بولۇر سەندىن خاپا،
گەر تەلەپ قىلساڭ خۇدادىن، خوش بولۇر، قىلماس غەزەپ.



由 扫描全能王 扫描创建

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سەييىدۇلئىستىغفار (ئىستىغفارلارنىڭ خوجىسى. — ت) شۇكى، ”ئى ئاللا، سەن مېنىڭ رەببىم سەن، سەندىن بولەك ئىلاھ يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بەرقارارمەن، ساڭا سىغىنىپ، يامان قىلمىشلىرىمدىن پانا تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇنالىرىمنى ئىقرار قىلىمەن. مېنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇنالارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن.“ (ئەرەپچىسى: ئەللاھۇممە ئەنتە رەببى لائىلاھە ئىللا ئەنتە خەلەقتەنى ۋە ئەنە ئەبدۇكە ۋە ئەنە ئەلا ئەھدىكە ۋەۋەئدىكە مەستەتەئتۇ ئەئۇزۇبىكە مىن شەررى ماسەنەئتۇ ئەبۇئۇ لەكە بىنىئمەتىكە ئەلەييە ۋە ئەبۇئۇ بىزەنبى ئىغفىرلى فەئىننەھۇ لايەغفىرۇززۇنۇبە ئىللا ئەنتە.)
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى يۇقۇرقى دۇئانى ئىخلاس بىلەن كۈندۈزى ئوقۇپ، ئاندىن كەچ كىرگىچە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ، كىمكى ئۇنى ئىخلاس بىلەن كېچىسى ئوقۇپ①، ئاندىن تاڭ ئاتقىچە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ.

---

① نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى، ئاللاغا يۈزلىنىش، ئەدەپلىك ھالەتتە بولۇش ئىستىغفارنىڭ شەرتلىرىدىن بولىدۇ، بۇ ھەدىستە يالغۇز بىر ئاللانىلا ئىلاھ دەپ ئىقرار قىلىش، ئاللانىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ئاللاغا قۇلچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاللاغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىقرار قىلىش، ئاللانىڭ بەندىسىگە قىلغان ۋەدىلىرىنى ئۈمىت قىلىش، بەندىنىڭ ئۆزىگە قىلغان جىنايەتلىرىدىن پانا تىلەش، نېمەتنى ئاللادىن دەپ بىلىش، گۇنانى ئۆزىدىن دەپ بىلىش، ئاللانىڭ مەغپىرىتىگە قىزىقىش، مەغپىرەتنىڭ پەقەت ئاللانىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشلا جەملەنگەن، شۇڭا بۇ سەييىدۇلئىستىغفار دەپ ئاتالغان.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئۇ تەۋبە قىلغۇچىنىڭ گۇنالىرىنى تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، سىلەرگە ئاللا مول يامغۇرلارنى ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى، بالىلىرىڭلارنى كوپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى ۋە دەريالارنى ئاتا قىلىدۇ." (سۈرە نۇھ، 10-، 11-، 12- ئايەتلەر. — ت)

## 509) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلىقى، تەۋبە قىلغانلىقى ۋە قىلغان تەھەججۇد دۇئاسى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن چوقۇم كۈنىگە يەتمىش قېتىمدىن ئارتۇق ئاللادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن ۋە ئاللاغا تەۋبە قىلىمەن.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مومىن ئادەم ئۆزىنى گۇنالىرى ئالدىدا گويا تاغنىڭ ئاستىدا تاغ يىقىلىپ چۈشەرمىكىن دەپ قورقۇپ ئولتۇرغان ئادەمدەك ھېس قىلىدۇ، پاسىق ئادەم ئۆزىنىڭ گۇنالىرىغا بۇرنىغا قونۇۋالغان چىۋىننى قورۇۋەتكەندەك ئاددى قارايدۇ. ئەبۇ شىھاب قولى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۈستىنى قورۇپ كورسەتكەن.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللا بەندىسىنىڭ قىلغان تەۋبىسىدىن بىركىم جاڭگالدا يۈتتۈرۈۋەتكەن توگىسىنى تېپىۋېلىپ خوش بولغاندىنمۇ ئارتۇق خوشال بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى تەھەججۇد نامىزى (كېچىسى ئوقۇلىدىغان مەلۇم نەپلى ناماز. — ت) ئوقۇغان چاغدا مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللا، جىمى ھەمدۇ-سانا ساڭا خاس، سەن ئاسمان-زېمىننى، ئاسمان-زېمىندىكى ھەممە مەخلۇقاتنى يورۇتقۇچىسەن. ئى ئاللا، جىمى ھەمدۇ-سانا ساڭا خاس، ئاسمان-زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى پۈتۈن مەخلۇقاتنى باشقۇرغۇچىسەن، ھەممە مەدھىيە ساڭا مەنسۇپ، سەن ھەقتۇرسەن، سېنىڭ ۋەدەڭ ھەقتۇر، سېنىڭ سۆزۈڭ ھەقتۇر، قىيامەتتە ساڭا مۇلاقات بولۇش ھەقتۇر، جەننەت ھەقتۇر، دەۋزەخ ھەقتۇر، قىيامەت ھەقتۇر، پەيغەمبەرلەر ھەقتۇر، مۇھەممەد ھەقتۇر. ئى ئاللا، سېنىڭ ئەمرىڭگە بوي سۇندۇم، ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ساڭا ۋە كىتاپلىرىڭغا تەستىق قىلدىم، قەلبىم بىلەن ساڭا يۈزلەندىم، سەن بەرگەن قورال بىلەن دۈشمەننى يەڭدىم، ئىنكار قىلغانلارنى ساڭا قويدۇم، مېنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇنالىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا گۇنالىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا، دۇنيانىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا مېنى تىرىلدۈرگۈچىسەن، سەن يالغۇز بىر ئىلاھدۇرسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

## 513) ھاجەتخانىغا كىرگەندە ۋە دىشۋارلىققا يولۇققاندا قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجەتخانىغا كىرگەندە مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللا، ساڭا سىغىنىپ ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پانا تىلەيمەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىشۋارلىققا يولۇققاندا مۇنداق دەيتتى: ئۇلۇغ مەرھەمەتلىك بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاسمان-زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق.

## 515) بېخىللىقتىن ۋە باشقىلاردىن پانا تىلەش، گۇنالارنىڭ كەچۈرۈلۇشىنى تىلەش توغرىسىدا

سەئىد ئىبنى ۋەققاس ئاتىسىدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ سوزلەرنى بىزگە خۇددى يېزىق ئۆگەتكەندەك ئۆگىتەتتى. ئى ئاللا، ساڭا سىغىنىپ بېخىللىقتىن پانا تىلەيمەن. قورقۇنچاقلىقتىن پانا تىلەيمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پانا تىلەيمەن، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە گور ئازاۋىدىن پانا تىلەيمەن.

由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ مۇسا ئابدۇللا ئىبنى قەيس رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئوقۇپ دۇئا قىلاتتى: رەببىم، سەن مېنىڭ گۇنايىمنى، نادانلىغىمنى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىگىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللا، مېنىڭ قەستەن، بىلمەستىن ۋە چاخچاق يوسۇندا قىلىپ تاشلىغان گۇنالىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە تېپىلىدۇ. ئى ئاللا، ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان گۇنالىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان گۇنالىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە بالدۇر ئېرىشتۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە كېيىن ئېرىشتۇرىسەن، سەن ھەممىگە قادىردۇرسەن.

## 517) ئاللاغا تەسبىھ ۋە زىكرى ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى كۈنىگە سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى (ئاللانى تەرىپلەيمەن ۋە مەدھىيىلەيمەن)نى يۈز قېتىم ئېيتسا، ئۇنىڭ گۇنالىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈگىدەك كۆپ بولسىمۇ يوققا چىقىرىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئېيتىشتا تىلغا يەڭگىل كېلىدىغان، مىزان (قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالىنى تارتىدىغان تارازا. ـ ت)دا ئېغىر كېلىدىغان، ئاللاغا ياقىدىغان ئىككى سۆز بار، ئۇ بولسىمۇ

سۇبھانەللاھىلئەزىم (ئۇلۇغ ئاللانى تەرىپلەيمەن)، سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى دېگەن سوزلەردىن ئىبارەت.

ئەبۇ مۇسا ئابدۇللا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: پەرۋەردىگارىغا زىكرى ئېيتىپ تۇرىدىغان ئادەم تىرىك ئادەمگە ئوخشايدۇ، زىكرى ئېيتىپ تۇرمايدىغان ئادەم ئولۇك ئادەمگە ئوخشايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللانىڭ ئاللاغا زىكرى ئېيتقانلارنى ئىزدەپ يوللارنى ئايلىنىپ يۇرۇيدىغان پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ئاللاغا زىكرى ئېيتىۋاتقان خەلقنى ئۇچراتقان چاغلىرىدا، ئوزئارا، كېلىڭلار، ئىزدىگىنىڭلار تېپىلدى، دەپ توۋلىشىدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قاناتلىرى بىلەن بىرىنچى ئاسمانغىچە ئورىۋالىدۇ، ئاللاتائالا پەرىشتىلەردىنمۇ ئوبدانراق بىلىپ تۇرۇپ، مېنىڭ بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟ دەپ پەرىشتىلەردىن سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇلار ساڭا تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ، تەكبىر ئېيتىۋاتىدۇ، ھەمدى ئېيتىۋاتىدۇ، سېنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇلۇغ ئاللا: بەندىلىرىم مېنى كورگەنمۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ياق، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سېنى كورمىگەن، دەيدۇ. ئاللاتائالا: ئۇلار مېنى كورگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئەگەر ئۇلار سېنى كورگەن بولسا، ساڭا تېخىمۇ قاتتىق ئىبادەت قىلاتتى، سېنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇلۇغلايتتى، ساڭا تېخىمۇ كوپ تەسبىھ ئېيتاتتى، دەيدۇ. ئاللا: بەندىلىرىم مەندىن نېمە سورايدۇ؟ دەيدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

پەرىشتىلەر: سەندىن جەننەتنى سورايدۇ، دەيدۇ. ئاللاتائالا: ئۇلار جەننەتنى كورگەنمۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر، ياق، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىمىز، ئۇلار جەننەتنى كورمىگەن، دەيدۇ. ئاللا-تائالا: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كورگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كورگەن بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولاتتى، تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قىلاتتى ۋە تېخىمۇ زور قىزىقاتتى، دەيدۇ. ئاللاتائالا: بەندىلىرىم نىمىدىن پانا تىلەيدۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇلار دەۋزەختىن پانا تىلەيدۇ، دەيدۇ. ئاللا-تائالا: ئۇلار دەۋزەخنى كورگەنمۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ياق، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دەۋزەخنى كورمىگەن، دەيدۇ. ئاللاتائالا: ئەگەر ئۇنى كورگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇنى كورگەن بولسا، ئۇلار دەۋزەختىن تېخىمۇ بەك قاچاتتى ۋە تېخىمۇ قاتتىق قورقاتتى①، دەيدۇ. ئاللاتائالا پەرىشتىلەرگە: سىلەرنى گۇۋا قىلدىمكى، بەندىلىرىمنى مەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلدىم، دەيدۇ. بۇ چاغدا بىر پەرىشتە: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پالانى زىكرى ئېيتقۇچىلارنىڭ قاتارىدا يوق ئىدى، ئۇ بىر ئىش ئۇچۇن كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ قالغان، دەيدۇ. ئاللاتائالا: ئۇلار سوھبەتداشتۇر، ئۇلارنىڭ سوھبەتدىشى مەھرۇم قىلىنمايدۇ، دەيدۇ.

---

① بۇ سوز ئادەم بالىلىرىنىڭ ئاللاغا ئېيتقان تەسبىھى ۋە ئاللانى ئۇلۇغلىشى پەرىشتىلەرنىڭ ئاللانى ئۇلۇغلىشىغا قارىغاندا ئارتۇق ۋە ئەۋزەل دىگەنلىك بولۇپ، پەرىشتىلەرگە قارىتا تەنقىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. چۈنكى ئىنسانلار بۇ دۇنيادا تۇرلۇك توسالغۇ ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرگە قارىماي، ئاللانى ئۇلۇغلاپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر بولسا ئالىمى غەيىپتە ئاللانى ئۇلۇغلاپ تۇرۇشتا ھىچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ.

由 扫描全能王 扫描创建

## 521) ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى، تەن ساقلىق، بوش ۋاقىت ۋە دۇنيادا مۇساپىردەك ئۆتۈش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللانىڭ توقسان توققۇز يەنى بىرى كەم يۈز ئىسمى بار، ئۇلارنى يادا قىلغان ئادەم جەننەتكە كىرمەي قالمايدۇ. ئاللا تاقتۇر، تاقنى ياخشى كورىدۇ①.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاتائالانىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك نېمىتى بار، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ قەدرىگە يەتمەي، زىيان تارتىدۇ②.

---

① تاق قىلىنغان ئەمەللەرگە ئاللا ساۋاپ بېرىدۇ ۋە ئۇ ئەمەلنى قوبۇل قىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئەمەلدە ئىنساننىڭ دىلى، تىلى، ئىمانى ۋە ئىخلاسى جەھەتلەردىن ئاللانىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتى تېپىلىدۇ.

② «كەۋاكىب» دېگەن كىتاپتا بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق شەرھلەنگەن: ساقلىق بىلەن بوش ۋاقىتتىن ئورۇنلۇق پايدىلىنىلمىسا، كىشى زىيان تارتىدۇ، يەنى ئۇلارنى ئەرزان سېتىۋەتكەن بولۇپ، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. بىرەر بەندىدە ساقلىق بىلەن بوش ۋاقىت بولىدىكەن، ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ نەتىجىلەرنى ياراتماسلىق ۋە پەزىلەتلەرنى قولغا كەلتۈرمەسلىكنىڭ ئۆزى زىيان. چۈنكى دۇنيا دېگەن پايدا ـ مەنپەئەتنىڭ بازىرى ۋە ئاخىرەتنىڭ تېرىلغۇ يېرىدۇر. كىمكى بوش ۋاقتى بىلەن تەن ساقلىقنى ئاللانىڭ تائەت ـ



由 扫描全能王 扫描创建

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكلىكى ئويۇن-كۇلكە، ئىچ پۇشغى، زىبۇ-زىننەت، ئۆزئارا پەخىرلىنىش، پۇل-مال توپلاش ۋە نەسلىنى كوپەيتىشتىن ئىبارەت. دۇنيا بىر يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ ئۇستۇرگەن زىرائەتتى دىخانلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ قۇرۇپ سارغىيىدۇ، ئاندىن پارچە-پۇرات شاخ-شۇمبىغا ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاپ، ئاللانىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت غاپىللارنى ئالدايدىغان مالدۇر." (سۇرە ھەدىد، 20-ئايەت. — ت)

ئابدۇللا ئىبنى ئومەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، دۇنيادا سەن گويا مۇساپىردەك ياكى يولۇچىدەك ئوتكىن، دېدى. ئىبنى ئومەر مۇنداق دەيتتى: ئاخشىمىڭدا ئەتىگىنىڭنى كۈتمىگىن، ئەتىگىنىڭدە ئاخشىمىڭنى كۈتمىگىن①، تەن ساق چاغلىرىڭدىن كېسەل چاغلىرىڭ ئۈچۈن پايدىلانغىن، تىرىكلىگىڭدىن ئولىمىڭ ئۈچۈن پايدىلانغىن②.

---

ئىبادەتكە ئىشلىتىدىكەن، ئۇ بەختىياردۇر، مەدھىيىگە سازاۋەردۇر؛ كىمكى ئۇلارنى گۇنا ئىشلارغا ئىشلىتىدىكەن، ئۇ زىيانكاردۇر.

① سەپىرىڭدە بىر سائەتمۇ توختاپ قالماي، داۋاملىق ماڭغىن، يولۇڭنى دادىل داۋاملاشتۇرمىساڭ، مەقسىدىڭگە يېتەلمەي، چوللەردە ھالاك بولىسەن. (قەستەلانى)

② ھاكىم ئىبنى ئابباستىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:



由 扫描全能王 扫描创建

## 525) تۈگمەس ئارزۇ توغرىسىدا، ئەمەلنى ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىش ۋە پۇل-مالنىڭ پىتنىسى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ئۇنىڭدا پۇل-مالغا بولغان ھېرىسلىق بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش① ئىستىكىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك نەرسە كۈچىيىپ بارىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى، مېنىڭ مۆمىن بەندەمنىڭ دۇنيادىكى يېقىن ئادىمىنى② قەبزى روھ قىلسام، ئۇ مېنىڭ ساۋاپ بېرىشىمنى كۆزدە تۇتۇپ بۇنىڭغا سەۋرى قىلسا، ئۇنى جەننەت بىلەنلا مۇكاپاتلايمەن.

---

بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىمەت بىلگىن: ياشلىقىڭنى قېرىشىڭدىن بۇرۇن، تەن ساقلىقىڭنى ئاغرىپ قېلىشىڭدىن بۇرۇن، بايلىقىڭنى كەمبەغەللىشىپ قېلىشىڭدىن بۇرۇن، بوشلۇقۇڭنى ئىش بىلەن بەنت بولۇشۇڭدىن بۇرۇن ۋە ھاياتىڭنى ئۆلۈشۈڭدىن بۇرۇن غەنىمەت بىلگىن.

① قۇرتۇبى: بۇنىڭدىن پۇل-مالغا ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ھېرىسلىقنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى چىقىدۇ، دەيدۇ.

② بالىسى، قېرىندىشى ۋە ھەر بىر ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە ئوخشاش.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىبنى ئۇتبان سالىم ئەنسارى مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، ئاللانىڭ ساۋابىنى ئىزدەپ، لائىلاھە ئىللەللاھۇ دەيدىغان بەندىلا بولىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئاللا ئۇنىڭغا دەۋزەخنى ھارام قىلىدۇ، دىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئەگەر ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى ئويمان مېلى بولسا، ئۇ چوقۇم ئۈچىنچى ئويمانىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ قارنىنى توپىلا تولدۇرىدۇ، ئاللا گۇنادىن تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئاللاتائالا مۇنداق دىگەن "ئاياللار، بالىلار، نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈشلەر، يىلقىلار، چارۋا ماللار ۋە زىرائەت، دەل-دەرەخلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەر كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكلىكىدە كىشىلەر پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر......" (سۈرە ئال ئىمران، 14-ئايەتنىڭ بىر قىسمى. — ت)

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، سەن بىزگە چىرايلىق كۆرسەتكەن نەرسە بىلەن خوشال بولۇشتىن باشقىغا قادىر ئەمەسمىز، ئى ئاللا، مېنى ئۇنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر قىلىشىڭنى سورايمەن. ئاللاتائالا مۇنداق دىگەن: "دۇنيا تىرىكلىكىنى ۋە زىبۇ-زىننىتىنى ئىستىگەنلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەجرى بۇ دۇنيادا كېمەيتىلمەي تولۇق بېرىلىپ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا دەۋزەختىن باشقا نەرسە بېرىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ

دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ماھىيەتتە باتىل ئىدى." (سۈرە ھۇد، 15 ـ، 16 ـ ئايەتلەر. ــ ت)

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ دۇنيادا پۇل ـ مېلى كوپ بولغان ئادەملەر قىيامەت كۈنى ساۋاپ جەھەتتىن نامرات ئادەملەردۇر، ئاللا ئاتا قىلغان مېلىنى ئوڭ، سول، ئالدى، ئارقىسىدىكىلەرگە بەرگەن ۋە ئۇنى پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلغان ئادەم بۇنىڭ سىرتىدا، دېگەن.

## 531) روھىي بايلىقنىڭ ھەقىقىي بايلىق ئىكەنلىگى، كەمبەغەللىكنىڭ پەزىلىتى ۋە تىلىنى ساقلاش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مالىنىڭ كوپلۇگى بايلىق ئەمەس، ھەقىقىي بايلىق روھىي بايلىقتۇر.

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدا ئولتۇرغان ئادەمدىن: بۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمگە قانداق قارايسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇ: بۇ بىر ئىسىلزادە ئادەم، ئاللاغا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇ ئويلەنمەكچى بولسا، ئەلۋەتتە خوتۇن ئالالايدۇ، ئەگەر شاپائەت



由 扫描全能王 扫描创建

قىلسا، ئەلۋەتتە شاپائىتى قوبۇل بولىدۇ، دېدى. سەھل مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقۇرقى گەپنى ئاڭلاپ جىم بولدى، ئاڭغىچە ئۇنىڭ ئالدىدىن يەنە بىر ئادەم ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلىقى يېنىدا ئولتۇرغان ئادەمدىن: بۇ ئادەمگە قانداق قارايسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇ: ئى رەسۇلۇللا، بۇ — مۇسۇلمانلاردىن بىر پەقىر ئادەم، ئەگەر ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئەلۋەتتە خوتۇن ئالالمايدۇ، ئەگەر شاپائەت قىلسا، ئەلۋەتتە شاپائىتى قوبۇل بولمايدۇ، ئەگەر سۆزلىسە، ئەلۋەتتە باشقىلار ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ پەقىر ئادەم ھىلىقىدەك سان-ساناقسىز ئىسىلزادە ئادەمدىن ياخشى، دېدى.

سەھل ئىبنى سەئىددىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ماڭا تىلىنى ۋە ئەۋرىتىنى ساقلاشقا كېپىللىك قىلسا، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىللىك قىلىمەن. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "كىشى سۆز قىلسىلا، ئۇنىڭ ئالدىدا كۈزەتچى پەرىشتە ھازىر بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ." (سۈرە قاف، 18 ـ ئايەت. — ت)

ئەبۇ ھورەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بەندە ئويلىمايلا ئاللانى مەمنۇن قىلىدىغان بىرەر سۆزنى① قىلىپ قويىدۇ، بۇ سۆز سەۋەبىدىن ئۇنى ئاللا بىرقانچە دەرىجە يۇقۇرى كۆتىرىدۇ، يەنە بىر بەندە پەرۋاسىز-

① زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىرەر مۇسۇلماننىڭ بېشىدىكى زۇلۇمنى كۆتىرىۋېتىش ياكى ئۇچرىغان قىيىنچىلىقتا ياردەم بېرىشكە ئوخشاش.



由 扫描全能王 扫描创建

لىق بىلەن ئاللانى نارازى قىلىدىغان بىرەر سوزنى قىلىپ قويىدۇ، بۇ سوز سەۋەبىدىن ئاللا ئۇنى دەۋزەخقە تاشلايدۇ.

## 535) ئاللادىن قورقۇش، گۇنادىن يېنىش ۋە جەننەتنىڭ يېقىنلىغى توغرىسىدا

ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ئىلگىرى ئۇتكەن ئۇممەتلەرنىڭ ئارىسىدا بىر ئادەم بولۇپ، ئۇزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئۇمىتسىزلىك بىلەن قارايتتى، ئۇ بالىلىرىغا: مەن ئۇلگەن چاغدا جەسىدىمنى كويدۇرۇپ كۇلىنى يازنىڭ شامالىلىق كۇنىدە دېڭىزغا سورۇۋېتىڭلار، دەپ ۋەسىيەت قىلدى. ئۇ ئۇلگەندە بالىلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قىلدى، ئاللا ئۇنىڭ سورۇۋېتىلگەن كۇلىنى جەملەپ، ئۇنىڭدىن: سېنى بۇنداق قىلىشقا نىمە مەجبۇر قىلدى؟ دەپ سورىدى. ئۇ: پەقەت سەندىن قورقۇپ شۇنداق قىلدىم، دىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلدى.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مەن ئاللا تەرىپىدىن كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتە شۇنداق بىر كىشىگە ئوخشايمەنكى، ئۇ كىشىلەرگە كېلىپ: مەن دۇشمەن قوشۇنىنى ئۇز كوزۇم بىلەن كوردۇم، مەن يالىڭاچ ھالدا① سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچە-

① يالىڭاچ بولۇش خەلقنى دۇشمەننىڭ بېسىپ كېلىشىدىن خەۋەرلەندۇرۇش ئۇچۇن كىيىمنى سېلىپ ئېگىز كوتىرىپ، بېشىنىڭ ئۇستىدىن ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.



由 扫描全能王 扫描创建

مەنكى، قىچىڭلار، قىچىڭلار، دىگەن. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا بوي سۇنۇپ، كىچىسى هولۇقماستىن ئاستا قىچىپ چىقىپ قۇتۇلغان. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا چۇمپۇتمەي تۇرىۋەرگەن. شۇنىڭ بىلەن سەھەردە دۈشمەن قوشۇنى بېسىپ كىرىپ ئۇلارنى قىرىپ تاشلىغان.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سوزى ۋە هەركىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەم كامىل مۇسۇلمان هىساپلىنىدۇ، ئاللا مەنئى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن ئادەم هەقىقى مۇهاجىر هىساپلىنىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاغا ئىتائەتمەن بەندىگە جەننەت ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ يىپىدىنمۇ يېقىن، ئاللاغا ئاسى بەندىگىمۇ دەۋزەخ ئۇنىڭ كەشىنىڭ يىپىدىنمۇ يېقىن①.

---

① ئازغىنا ياخشىلىقنىمۇ سەل چاغلىماي قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇ ئاللانىڭ رەهمىتىگە سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن. ئازغىنا يامانلىقنىمۇ سەل چاغلىماي ئۇنىڭدىن ساقلىنىش كېرەك، چۈنكى بۇ ئاللانىڭ غەزىۋىگە سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن. ئاللانىڭ پەزلى-كەرىمىدىن ئامانلىقنى سورايمەن، رەهمەت قىلىپ بىزنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى تىلەيمەن، بىزنى ئەپۇ قىلىپ، دەۋزەختىن يىراق قىلىشنى تىلەيمەن.



由 扫描全能王 扫描创建

## 539) ئوزىدىن تۆۋەنلەرگە قاراش توغرىسىدا ۋە ياخشىلىقنى ياكى يامانلىقنى كۆڭلىگە كەلتۈرگەن كىشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىم پۇل-مال ۋە چىراي-شەكىل جەھەتتە ئوزىدىن ئۇستۇن ئادەمگە نەزەر سالغاندا، ئوزىدىن تۆۋەن ئادەمگە قارىسۇن.

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئېيتقان: ئۇلۇغ ئاللا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئەلمىي ئەزەلىسىدە تەقدىر قىلىپ يازدى، ئاندىن ئۇلارنى تەپسىلى بايان قىلدى. كىمكى بىرەر ياخشىلىقنى كوڭلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى قىلالمىسا، ئاللا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ، ئەگەر ئۇ ياخشىلىقنى كوڭلىگە كەلتۈرسە ۋە قىلسا، ئاللا ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىقنىڭ ساۋابىدىن يەتتە يۈز ياخشىلىقنىڭ ساۋابىغىچە ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە ساۋاپ يازىدۇ. كىمكى بىر يامانلىقنى كوڭلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى قىلمىسا، ئاللا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ، ئەگەر ئۇنى ئۇ كوڭلىگە كەلتۈرسە ۋە قىلسا، ئاللا ئۇنىڭغا بىر يامانلىقنىڭ گۇنايىنى يازىدۇ.

## 541) باشقىلار كورسۇن ۋە ئاڭلىسۇن دەپ رىيا بىلەن قىلىنغان ئەمەل ۋە كەمتەرلىك توغرىسىدا

سەلەمە جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

جۇندۇب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: كىمكى ئەمىلىنى باشقىلار ئاڭلىسۇن دەپ قىلىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭ بۇزۇق نىيىتىنى قىيامەت كۈنى خالايىق ئالدىدا ئاشكارىلاپ، ئۇنى رەسۋا قىلىدۇ. كىمكى ئەمىلىنى باشقىلار كورسۇن دەپ قىلىدىكەن، ئاللا ئۇنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى مىنىڭ ياخشى بەندەمنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، ئۇنىڭغا مەن ئۇرۇش ئاچقانلىغىمنى ئۇقتۇرىمەن. مەن بەندەمنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرز قىلىپ بىكىتكەن ئىبادەتلىرىمنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىششىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن. بەندەم نەپلى ئىبادەتلەر ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىۋەرسە، ئۇنى ياخشى كورۇپ قالىمەن، مەن ئۇنى ياخشى كورۇپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىغى، كورىدىغان كوزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ قالىمەن. ئەگەر ئۇ سورىسا، سورىغىنىنى چوقۇم بىرىمەن، ئەگەر ئۇ مىنىڭدىن پانا تىلىسە، ئۇنىڭغا چوقۇم پانا بولىمەن.

**543) ئاللاتائالاغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدىغان ئادەم توغرىسىدا، سەكرات توغرىسىدا، ئاللانىڭ قىيامەت كۈنى زىمىننى گۇمران قىلىدىغانلىغى توغرىسىدا**

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى ئاللاغا مۇلاقات



由 扫描全能王 扫描创建

بولۇشنى ياقتۇرىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. كىمىكى ئاللاغا مۇلاقات بولۇشنى يامان كورىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى يامان كورىدۇ. ئائىشە: بىز ئولۇمنى ھىچ ياقتۇر-مايمىز، دىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى: مېنىڭ دىگىنىم ئۇ ئەمەس، مومىن ئادەمگە ئولۇم كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئاللا تەرىپىدىن بولغان رازىلىق ۋە ئىززەت-ھورمەت بىلەن بىشارەت بىرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئولۇمدىن سۆيۈملۈك نەرسە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاللاغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، ئاللامۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. كاپىرغا ئولۇم كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاللا-نىڭ ئازاۋى ۋە ئوقۇبىتى بىلەن بىشارەت بىرىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئولۇمدىن يامان نەرسە بولمايدۇ، ئۇ ئاللاغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇر-مايدۇ، ئاللامۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ.

ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن بىر جىنازە ئوتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ئارام تاپتى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن ئارام تاپتى، دىدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا، ئارام تاپقۇچى كىم؟ ئارام تاپقان باشقىلار كىم؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مومىن بەندە دۇنيانىڭ جاپا-مۇشەققەت، ئازار-كۈلپەتلىرىدىن ئارام تېپىپ، ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ. كاپىر بەندىدىن بەندىلەر، يۇرتلار، دەل-دەرەخلەر ۋە ھايۋانلار ئارام تاپىدۇ، دىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى

قۇدرىتى بىلەن زېمىن ۋە ئاسماننى گۇمران قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلۇغ ئاللا: مەن پادىشادۇرمەن، زېمىننىڭ پادىشالىرى قەيەردە؟ دەيدۇ.

## 546) قىيامەت كۈنى دەۋزەختىن ساقلىنىش، جەننەت، دەۋزەخ ۋە ھەۋزى كەۋسەر توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى كىشىلەر تەرلەيدۇ، ئۇلاردىن ئاققان تەر زېمىننىڭ ئاستىغا يەتمىش گەز چوڭقۇرلۇقتا سىڭىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئېشىپ قۇلاقلىرىغىچە چىقىدۇ①.

ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: دەۋزەختىن ساقلىنىڭلار، دېدى. ئاندىن يۈزىنى دەۋزەختىن قاچۇرغاندەك قىلىپ بىزگە قاراپ: دەۋزەختىن ساقلىنىڭلار، دېدى. ئاندىن ئۈچ قېتىم يۈزىنى دەۋزەختىن قاچۇرغاندەك قىلىپ بىزگە قارىدى، ھەتتا بىز ئۇنى دەۋزەخقە قاراۋاتىدىغۇ، دەپ ئويلىدۇق. ئاندىن ئۇ: يېرىم خورما سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ، دەۋزەختىن ساقلىنىڭلار، ئەگەر سەدىقە قىلىدىغان نەرسە تاپالمىساڭلار، بىرەر ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ دەۋزەختىن ساقلىنىڭلار، دېدى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

① تەرنىڭ بۇنداق ئېقىشى قىيامەتنىڭ دەھشەتلىكلىكى، قۇياشنىڭ يېقىنلىقى ۋە قىستاڭچىلىق تۈپەيلىدىندۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئەھلى جەننەت بولغانلار جەننەتكە، ئەھلى دەۋزەخ بولغانلار دەۋزەخقە كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلۈم ئېلىپ كېلىنىپ جەننەت بىلەن دەۋزەخنىڭ ئارىسىدا توختىتىلىدۇ، ئاندىن ئۇ بوغۇزلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن بىر جاكاچى: ئى جەننەت ئەھلى، ئۆلۈم دىگەن توگىدى، ئى دەۋزەخ ئەھلى، ئۆلۈم دىگەن توگىدى، دەپ توۋلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەننەت ئەھلى تېخىمۇ خوشال بولىدۇ، دەۋزەخ ئەھلى تېخىمۇ قايغۇرىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئۇلۇغ ئاللاتائالا جەننەت ئەھلىگە: ئى ئەھلى جەننەت، دەيدۇ. ئۇلار: رەببىمىز، بىز ھازىر، دەيدۇ. ئاللاتائالا: سىلەر مەمنۇن بولدۇڭلارمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار: مەخلۇقاتىڭدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن نەرسىنى بىزگە ئاتا قىلغان تۇرساڭ، نىمىشقىمۇ مەمنۇن بولمايتتۇق، دەيدۇ. ئاللاتائالا: مەن سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق نەرسىنى بېرىمەن، دەيدۇ. ئۇلار: ئى رەببىمىز، ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق قايسى نەرسە ئۇ؟ دەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللا: سىلەرگە مېنىڭ رازىلىقىمنى چۈشۈرىمەن، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە مەڭگۇ غەزەپ قىلمايمەن، دەيدۇ①.

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

---

① چۈنكى ئاللانىڭ رازىلىقى ھەر بىر نىجاتلىق ۋە بەختنىڭ سەۋەبىدۇر. خوجىسى ئۇزىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھەر بىر ئادەم بۇنىڭدىن ئۇزىگە ئىززەت ۋە ھورمەت بولىدىغانلىقى ئۇچۇن، بۇنىڭدىن ھەرقانداق نېمەتكە خوشال بولغاندىنمۇ ئارتۇق خوشال بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: دەۋزەخكە دېيىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر مېنىڭ شاپائىتىم بىلەن دەۋزەختىن چىقىپ جەننەتكە كىرىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن، ئى رەسۇلۇللا، قىيامەت كۈنى سېنىڭ شاپائىتىڭ بىلەن ئەڭ بەختلىك بولىدىغان ئادەم كىم؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىم بىلەن ئەڭ بەختلىك بولىدىغان ئادەم مۇشرىكلىقتىن ساپ بولغان ۋە ئىختىيارىي بوي سۇنغان ھالدا "لائىلاھە ئىللەللاھۇ" دېگەن ئادەمدۇر، دېدى.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مەن دەۋزەختىن ئەڭ كېيىن چىقىدىغان ئادەمنى ۋە جەننەتكە ئەڭ كېيىن كىرىدىغان ئادەمنى ئەلۋەتتە بىلىمەن، ئۇ شۇنداق بىر ئادەمكى، دەۋزەختىن ئومىلەپ چىقىدۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا: بارغىن، جەننەتكە كىرگىن، دەيدۇ. ئۇ جەننەتكە كېلىدۇ، ئۇنىڭغا جەننەت توشۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ قايتىپ بېرىپ: ئى رەببىم، جەننەت توشۇپ كېتىپتۇ، دەيدۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا: بارغىن، جەننەتكە كىرگىن، دەيدۇ. ئۇ جەننەتكە كېلىدۇ، ئۇنىڭغا جەننەت توشۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ قايتىپ بېرىپ: ئى رەببىم، جەننەت توشۇپ كېتىپتۇ، دەيدۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭغا: بارغىن جەننەتكە كىرگىن، ساڭا ئاتا قىلىنغان جەننەت دۇنيادەك كەڭ ۋە دۇنيادەك ئون ھەسسە كەڭ، دەيدۇ. ئۇ ئادەم ئاللاتائالاغا: سەن پادىشا تۇرۇپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن

ياكى كۈلۈۋاتامسەن، دەيدۇ. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈلگەنلىكىنى①، ھەتتا ئۇنىڭ ئۇدۇل چىشلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتىشىچە، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىكى ئەنە شۇ كىشىدۇر.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مەن ھەۋزى كەۋسەرگە ئالدىڭلاردا بېرىپ، ئۇنى سىلەرگە تەييارلاپ تۇرىمەن.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مېنىڭ كۆلۈم (ھەۋزى كەۋسەر.—ت)نىڭ توغرىسى بىر ئايلىق مۇساپىدۇر، ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ ئاق، ئۇنىڭ ھىدى ئىپاردىنمۇ خۇش بۇيدۇر. ئۇنىڭ جاملىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن ئىچكەن ئادەم مەڭگۈ چاڭقىمايدۇ.

## 555) ئاللا گۇنادىن ساقلىغان ئادەمنىڭ گۇناسىز بولىدىغانلىقى، ئىمان ۋە ئەڭ ئەۋزەل سۆز توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق خەلىپە

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئۆزىنىڭ گۇناكار بەندىسىگە قىلغان كەڭ رەھمىتى، مەرھەمىتى ۋە كەڭ رازىلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇپ ۋە ئەجەپلىنىپ كۈلگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

(مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان ھوكۇمرانى. ـــ ت)نىڭ ئىككى تۈرلۈك ۋەزىرى بولىدۇ. بىر تۈرلۈگى ئۇنى خەيرلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە قىزىقتۇرىدۇ، يەنە بىر تۈرلۈگى ئۇنى يامان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە قىزىقتۇرىدۇ، ئاللا گۇنادىن ساقلىغان ئادەم گۇناسىز بولىدۇ.

ئابدۇرەھمان ئىبنى سەمۇرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئابدۇرەھمان ئىبنى سەمۇرە، مەنـ سەپنى تىلەپ قولغا كەلتۈرمىگىن①، ئۇنى تىلەپ قولغا كەلتۈرىدىغان بولساڭ، شۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىسەن-دە، ئاللا ساڭا ياردەم بەرـ مەيدۇ. ئۇ سەن تەلەپ قىلماستىن قولۇڭغا كېلىدىغان بولسا، ئاللا ساڭا يار-يۆلەك بولىدۇ. بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قەسەم ئىچكەنـ دىن كېيىن، ئۇنىڭ غەيرىنى قىلىش پايدىلىق بولىدىغانلىغىنى بايقىـ ساڭ، ئىچكەن قەسىمىڭگە كاپارەت بېرىپ، پايدىلىق ئىشنى قىلساڭ بولىدۇ......ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: ”قەسىمىڭلارنى ئاراڭلاردا ئالداـ مچىلىق ۋاستىسى قىلماڭلار، قەدىمىڭلار ئىسلامدا بەرقارار بولغاندىن كېيىن، تېيىپ كېتىدۇ، كىشىلەرنى ئاللانىڭ يولىدىن توسقانلىغىڭلار تۈپەيلىدىن، ئازاپقا دۇچار بولىسىلەر، زور ئازاپقا قالىسىلەر.“ (سۈرە نەھل، 43-ئايەت. ـــ ت) ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋىدارلىق قىلماسلىققا ۋە كىشىلەرنىڭ

① مەنسەپ تۇتۇش مۇشەققەتلىك ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ ھوددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئازلاپ كېتىپ تىلىمىـ گىن، ئەگەر ئۇنى تىلەيدىغان بولساڭ، ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىسەن، ئاللا ساڭا ياردەم بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھوددىسىدىن تولۇق چىقالماي قالىسەن، بۇنداق ئەھۋالدىكى ئادەم مەنسەپ تۇتۇشقا لايىق ئەمەس.

ئارىسىنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم ئىچىش شەكلى بىلەن ئاللانى بۇ ئىشلارغا توسالغۇ قىلماڭلار......" (سۈرە بەقەرە، 224 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ـــ ت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: گەپنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تۆت سۆزدۇر: سۇبھانەللا (ئاللانى ئۇلۇغلايمەن)، ئەلھەمدۇلىللا (جىمى مەدھىيە ئاللاغا مەنسۇپ)، لائىلاھە ئىللەللاھۇ (بىر ئاللادىن باشقا ھىچ مەبۇد يوق)، ئاللاھۇئەكبەر (ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر).

**559)** **نەزر قىلىش** (شەرىئەتتە يوق ئىبادەتنى قىلىمەن دەپ ئۈستىگە ئېلىۋېلىش ـــ ت)، **ئىتائەت قىلىش، ھاراق ئىچكەننى ئۇرۇش، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ۋە دىيەت** (قىساس ئۈچۈن ئېلىنىدىغان تۆلەم ـــ ت) **توغرىسىدا**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى ئاللاغا ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئاللاغا ئىتائەت قىلسۇن، كىمكى ئاللاغا ئاسىيلىق قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئاللاغا ئاسىيلىق قىلمىسۇن①.

---

① بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئاللاغا بويى سۇنۇش جەھەتتە ۋەدە قىلغان ئادەم ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشى لازىم. ئەگەر بىر كىشى ھېيت كۈنى روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلغان بولسا، بۇ ئادەمگە كاپارەت كەلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بالىسىنى قۇربانلىق قىلىشقا ۋەدە قىلسا، ئۇنىڭ ۋەدىسى ئىناۋەتسىزدۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق ئىچكەنلەرنى خورمىنىڭ شېخى بىلەن، كەش بىلەن ئۇرۇشقا بۇيرۇغان، ئەبۇ بەكرى سىددىق ھاراق ئىچكەنلەرنى قىرىق دەرە① ئۇرغۇزغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر دىنار (قەدىمقى ئەرەپ تىللاسى. — ت) نىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنىڭ تەڭ نەرسە ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئادەم ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىسىلا، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ تەۋبە ئارقىلىق ئەپۇ قىلىنىشىغا يول بار. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "كىمكى بىرەر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى دوزاخ بولىدۇ......" (سۈرە نىسا، 93 — ئايەتنىڭ بىر قىسمى. — ت) ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەن: "شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاغا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللا ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ ئىشلارنى قىلىدىكەن، گۇنايىنىڭ جازاسىنى

---

① ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە ۋە ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ھاراق ئىچكەنلەرگە قىرىق دەرە ئۇرۇلغان. ھاراق ئىچىش ئەۋج ئېلىپ، پىتنە — پاسات كۆپىيىپ، خەلىپىنىڭ ئەمرى — پەرمانلىرى ھساپقا ئېلىنمىغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۇمەر ھاراق ئىچكەنلەرنى سەكسەن دەرە ئۇرۇشقا بۇيرۇغان.



由 扫描全能王 扫描创建

تارتىدۇ، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى ھەسسىلەپ ئازاپ قىلىنىدۇ. ئازاپتا ئۇ خارلانغان ھالدا ئۇزاققىچە قالىدۇ، پەقەت تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالغا قالمايدۇ. ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللا تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھمەت قىلغۇچىدۇر." (سۈرە فۇرقان، 68 ـ، 69 ـ، 70 ـ ئايەتلەر. ـــ ت)

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى بىزگە قارشى قورال كۆتىرىدىكەن، ئۇ بىزگە تەۋە ئەمەس.

ئەھنەف ئىبنى قەيس ئېيتىدۇكى، مەن بۇ ئادەمگە① ياردەم بېرىش ئۈچۈن بارغان ئىدىم، ماڭا ئەبۇ بەكرە (توت چارىيانىڭ بىرى بولغان ئەبۇ بەكرى ئەمەس. ـــ ت) ئۇچراپ قېلىپ، قەيەرگە بارىسەن؟ دېدى. مەن: بۇ ئادەمگە ياردەم قىلىشقا بارىمەن، دېسەم، ئۇ مۇنداق دېدى: قايتقىن، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ئىككى مۇسۇلمان بىر بىرىگە تىغ تەڭلىسە، ئۆلتۈرگۈچىمۇ، ئۆلگۈچىمۇ دەۋزەختە بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. مەن: ئى رەسۇلۇللا، ئۆلتۈرگۈچىنىڭ دەۋزەختە بولىشىن، ئۆلگۈچىنىڭمۇ دەۋزەختە بولۇشى قانداق گەپ، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمراسىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىس بولغانلىقى ئۈچۈندۇر، دېگەن.

---

① مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب كوزدە تۇتۇلىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 564) ئادەم ئۆلتۈرگەننى ئۆلتۈرۈش، ناھەق قان تۆكۈش، قساس ئېلىش توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق ئىكەنلىگىگە ۋە مېنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىگىمگە ئېتىقات قىلغان مۇسۇلمان ئادەمدىن تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرى سادىر بولمىغىچە ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش دۇرۇس بولمايدۇ: بۇ ئۈچ ئىش ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن، ئەرلىك ياكى خوتۇنلۇق تۇرۇپ پاھىشە قىلىشتىن، مۇسۇلمانلار جامائەسىنى تەرك ئېتىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىشتىن ئىبارەت.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنى ئاللا ئەڭ يامان كۆرىدۇ، بۇلار ھەرەمدە تۇرۇپ توغرا يولدىن ئازغان ئادەم، ئىسلام دىنىدا تۇرۇپ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىلىقلىرىنى قىلغان ئادەم، ناھەق رەۋىشتە ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى ئاڭلىغان: بىز بولساق دۇنيادا ئەڭ كېيىن كەلگەن ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئۈممەتتۇرمىز. ئەبۇ ھۇرەيرە يەنە مۇشۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دەيدۇ: بىر ئادەم سىزنىڭ رۇخسىتىڭىز



由 扫描全能王 扫描创建

ئويۇڭگە قارايدىغان بولسا، تاش ئېتىپ ئۇنىڭ كوزىنى قويۇۋەتسەڭ ساڭا ھېچ گۇنا بولمايدۇ.

**567) قەسەم ئىچىش، كان ئېسىۋېلىپ ئولگەنگە تولەم كەلمەسلىك ۋە زىممى** (مۇسۇلمانلار ھامىلىغىدىكى مۇسۇلمان ئەمەس ئادەم — ت) **نى ئولتۇرگەننىڭ گۇنايى توغرىسىدا**

ئەشئەس ئىبنى قەيستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن: سېنىڭ دەۋايىڭنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇن ئىككى گۇۋاچىڭ بولۇشى ياكى جاۋاپكارنىڭ قەسىمى كېرەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن: ھايۋاننىڭ يەتكۇزگەن زىيىنىغا تولەم كەلمەيدۇ، قۇدۇقتىن يەتكەن زىيانغا تولەم كەلمەيدۇ①،

---

① بىر ئادەم ئۆزىنىڭ يېرىگە ياكى پادىشالىق يەرگە قۇدۇق كولىغان بولسا ۋە ئۇنىڭغا ئادەم ياكى باشقا نەرسە چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولغان بولسا، قۇدۇق ئىگىسى جاۋاپكار بولمايدۇ، شۇنىڭدەك بىر ئادەمنى ياللاپ كولاتقان بولسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇدۇق ئورۇلۇپ چۈشۈپ ھالاك بولسا، كولاتقان ئادەم جاۋاپكار بولمايدۇ. دۇرۇس، مۇسۇلمانلارنىڭ ماڭىدىغان يولىغا ياكى غەيرىنىڭ يېرىگە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز قۇدۇق كولىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئادەم چۈشۈپ كېتىپ ئولۇپ كەتسە، كولىغۇچى جاۋاپكار بولىدۇ ۋە مىلىدىن كاپارەت بېرىدۇ. ئادەمدىن باشقا نەرسە چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولسا، كولىغۇچىغا تولەم كېلىدۇ. ئورەكلەرمۇ قۇدۇقنىڭ ھوكمىدە بولىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

كاندىن كەلگەن زىيانغا تۆلەم كەلمەيدۇ①. ئالتۇن، كۈمۈشتەك كان مەھسۇلاتىنىڭ بەشتىن بىرى زاكاتقا بېرىلىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى مۇئاھىدە تۈزۈشكەن② بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ جەننەتنىڭ بۇيىنى پۇرىيالمايدۇ. جەننەتنىڭ بۇيى قىرىق يىللىق مۇسابىدىن كېلىپ تۇرىدۇ.

## 570) ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش، زاكاتنى مەنئى قىلىش ۋە ھىلگەرلىك توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئەرابى كېلىپ: ئى رەسۇلۇللا، گۇناھى كەبىرلەر قايسى؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش، دېدى. ئەرابى: ئاندىن قايسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، دېدى. ئەرابى: ئاندىن قايسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: يالغاندىن قەسەم ئىچىش، دېدى. مەن: يالغان قەسەم دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللا: يالغاندىن قەسەم ئىچىپ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىش، دېدى.

---

① كولىغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئورۇلۇپ كېتىپ، ئۇ ئادەم ھالاك بولسا تۆلەم كەلمەيدۇ.

② جىزيە بېرىشكە توختام قىلىشقان ياكى مۇئاھىدە يېتىپ كېلىشىم تۈزۈشكەن ياكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ پاناھى ياكى بولۇشقا ئېرىشكەن بولسا.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: توگىلەرنىڭ خوجايىنى زاكىتىنى بەرمىسە، ئاللا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا توگىلەرنى ئاپىرىدە قىلىدۇ، توگىلەر تاپانلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە قاتتىق ئۇرىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىشى ئۇشۇقچە ئوتلاقنى توساش مەقسىدى بىلەن ئۇشۇق سۇيىنى توسمىسۇن①.

## 573) نىكا ۋە ھەدىيە توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن ئۇنى نىكا قىلىپ ئېلىشقا بولمايدۇ، چوكاننىڭ رازىلىق سوزىنى ئالماستىن ئۇنى نىكا قىلىپ ئېلىشقا بولمايدۇ، دىگەن. ئى رەسۇلۇللا: قىزنىڭ رازىلىقى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىغۇچىغا ئۇ: قىزنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرغىنى ئۇنىڭ رازىلىق بىلدۈرگەنلىكى بولىدۇ، دىگەن. بەزى ئادەملەر②: قىزدىن رازىلىق سورالمىسا ۋە ئۇ نىكالانغىلى ئۇنىمىسا، بىر ئادەم ھىلە ئىشلىتىپ ئىككى ئادەمنى تېپىپ، قىزنى

① بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بىر ئادەم سەھرادا سۇ چىقارسا، سۇنىڭ ئەتراپىدا ئوتلاق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتلايدىغان چارۋىلارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئىچىدىغان سۇيى بولمىسا، سۇنىڭ ئىگىسى ئۇشۇقچە سۇيىدىن چارۋىلارنىڭ ئىچىشىنى توسمىسۇن، چۈنكى سۇنى ئىچىشتىن توسقاندا كىشىلەر زىيان تارتىپ قالىدۇ.

② بۇ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەدۇر، ئۇنىڭغا ئاللانىڭ رەھمىتى بولسۇن.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن نىكالاپ ئالغانلىقتا يالغاندىن گۇۋالىق بەرگۈزسە، ئۇلارنىڭ گۇۋالىقىغا ئاساسەن، قازى قىزنىڭ نىكاسىنى مۇقىملاشتۇرسا، ئەر بولغۇچى يالغان گۇۋالىقنى بىلىپ تۇرۇپ قىزغا يېقىنچىلىق قىلسا، ھېچ كارايىتى يوق①، بۇ دۇرۇس نىكا ھىساپلىنىدۇ②، دەپ قارايدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بەرگەن سوغىسىنى قايتۇرۇۋالغان ئادەم قەي قىلىۋەتكەن نەرسىسىنى قايتا يىگەن ئىتقا ئوخشايدۇ، بىز بۇنداق يامان خىسلەت بىلەن سۈپەتلەنمەسلىكىمىز لازىم.

### 575) ياخشى بەندىلەرنىڭ كورگەن چۈشى، چۈشنىڭ ئاللا تەرىپىدىن بولىدىغانلىقى ۋە بىشارەتلىك چۈشلەر توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ياخشى ئادەمنىڭ كورگەن ياخشى چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ③ قىرىق ئالتە پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر.

---

① بۇنىڭ بىلەن گۇناكار بولمايدۇ.

② چۈنكى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبىدە قازىنىڭ ھوكمى سىرتقى ۋە ئىچكى جەھەتتىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

③ كىنايە تەرىقىسىدە ئېيتىلغان سوز، چۈنكى ئالدىن خەۋەر بېرىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن توگىگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ياخشى چۈش ئاللادىن بولىدۇ، قورقۇنچلۇق چۈش شەيتاندىن بولىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: پەيغەمبەرلىكتىن پەقەت بىشارەتلەرلا قالدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا، بىشارەتلەر نىمىلەر؟ دىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياخشى چۈش، دىدى.

## 578) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كورۇش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: مىنى چۈشىدە كورگەن ئادەم ئويغىدا كورىدۇ①، شەيتان مىنىڭ شەكلىمگە كىرەلمەيدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مىنى چۈشىدە كورگەن ئادەم راست كورگەن بولىدۇ، چۈنكى شەيتان مىنىڭ سۇرىتىمگە كىرەلمەيدۇ.

---

① قىيامەت كۇنى كورىدۇ دىگەن مەنىدە. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كورگۈچىگە ئۇنىڭ دۇنيادىن ئىمان بىلەن كىتىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر. چۈنكى دۇنيادىن ئىمان بىلەن كەتكەندىلا ئالدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قىيامەتتە ئالاھىدە كورگىلى بولىدۇ. ئاللا پەزلى-كەرىمى بىلەن بىزگە، دوستلىرىمىزغا ۋە مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كورۇشنى مۇيەسسەر قىلسۇن، مەرھەمەت قىلىپ بىزنى جەننەتكە داخىل قىلسۇن، دەۋزەخ ئازاۋىدىن ساقلىسۇن.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىبنى سىرىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: قىيامەت يېقىنلاشقان چاغدا، مۆمىننىڭ كۆرگەن چۈشى يالغان بولمايدۇ، مۆمىننىڭ كۆرگەن چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتە پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېگەن. مۇھەممەد ئىبنى سىرىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىنى راست دەپ قارايمەن، دەيدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: چۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى كىشى ئويغاق ۋاقتىدا شۇغۇللانغان ئىشلىرىنىڭ ئىنكاسى بىلەن كۆرگەن چۈش①، ئىككىنچىسى شەيتاندىن بولغان قورقۇنچلۇق چۈش، ئۈچىنچىسى ئاللا تەرىپىدىن بولغان بىشارەتلىك چۈش②. كىمكى يامان چۈش كۆرىدىكەن، ئۇنى ھېچ ئادەمگە ئېيتمىسۇن، تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن. ئىبنى سىرىن ئېيتىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە بويۇنغا تاقاق سېلىنىپ چۈشكەننى ياخشى ھېساپلىمايتتى، چۈشكە تەبىر بەرگۈچىلەر پۇتىغا ئىشكەل سېلىنىپ كۆرگەن چۈشنى ياخشى ھېساپلايتتى، ئۇنىڭغا دىندا مۇستەھكەم تۇرغانلىقنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەبىر بېرەتتى.

## 581) يالغاندىن چۈش كۆردۈم دېيىش توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەي-

---

① ئويغاق چېغىدىكى بىرەر مەشغۇلات ياكى ئىشقى-مۇھەببەتكە دائىر نەرسىلەر بولۇپ، بۇنداق چۈشنىڭ ئېتىۋارى، تەبىرى بولمايدۇ.

② بۇنى چۈش پەرىشتىسى ئېلىپ كېلىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

غەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى كۆرمىگەن چۈشىنى يالغاندىن كۆردۈم دېسە، ئۇ قىيامەت كۈنى ئىككى تال ئارپىنى بىر بىرىگە جۈپلەپ چىگىشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ، ئۇ ئۇنى ھەرگىزمۇ چىگەلمەيدۇ. كىمكى ئۇزىنىڭ ئاڭلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ياكى ئۇزىدىن قاچىدىغان خەلقنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ. كىمكى جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئازاپقا قالىدۇ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈشكە زورلىنىدۇ، ئۇ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزەلمەيدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىككى كۆزى كۆرمىگەن نەرسىنى كۆردۈم دېيىش ئەڭ چوڭ يالغانچىلىق ھىساپلىنىدۇ.

## 582) يامان چۈش كۆرگەندە قانداق قىلىش، بامدات نامىزىدىن كېيىن چۈش ئۇرۇش توغرىسىدا

ئەبدى رەببىھ ئىبنى سەئىد ئەبۇ سەلەمەدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئەبۇ سەلەمە ئېيتىدۇكى، مەن تاكى ئەبۇ قەتادەدىن مۇشۇ گەپنى ئاڭلىغىچە،يامان چۈش كۆرسەم كېسەل بولۇپ كېتەتتىم. ئۇ مۇنداق دېگەن: مەنمۇ تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئاڭلىغانغا قەدەر، يامان چۈش كۆرسەم كېسەل بولۇپ كېتەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ياخشى چۈش ئاللا تەرىپىدىن بولىدۇ، سىلەردىن بىر كىم ياخشى چۈش كۆرۈپ قالغان چېغىدا، ئۇنى پەقەت ياخشى كۆرگەن ئادىمىگىلا سۆزلەپ بەرسۇن، يامان

چۈش كورگەن چېغىدا، ئۇنىڭ يامانلىغىدىن ۋە شەيتانىنىڭ يامانلىغى-
دىن ئاللاغا سىغىنسۇن، ئۈچ قېتىم سول تەرىپىگە تۈكۈرۈۋەتسۇن،
ئۇنى ھېچكىمگە سوزلەپ بەرمىسۇن، ئۇ چۈش ئۇنىڭغا زىيان
يەتكۈزەلمەيدۇ.

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە سىلەردىن چۈش كورگەن
ئادەم بارمۇ؟ دەپ كوپ ئېيتاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللا خالىغان
ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشلىرىنى بايان قىلاتتى، پەي-
غەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەندە بىزگە مۇنداق دەپ بەرگەن:
كېچىسى ئىككى پەرىشتە كېلىپ مېنى تۇرغۇزۇپ، ماڭا: يۈر، دىدى،
مەن ئۇلار بىلەن يۈردۈم، بىز ئۇخلىغىنىدا ياتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا
كەلدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم تاشنى تۇتۇپ تۇراتتى ۋە تاش
بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، كاللىسىنى يەنچىيتتى، تاش دومى-
لاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەتتى، ئۇرغۇچى ئادەم تاشنى ئېلىپ، ئۇرۇل-
غۇچىنىڭ كاللىسى ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگىچە كۈتۈپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ كاللىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭ
ئۈستىگە تاشلىنىپ كاللىسىنى يەنچىيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
مۇنداق دىدى: مەن پەرىشتىلەرگە سۇبھانەللا (ئەجەپلىنىش مەنىسى-
دە ت)، بۇ ئىككى ئادەم نىمە ئادەم؟ دىسەم، پەرىشتىلەر ماڭا:
يۈر، يۈر، دىدى. بىز يۈرۈپ ئۇخلىغىنىدا ياتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا
كەلدۇق. بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، يۈزىنىڭ بىر تەرىپىگە
كېلىپ كانارە بىلەن ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن، بۇرنىدىن ۋە كوزىدىن
بويىنىغىچە تىلاتتى (ئەبۇ رەجانىڭ رىۋايىتىدە "تىلاتتى" دىگەن

سوزنىڭ ئورنىغا "ياراتتى" دېگەن سوز ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم)، ئاندىن يۈزىنىڭ ئىككىنچى تەرىپىنىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بۇ تەرىپىنى قىلىپ بولغىچە ئاۋالقى تىلىنغان تەرىپى ساقىيىپ ئەسلىگە كېلەتتى، ئەسلىگە كەلگەن تەرىپىنى يەنە ئاۋالقىدەك تىلاتتى. مەن: سۇبھا-نەللا، بۇ ئىككى ئادەم نىمە ئادەم؟ دەپ سورىدىم، پەرىشتىلەر ماڭا: يۈر، يۈر، دىدى. بىر يۈرۈپ تونۇرغا ئوخشايدىغان بىر گوداڭغا كەلدۇق. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: گوداڭدىن قىيا-چىيا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گوداڭغا قارىساق، قىپ-يالىڭاچ ئەر-ئاياللار بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئوتنىڭ يالقۇنى كېلىپ تۇرۇپتۇ، بۇ يالقۇن ئۇلارغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار ۋاقىرىشىپ كېتەتتى. مەن پەرىشتىلەردىن: بۇلار كىملەر؟ دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: يۈر، يۈر، دىدى. بىز يۈرۈپ بىر ئوستەڭگە يېتىپ كەلدۇق. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب ئېيتىدۇكى، ئېسىمدە قېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئوستەڭ قاندەك قىزىل ئىدى، ئوس-تەڭدە بىر ئادەم ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئوستەڭنىڭ قىرغىقىدا بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ يېنىغا نۇرغۇن تاش يىغىۋالغان ئىدى. ھېلىقى ئوستەڭدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئادەم تاش يىغىۋالغان ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاغزىنى ئاچاتتى، ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تاش سېلىپ قوياتتى. ئۇ بېرىپ ئوستەڭدە يەنە ئۈزەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە قايتىپ كېلەتتى. ھەر قايتىپ كەلگەندە ئاغزىنى ئاچاتتى، ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا تاش سېلىپ قوياتتى. مەن پەرىشتىلەردىن: بۇلار كىم؟ دەپ سورى-دىم، ئۇلار ماڭا: يۈر، يۈر، دىدى. بىز يۈرۈپ ناھايىتى قەبىھ سۈرەتلىك بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئوت

بولۇپ، ئۇ ئۇتنى قوچۇيتتى ۋە ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. پەرىشتىلەردىن: بۇ نىمە ئادەم؟ دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: يۈر، يۈر، دىدى. بىز يۈرۈپ، ئۇسۇملۇكلىرى ئىگىز ئۇسكەن، باھارنىڭ خىلمۇ-خىل گۈل-چىچەكلىرى بىلەن تولغان بىر باغچىغا كەلدۇق. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بويىنىڭ ئىگىزلىگىدىن بېشىنى كورگىلى بولمايدىغان ئىگىز بىر ئادەم تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن باللار تۇرۇپتۇكى، بۇنداق كوپ باللارنى زادى كورمىگەن ئىدىم. پەرىشتىلەردىن: بۇ كىم؟ ئۇلار كىملەر؟ دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: يۈر، يۈر، دىدى. بىز يۈرۈپ، شۇنداق چوڭ باققا يېتىپ كەلدۇقكى، بۇنداق چوڭ ۋە چىرايلىق باغنى زادى كورمىگەن ئىدىم. پەرىشتىلەر مېنى باققا چىق دىدى، بىز باققا چىقىپ ئالتۇن كېسەك بىلەن كۈمۈش كېسەكتىن سېلىنغان بىر شەھەرگە يېتىپ باردۇق، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق، بىزگە شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىپ بېرىلدى، شەھەرگە كىردۇق. بۇ يەردە بىزنى بەدەنلىرىنىڭ يېرىمى ئەڭ چىرايلىق، يېرىمى ئەڭ قەبىھ بولغان كىشىلەر كۇتۇۋالدى. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: بېرىڭلار، ئاشۇ ئوستەڭگە چۈشۈڭلار، دىدى. قارىساق، توغرىسىغا ئېقىۋاتقان بىر ئوستەڭ تۇرۇپتۇ. ئاقلىقتا ئۇنىڭ سۈيى گويا سۈتتەك ئىدى، ئۇلار ئوستەڭگە بېرىپ چۈشتى، ئاندىن بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى قەبىھلىك يوقىلىپ، ئۇلار ئەڭ چىرايلىق شەكىلگە كىرگەن ئىدى. پەرىشتىلەر ماڭا: بۇ سېنىڭ مەنزىلگاھىڭ ئەدنى جەننىتى بولىدۇ، دىدى. كوزۇمنى يۇقۇرىغا تىكىپ قارىسام، ئاق بۇلۇتتەك بىر ساراي تۇرۇپتۇ. پەرىشتىلەر ماڭا: مانا بۇ سېنىڭ ئورنۇڭ، دىدى. مەن پەرىشتىلەرگە: سىلەرگە



由 扫描全能王 扫描创建

ئاللا بەخت ئاتا قىلسۇنكى، مېنى قويىۋېتىڭلار، ئۇنىڭغا كىرىمەن، دېدىم. پەرىشتىلەر: ھازىر كىرىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا كېلىچەكتە كىرىسەن، دېدى. مەن پەرىشتىلەرگە: كېچىدىن بۇيان ئاجايىپ ئەھۋاللارنى كوردۇم، ئۇلارنى دەپ بەرسەڭلار، دېدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: ئۇلاردىن سېنى خەۋەردار قىلىپ قويايلى، سەن ئالدىدا كورگەن كاللىسى تاش بىلەن يەنچىلىۋاتقان ئادەم قۇرئاننى ئۇگىنىپ تاشلىۋەتكەن ۋە پەرز نامازنىڭ ۋاقتىدا ئۇخلايدىغان ئادەم؛ سەن كورگەن، جاۋغاي، بۇرۇن ۋە كوزلىرىدىن تارتىپ بويىنىغىچە تىلىنىۋاتقان ئادەم ئەتىگەندە ئويىدىن چىقىپ سىرتتا يالغان-ياۋداقلارنى تارقىتىدىغان ئادەم؛ تونۇرغا ئوخشايدىغان گوداڭدا تۇرغان ئەر-ئايالـلار بولسا پاھىشىۋازلار، سەن كورگەن ئوستەڭدە ئۈزۈۋاتقان، ئاغزىغا تاش سېلىنغان ئادەم بولسا جازانىخوردۇر؛ ئوتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنى قوچۇۋاتقان ۋە ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرغان ئادەم دەۋزەخقە مەسئۇل پەرىشتە مالىكتۇر؛ باغدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇنىڭ چورىسىدىكى بالىلار ئىسلام تەبىتى بىلەن تۇغۇلغانلاردۇر، دېدى. سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلاردىن بىرى: ئى رەسۇلۇللا، مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ، بەدەنلىرىنىڭ يېرىمى چىرايلىق، يېرىمى قەبىھ كەلگەن كىشىلەر ياخشى ئىشلارغا يامان ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغانلاردۇر، ئاللا ئۇلارنى كەچۇرسۇن، دېدى.

## 585) سۇلتانغا ئىتائەت قىلىش ۋە بىزگە قارشى قورال كۆتەرگەنلەر دېگەن ھەدىس توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى باشلىقىنىڭ بىرەر ئىشىنى① ياقتۇرمىسا، سەۋرى قىلسۇن②. كىمكى سۇلتانغا ئىتائەت قىلىشتىن بىر غېرىچ چەتنەيدىكەن، ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئۆلىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭلا بېشىغا كېلىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان بالانىڭ كېلىشىدىن ساقلىنىڭلار......" (سۇرە ئەنفال، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ـ ت)

جۇنادە ئىبنى ئۇمەييە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ يېنىغا كىردۇق، ئۇ كېسەل ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: ئاللا ساڭا شىپالىق بەرسۇن، بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىرەر ھەدىسنى سۆزلەپ بەرسەڭ، شۇنىڭ بىلەن ئاللا ساڭا ساۋاپ بەرگەي، دېدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى چاقىردى، بىز ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق، شۇنداق شەرت ئاستىدا بەيئەت قىلدۇقكى، ئىشقا قىزغىنلىق بولغان ھالدىمۇ، قىزغىنلىق بولمىغان ھالدىمۇ، قىيىن ھالدىمۇ، قولايلىق ھالدىمۇ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان، ئەمىرلەر شەخسى مەنپەئەتلىرىنى ئەلا بىلگەندىمۇ ئۇلارغا ئىتائەت

① دىنىي ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② يەنى يەتكەن كۆڭۈلسىزلىككە چىداپ، سۇلتانىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقمىسۇن.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلىدىغان، ئىش بېشىدىكىلەر ئاللا تەرىپىدىن ئېنىق دەلىلى ① بولغان ئاشكارا كۇپرىلىقنى سادىر قىلمىغىچە، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدىغان بولدۇق.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىم قېرىندىشىغا قورال تەڭلىمىسۇن، چۈنكى ئۇ ئۇقمايدىكى، شەيتان ئۇنىڭ قولىدىكى قورالنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى دەۋزەخقە تاشلايدىغان ۋەقەگە دۇچار قىلىپ قويۇشى مۇمكىن②.

### 591) بىرەر قەۋمنى ئاللانىڭ جازالىشى، پۇقرالارنى ياخشى باشقۇرۇش، گورىستانلىقنى ئارزۇ قىلىش توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللا بىرەر قەۋمگە ئازاپ-ئوقۇبەت كەلتۈرسە، ئازاپ-ئوقۇبەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كېلىدۇ③،

---

① قۇرئاندىن ياكى سەھىھ ھەدىستىن باشقىچە مەنە بېرىشكە بولمايدىغان ئېنىق دەلىل تاپمىغىچە، ئىسلام باشلىقلىرىنىڭ ھەركىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈشكە يوللا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتىرىش جايىز بولمايدۇ.

② بۇنىڭدىن ئوزى ھارام بولمىسىمۇ، ھارام نەرسىگە ئېلىپ بارىدىغان ئىشتىن ساقلىنىشنىڭ لازىملىغى چىقىدۇ، مەيلى ئۇ راست ياكى ئويۇن-چاخچاق يوسۇندا قىلىنىسۇن. شۇنىڭدەك بۇ ھەدىستىن، كىشىنى تىللاش، جېدەل-ماجرا قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئىشلىرىنىڭ مەنئى قىلىنغانلىغى چىقىدۇ.

③ ئازاپ ئومۇمى بولۇپ، ھەتتا ئۇ قەۋمنىڭ ئىچىدىكى ياخشى بەندىلەر-

由 扫描全能王 扫描创建

ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلار ياخشى-يامانلىقىغا قاراپ ئايرىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشى بىر ئادەمنىڭ قەۋرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كاشكى ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسامچۇ، دەپ ئارزۇ قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.

مەئقىل ئىبنى يەسار رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مۇسۇلمانلارنى ئىدارە قىلىدىغان ھەرقانداق ھاكىم ئۇلارغا ئالا كۆڭۈللۈك قىلغان ھالدا ئۆلىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ.

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىجىستاندا قازى بولۇپ تۇرغان ئوغلىغا مۇنداق دەپ يازغان: سەن دەرغەزەپ بولۇپ تۇرغان چېغىڭدا ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارمىغىن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ھاكىم بولغان ئادەم دەرغەزەپ بولۇپ تۇرغان چاغدا① ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ھەرگىز ھۆكۈم چىقارمىسۇن، دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

---

گىمۇ كېلىدۇ، چۈنكى ئاللانىڭ ئازابى ياخشى بەندىلەرنى پاكلايدىغان، پاسىق بەندىلەردىن ئۆچ ئالىدىغان نەرسىدۇر. ياخشى ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ، يامان ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ.

① چۈنكى غەزەپ ھاكىمنى ناھەق ھۆكۈم چىقىرىشقا ئېلىپ كېلىدۇ.

## 593) كىشى قازى بولۇشقا ۋە ئادالەت بىلەن ھوكۇم چىقىرىشقا قاچان لايىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

ھەسەن بەسرى: ئاللا ھاكىملارغا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكنى، كىشىلەردىن قورقماسلىقنى①، ئاللانىڭ ئايەتلىرىنى پۇچەك پۇلغا تېگىشمەسلىكنى يۈكلىدى، دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: "ئى داۋۇد، سېنى بىز زېمىندا ھوكۇمران قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەق ھوكۇم چىقارغىن، نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللانىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ. ئاللانىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساپ كۈنىنى ئۇنتۇغانلىقلىرى سەۋەبىدىن قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدۇ." (سۈرە ساد، 26-ئايەت.—ت) ئۇ يەنە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: "بىز ھىدايەتلىك ۋە نۇرلۇق تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، ئاللانىڭ ئەمرىگە بوي سۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىلارغا تەۋرات بىلەن ھوكۇم قىلاتتى، يەھۇدىلارنىڭ ئۆلىمالىرى ۋە زاھىدلىرىمۇ زايا قىلماي ساقلاپ قالغان تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ھوكۇم قىلاتتى، ئۇلار تەۋراتقا (ئۇنىڭ زايا بولۇپ كەتمەسلىكىگە ۋە ئۆزگەرتىلىپ كەتمەسلىكىگە) نازارەتچى ئىدى، (ئى يەھۇدىلار) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئەرزىمەس پۇلغا تېگىشمەڭلار، ئاللانىڭ نازىل قىلغان ئايەتلىرى بىلەن ھوكۇم قىلمايدىغانلار كاپىرلاردۇر." (سۈرە مائىدە، 44-ئايەت.—ت)

---

① زالىم پادىشادىن ياكى بىرەر ئادەمنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقماسلىققا ئوخشاش.

## 594) سۇلتاننى ماختاش توغرىسىدا

مۇزاھەم ئىبنى زۇفەر بىزگە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دېگەن دەيدۇ: قازى بولغان ئادەمدە تۆۋەندىكى بەش خىسلەتتىن بىرى كەم بولسا، ئۇنىڭدا بىر نۇقسان بولغان بولىدۇ. قازى بولغان ئادەم چېچەن، مۇلايىم، ھارامدىن ساقلىنىدىغان، قاتتىق سۆكەك، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئوبدان بىلىدىغان ۋە ئىلىم ئۈستىدە بىلىمگەنلىرىنى كۆپ سورايدىغان بولۇشى كېرەك. بىر قىسىم كىشىلەر جۈملىدىن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئۆمەرگە: بىز سۇلتاننىڭ ئالدىغا كىرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ھەققىدە سىرتتا قىلىدىغان سۆزىمىزنىڭ ئەكسىنى قىلىمىز، دېگەن. ئىبنى ئۆمەر: بۇنداق قىلىشنى رەسۇلۇللانىڭ ۋاقتىدا مۇناپىقلىق قاتارىدا سانايتتۇق، دېگەن.

## 595) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ۋە ئاياللارغا دىننى تەلىم بېرىش توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىغا پەرىشتىلەر كەلدى، پەرىشتىلەرنىڭ بەزىسى ئۇنى ئۇيقۇدا دېسە، بەزىسى كۆزى ئۇيقۇدا بولغان بىلەن قەلبى ئويغاق دېدى. ئۇلار ئۆزئارا بۇ ھەمراھىڭلار (پەيغەمبەرنىڭ) نىڭ بىر تەمسىلى بولىدۇ، ئۇنىڭغا بىر تەمسىل كەلتۈرۈڭلار دېيىشتى، پەرىشتىلەرنىڭ بەزىسى



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇ ئۇيقۇدا دېيىشسە، بەزىسى كوزى ئۇيقۇدا بولغان بىلەن قەلبى ئويغاق دېيىشتى. ئۇلار: ئۇنىڭ تەمسىلى شۇنداق بىر كىشىنىڭ تەمسىلىگە ئوخشايدۇكى، ئۇ بىر قورا سېلىپ، قورادا زىياپەت قىلغان، كىشىلەرگە زىياپەتكە چاقىرىدىغان بىر چاقىرغۇچى ئەۋەتكەن، چاقىرغۇچىنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلغان ئادەم قوراغا كىرىپ زىياپەتتىن يېگەن، تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغان ئادەم قوراغا كىرمىگەن، زىياپەتتىنمۇ يېمىگەن، دېيىشتى. پەرىشتىلەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ تەمسىلنى يېشىپ بېرىڭلار، ئۇنى ئۇ چۈشەنسۇن، دېيىشكەن. پەرىشتىلەرنىڭ بەزىسى ئۇنى ئۇيقۇدا دېيىشكەن، بەزىسى كوزى ئۇيقۇدا بولغان بىلەن قەلبى ئويغاق دېيىشكەن. پەرىشتىلەر: قورا بولسا جەننەتتىن، چاقىرغۇچى بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت. كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئايرىغۇچىدۇر①، دېيىشتى.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر ئايال كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، سېنىڭ سوزلىرىڭنى ئەرلەر ئاڭلاۋاتىدۇ، بىزگىمۇ ئىختىيارىڭ بويىچە بىر كۈننى بەلگىلەپ بەرسەڭ، شۇ كۈندە كەلسەك، بىزگە ئاللا ساڭا بىلدۈرگەن دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگەتسەڭ، دېدى. پەيغەمبەر

① مۇسۇلمانىنى، كاپىرنى، ياخشىنى، يامانىنى ئايرىغۇچىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن ئادەم نىجات تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن چەتلىگەن ئادەم ئازاپقا قالىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پالانى كۈندە، پالانى جايغا يىغىلىڭلار دېدى. ئۇلار يىغىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دىنىي ئەھكاملارنى تەلىم بەردى. ئاندىن ئۇلارغا: سىلەردىن بىرەر ئايالنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۈچ بالىسى ئۆلگەن ئىكەن، ئۇلار ئۇنىڭغا دەۋزەختىن پەردە بولىدۇ، دېدى. توپلانغان ئاياللاردىن بىرى: ئى رەسۇلۇللا، ئالدىن ئۆلگەن بالىسى ئىككى بولسىچۇ؟ دەپ سورىدى. ئەبۇ سەئىد، بۇ سوزنى ئايال ئىككى قېتىم تەكرارلىدى، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىككى بولسىمۇ، ئىككى بولسىمۇ، ئىككى بولسىمۇ شۇنداق، دېدى.

## 597) بۇرۇنقىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش ۋە گۇمراھلىققا دەۋەت قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

يەنە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەر چوقۇم ئۆزەڭلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ يولىغا قەدەممۇ-قەدەم يېقىندىن ئەگىشىسلەر، ھەتتا ئۇلار كىلەنىڭ ئۇۋىسىغا كىرگەن بولسىمۇ①، ئۇلارغا ئەگىشىسلەر، دېدى. بىز: ئى رەسۇلۇللا، بىز ئەگىشىدىغانلار يەھۇدىلار بىلەن ناسارلارمۇ؟ دېۋىدۇق، رەسۇلۇللا: ئۇلاردىن باشقا كىم بولاتتى؟ دېدى.

---

① كۆپرىدا ئەمەس، گۇنادا ئۇلارغا قاتتىق مۇۋاپىقلىشىشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ۋە يولىغا ئەگىشىشتە مۇشۇنداق تار يەرگە كىرسىمۇ ئارقىسىدىن كىرىسلەر، دېگەن مەنىدە.



由 扫描全能王 扫描创建

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ھەر بىر ئادەمدە تۇنجى ئادەم بالىسىنىڭ ھەسسىسى بار①، دېگەن. سۇفيانىنىڭ رىۋايىتىدە بۇ ھەدىسكە: ئۇنىڭ قېنىدا ھەسسىسى بار، چۈنكى ئۇ تۇنجى قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈشنى يولغا قويغان②، دېگەن سۆز قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "قىيامەت كۈنى ئۇلارغا پۈتۈن گۇنالىرى يۈكلىنىدۇ، ئۆزلىرى ئۇقماستىن ئازدۇرغانلارنىڭ گۇنالىرىمۇ يۈكلىنىدۇ......" (سۈرە نەھل، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ــ ت)

## 598) ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە ئاللانىڭ رىزقى بەرگۈچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مادامىكى دىللار

---

① قابىلنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② بۇ ھەدىستە دىندا بىدئەتلەرنى ۋە يېڭى نەرسىلەرنى پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ، چۈنكى بىدئەتنى پەيدا قىلغان ئادەم دەسلىۋىدە ئۇ كىچىك ئىش بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا سەل قارايدۇ. بىدئەتنى ئەسلىدە پەيدا قىلغۇچى شۇ بولغانلىقتىن، كېيىن بىدئەتكە ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇنايى شۇنىڭغا بولىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۇ تۇيمايدۇ. چۈنكى ھەدىستە، كىمكى زالالەتكە ئۈندەيدىكەن، زالالەتكە ئەگەشكەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇنايىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن، ئۈندىگۈچىگە ئۇلارنىڭ گۇنايىغا ئوخشاش گۇنا يۈكلىنىدۇ، دېيىلگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

قۇرئانغا مەركەزلەشكەن ئىكەن، ئۇنى ئۇقۇغۇلار، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، تۇرۇپ كېتىڭلار.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتكە ھېچكىم ئاللادەك سەۋرچان ئەمەس. ئۇلار ئاللانىڭ بالىسى بار، دەپ توھمەت چاپلىغان بولسىمۇ، ئاللا ئۇلارغا ئامان-ئېسەنلىك بېرىۋاتىدۇ، رىزقى بېرىۋاتىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "ئاللا ھەقىقەتەن ناھايىتى رىزقى بەرگۈچىدۇر، پەۋقۇلئاددە كۈچلۈكتۇر" (سۇرە زارىيات، 58-ئايەت. —ت)

**599) ئۇخلاش ۋاقتىدا ئاللاتائالانىڭ ئىسىملىرىنى ۋاستە قىلىپ تىلەش توغرىسىدا ۋە "ئاللا سىلەرنى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ" دېگەن ئايەت توغرىسىدا**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن پانا تىلەيمەنكى، سەندىن بولەك ھېچ ئىلاھ يوق، سەن ئۆلمەيسەن، جىنلار، ئىنسانلار ئۆلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار يېتىش ئۈچۈن توشەككە كەلگەن چاغدا، توشەكنى كىيىمىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن

ئۈچ قېتىم قېقىۋەتسۇن ۋە مۇنداق دېسۇن: رەببىم، يېنىمنى ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ تۇرۇپ قويدۇم، ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ تۇرۇپ كوتىرىمەن، مېنى قەبزى روھ قىلساڭ، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ئەگەر مېنىڭ ھاياتىمنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولساڭ، مېنى ياخشى بەندىلىرىڭنى مۇھاپىزەت قىلغان نەرسەڭ بىلەن مۇھاپىزەت قىلغىن.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخشىمى ياتقاندا، ئى ئاللا، ياشايدىكەنمەن، ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ ياشايمەن، ئۆلىدىكەنمەن، سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ ئۆلىمەن، دەيتتى. ئەتىگەندە تۇرغاندا: جىمى مەدھىيە بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن ئاللاغا مەنسۇپ، قىيامەت كۈنى يەنە ئاللا تىرىلدۈرىدۇ، دەيتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ دېگەن: مېنىڭ بەندەم مېنى ئۆزىگە قارىتا قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن①، ماڭا ئۇ زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن،

---

① ئەگەر ئۇ: مېنى ئاللا كەچۈرىدۇ ۋە ئەپۇ قىلىدۇ، دەپ ئويلىسا، ئۇنى كەچۈرىمەن ۋە ئەپۇ قىلىمەن. ئەگەر مېنى جازالايدۇ، دەپ ئويلىسا، مەن ئۇنى جازالايمەن. ھەر كىشى ئىبادەت ۋەزىپىلىرىنى ئاللا قوبۇل قىلىدۇ ۋە مېنى مەغپىرەت قىلىدۇ، دەپ ئىشەنگەن ھالدا تىرىشىپ ئورۇنلىشى كېرەك، چۈنكى ئاللا ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشقا ۋەدە قىلغان، ئاللا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئاللا توغرىلىق يۇقۇرقىنىڭ ئەكسىچە ئېتىقاتتا بولۇپ، ئاللانىڭ رەھمىتىدىن نائۇمىت بولۇش گۇنايى كەبىرىدۇر. كىمكى مۇشۇ ئېتىقاتتا ئۆلىدىكەن، ئۇنىڭ قانداق بولۇشى ئويىغا باغلىق، گۇنالارغا چۆمگەن ھالدا ئاللانىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى ئويلاش نوقۇل نادانلىق ۋە غاپىللىقتۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەگەر ئۇ ماڭا مەخپى زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا مەخپى ساۋاپ بېرىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا جامائە بار يەردە زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇ جامائەدىنمۇ ياخشى جامائە بار يەردە ساۋاپ بېرىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن①.

## 600) ئاللانىڭ ناھايىتى باي ئىكەنلىگى، ئاللانىڭ ھەممىدىن بەك قورۇيدىغانلىقى ۋە غەم-قايغۇ دۇئاسى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللا ناھايىتى بايدۇر، ئۇنىڭ بايلىغى بەرگەنگە خوراپ قالمايدۇ، ئاللانىڭ ئاتاسى كېچە-كۈندۈز توكۈلۈپ تۇرىدۇ، ئاسمان-زېمىننى ياراتقاندىن بۇيان، ئاللانىڭ بەرگەنلىرىنى كوردۇڭلارمۇ؟ ئاللانىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەر خوراپ قالغىنى يوق. ئاسمان-زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئاللانىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۇستىدە ئىدى. ئاللانىڭ يەنە بىر قولىدا ئادالەت تارازىسى بولۇپ، خالىغان ئادەمنى تۆۋەن چۈشۈرىدۇ، خالىغان ئادەمنى

① يەنى ماڭا ئاز ئىبادەت بىلەن يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا كوپ ساۋاپ بېرىمەن، تائەت-ئىبادەتنى قانچە كوپ قىلسا، ئۇنىڭغا شۇنچە كوپ ساۋاپ بېرىمەن دىگەن مەنىدە. يېقىنلىشىش ۋە يۈگۈرۈش دىگەن سوز ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئېيتىلغان كىنايە گەپتۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

يۇقۇرى كوتىرىدۇ.

مۇغىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئىد ئىبنى ئۇبادە: ئەگەر بىرەر ئەرنى ئايالىم بىلەن بىللە كورىدىغان بولسام، ئۇ ئەرنى چوقۇم قىلىچنىڭ بىسى بىلەن ئۇراتتىم، دىگەن. بۇ سوز رەسۇلۇللاغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ مۇنداق دىگەن: سەئىدنىڭ قورۇشىدىن ئەجەپلىنىۋاتامسىلەر، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئەلۋەتتە سەئىددىن ئارتۇقراق قورۇيمەن، ئاللا بولسا مەندىن ئارتۇق قورۇيدۇ، ئاللا بەك قورۇغۇچى بولغانلىقى ئۇچۇن، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ناچار قىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلغان، ئۇزرىنى ئاللادىن ئارتۇق ياقتۇرىدىغان ھېچكىم يوق. شۇڭلاشقا ئاللا بىشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، مەدھىيىسىنى ئۇلۇغ ئاللادىن ئارتۇق ياقتۇرىدىغان ھېچكىم يوق، شۇڭلاشقا ئاللا ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلغان.

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىغا غەم-قايغۇ چۈشكەندە مۇنداق دەيتتى: ئۇلۇغ مۇلايىم ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىسى ۋە كوركەم ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق.

**601) پەرىشتىلەرنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىغا چىقىپ تۇرىدىغانلىقى، قىيامەت كۈنى مومىنلەرنىڭ ئاللانىڭ جامالىنى كورىدىغانلىقى ۋە چېھرىلىرىنىڭ نۇرانە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاراكىلاردا كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەسرى نامىزى بىلەن بامدات نامىزى ۋاقتىدا جەم بولىدۇ، ئاندىن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا بولغان پەرىشتىلەر ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ. پاك ئاللا بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى پەرىشتىلەردىن ئوبدانراق بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن: بەندىلىرىمنى قايسى هالدا قويۇپ چىقتىڭلار؟ دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى ناماز ئوقۇۋاتقان هالدا قويۇپ چىقتۇق ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان هالدا يېتىپ بارغان ئىدۇق، دېيىشىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئاللانى كورۇش توغرىلىق: ئى رەسۇلۇللا، قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كورەمدۇق؟ دەپ سورىغان ئىدۇق. رەسۇلۇللا: هاۋا ئوچۇق ۋاقتىدا كۈن بىلەن ئاينى ئوچۇق كورۇش ئۈستىدە دە-تالاش قىلامسىلەر؟ دېدى. بىز: ياق، دېدۇق. رەسۇلۇللا: بۇ چاغدا سىلەر رەببىڭلارنى كورۇشتە خۇددى ئاي بىلەن كۈننى ئوچۇق كورۇشتە دە-تالاش قىلمىغاندەك دە-تالاش قىلمايسىلەر، ئاندىن كېيىن بىر جاكاچى چىقىپ: هەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەت قىلغان نەرسىلىرىنىڭ يېنىغا بارسۇن، دەپ جاكالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناسارالار ئۆزلىرىنىڭ سەلىبى (كىرستى ـــ ت) قېشىغا بارىدۇ، مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنىڭ قېشىغا بارىدۇ، باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلغانلارنىڭ هەممىسى ئوز ئىلاھلىرىنىڭ قېشىغا بارىدۇ. ئاخىردا مەيلى پەجۇەخ بەندە بولسۇن، ياكى ئاسى بەندە بولسۇن، ئۇلۇغ ئاللاغا ئىبادەت قىلغانلار قېلىپ قالىدۇ. ئۇلارغا: كىشىلەر كەتكەن تۇرسا، سىلەر



由 扫描全能王 扫描创建

نىمشقا بۇ يەردە ئولتۇرىسىلەر؟ دېيىلىدۇ. ئۇلار: بىز دۇنيادىكى چاغدا ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەن ئىدۇق①، ۋاھالەنكى، ئۇ چاغدا ئۇلارغا بىز ئەڭ مۇھتاج ئىدۇق، بىز بىر جاكاچىنىڭ ھەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەت قىلغان نەرسىلىرىگە بېرىپ قوشۇلسۇن، دەپ جاكالىغانلىغىنى ئاڭلىدۇق، بىز رەببىمىزنى كۈتمەكتىمىز، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا قەھر قىلغۇچى ئاللا يېتىپ كېلىپ: مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن، دەيدۇ. ئۇلار: سەن بىزنىڭ رەببىمىزدۇرسەن، دەيدۇ. ئۇ چاغدا ئاللاتائالاغا پەيغەمبەرلەردىن غەيرى ئادەم گەپ قىلالمايدۇ، ئاللاتائالا ئۇلارغا: سىلەر بىلەن مېنىڭ ئارامدا سىلەر مېنى تونۇيدىغان بىرەر بەلگە بارمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار: چوڭ نۇردىن ئىبارەت بەلگە بار، دەيدۇ. بۇ چاغدا ئاللانىڭ چوڭ نۇرى نامايەن بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھەر بىر مومىن سەجدە قىلىدۇ، بۇ دۇنيادا ئاللاغا رىياكارلىق بىلەن باشقىلارغا كورستىش ئۈچۈن سەجدە قىلغانلارلا قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلماقچى بولغانلىرىدا بەللىرى قېتىپ قېلىپ، سەجدە قىلالمايدۇ، ئاندىن كېيىن سىرات كوۋرۈكى ئېلىپ كېلىنىپ دەۋزەخنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سىرات كوۋرۈكى دېگەن نىمە؟ دەپ سورىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئۇ ئاياق تېيىلىپ كېتىدىغان تېيىلغاق كوۋرۈكتۇركى، ئۇنىڭ ئىلمەكلىرى، قاماقلىرى بار، ئەگرى تىكەنلىك چوڭ بۇدۇشقاقلىرى باركى، بۇ نەجدىدە (ئەرەپ زېمىنىنىڭ بىر ئېگىزلىك قىسمى بولۇپ، يۇقۇرىسى تىھامە، يەمەن بىلەن، توۋىنى ئىراق، سۇرىيە بىلەن چېگرىلە-

① دۇنيادىكى چاغدا بىر ئاللانىڭ ئىبادىتىدىن يۈز ئورۇگەنلەردىن ئايرىلىپ كەتكەن ئىدۇق، ئاللانى دەپ ئۇلارنى تەرك ئەتكەن ئىدۇق.

نىدۇ.—ت) ئۇسىدۇ، ئۇ قامغاق دېيىلىدۇ. مومىنلەر سىرات كوۋرۈگ-
ىدىن كوزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە، چاقماقتەك، شامالدەك، يۈگۈرەك
ئاتتەك، يۈگۈرەك توگىدەك تېز ئوتۇپ كېتىدۇ، بەزىلىرى ساپ-ساق
ئوتۇپ كېتىدۇ، بەزىلىرى يارىلىنىپ ئوتۇپ كېتىدۇ، بەزىلىرى
ئوتەلمەي دەۋزەخ ئوتىغا يىقىلىدۇ، ھەتتا ئوتۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئەڭ
ئاخىرىسى سورەپ ئوتكۈزۈلىدۇ. مومىنلەرنىڭ ئوز قېرىنداشلىرىنىڭ
ئاخىرەتتە دەۋزەختىن قۇتۇلۇشىنى ئاللادىن سورىشى سىلەرنىڭ بۇ
دۇنيادا ئوزەڭلارغا ئېنىق بولغان بىر ھەقىقەت ئۈستىدە ماڭا تەلەپ
قويۇشۇڭلاردىنمۇ كۈچلۈكتۇر. ئۇلار ئوزلىرى نىجات تاپقاندىن
كېيىن: رەببىمىز، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بىز بىلەن بىللە ناماز
ئوقۇيتتى، بىز بىلەن بىللە روزا تۇتاتتى، بىز بىلەن بىللە ئەمەل
قىلاتتى، دەيدۇ. ئاللاتائالا ئۇلارغا: بېرىڭلار، كىمنىڭ قەلبىدە
مىسقالچە ئىمان بولىدىكەن، ئۇنى دەۋزەختىن چىقىرىڭلار، دەيدۇ.
ئاللا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى دەۋزەخقە ھارام قىلىدۇ. ئۇلار دەۋزەخ-
تىكىلەرنىڭ يېنىغا بارىدۇ، قارىسا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ پۇتى
دەۋزەخقە پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە پاتقان، ئۇلاردىن تونۇغانلىرىنى
دەۋزەختىن چىقىرىدۇ، ئاندىن قايتىپ كېلىشىدۇ. ئاللا ئۇلارغا:
بېرىڭلار، كىمنىڭ قەلبىدە يېرىم مىسقالچە ئىمان بولىدىكەن، ئۇنى
دەۋزەختىن چىقىرىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار بېرىپ تونۇغانلىرىنى دەۋزەختىن
چىقىرىدۇ، ئاندىن قايتىپ كېلىشىدۇ. ئاللاتائالا ئۇلارغا: بېرىڭلار،
كىمنىڭ قەلبىدە زەررىچە ئىمان بولىدىكەن، ئۇنى دەۋزەختىن
چىقىرىڭلار، دەيدۇ، ئۇلار تونۇغانلىرىنى دەۋزەختىن چىقىرىدۇ.—
ئەبۇ سەئىد: ئەگەر مېنىڭ سوزۈمگە ئىشەنمىسەڭلار، ئاللاتائالانىڭ
"ئاللا زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ، ئەگەر ياخشىلىق بولىدىكەن، ئۇنىڭ



由 扫描全能王 扫描创建

ساۋابىنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ" دىگەن سوزىنى ئوقۇغۇلار دەيدۇ. — شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە موئمىنلەر شاپائەت قىلىدۇ، بۇ چاغدا قەھرى قىلغۇچى ئاللا: مېنىڭ شاپائىتىم قېلىپ قالدى، دەيدۇ-دە، دەۋزەختىن بىر چاڭگال سېلىش بىلەن، ئۇنىڭدىكى كويۇپ قارىداپ كەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۇلار جەننەتنىڭ كوچا ئېغىزلىرىدىكى ئابى ھايات دىيىلىدىغان ئوستەڭگە تاشلىنىدۇ، ئوستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇلارنىڭ ئەزاسى كەلكۈن لاتقىلىرىدا ئوت-چوپلەر ئۈرۈغى ئۈنۈپ چىققاندەك چاپسان ئۈنۈپ چىقىدۇ. قورام تاشلارنىڭ، دەل-دەرەخلەرنىڭ يانلىرىدا ئۈنۈپ چىققان ئۇنداق چوپلەرنى ئەلۋەتتە كورگەنسىلەر، ئۇلارنىڭ كۈنگەي يەردە ئوسكەنلىرى يېشىل بولىدۇ، تەسكەي يەردە ئوسكەنلىرى ئېقىش بولىدۇ. ئۇلار ئوستەڭدىن مەرۋايىتتەك ئاپپاق بولۇپ چىقىدۇ، ئۇلار-نىڭ بويۇنلىرىدا ئالتۇن ۋە باشقا نەرسىلەردىن قىلىنغان بەلگىلەر بولىدۇ، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھلى جەننەت ئۇلارنى: بۇلار ئاللا دەۋزەختىن ئازات قىلغانلاردۇر، ئاللا ئۇلارنى دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، خەيرلىك ئىشلىرى بولمىسىمۇ جەننەتكە كىرگۈز-گەنلەردۇر، دەيدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا: كوزۇڭلار چۈشكەن نەرسى-لەرنىڭ ھەممىسى ۋە ئۇلاردىن بىر ھەسسە ئارتۇق نەرسىلەر سىلەرگە مەنسۇپ، دىيىلىدۇ①.

①بۇنىڭدىن شۇنى كورۇۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ ئۇممەت ئىچىدىكى گۇناكار بەندىلەر دەۋزەختە ئازاپلانغاندىن كېيىن ئاللانىڭ شاپائىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىپ دەۋزەختىن قۇتۇلىدۇ. ئى ئاللا، سېنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا پەرۋەردىگارىڭلار ئاللا سۆز قىلىدۇ، ئارىدا تەرجىمان بولمايدۇ، توساپ تۇرىدىغان پەردىمۇ بولمايدۇ.

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر گۇرۇھ ئادەم ھامان ئاللانىڭ ھەققانى بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇلارنى يالغانچى قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرغۇچىلار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، تاكى قىيامەت قايىم بولۇش توغرىسىدىكى ئاللانىڭ بۇيرۇغى يېتىپ كەلگىچە، ئۇلار شۇ يوسۇندا ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ.

## 604) بۈيۈك ئاللانىڭ كالامى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: بىر بەندە بىر گۇناھنى قىلىپ تاشلاپ، پەرۋەردىگارىم، گۇنا قىلىپ سالدىم، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، دېگەن. ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى: مېنىڭ بەندەم گۇنايىنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە گۇنايى ئۈچۈن جازالايدىغان پەرۋەردىگار بارلىغىنى بىلگەن ئىكەن، بەندەمنى مەغپىرەت قىلدىم، دېگەن. ئاندىن ئۇ خۇدا خالىغانچە ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، گۇنا ئۆتكۈزۈپ: ئى پەرۋەردىگارىم، ئىككىنچى قېتىم گۇنا ئۆتكۈزدۈم، مېنى كەچۈرگىن، دېگەن. ئاللا: بەندەم گۇنايىنى كەچۈرىدىغان ۋە



由 扫描全能王 扫描创建

گۇنايى ئۇچۇن جازالايدىغان پەرۋەردىگارى بارلىقىنى بىلگەن ئىكەن، بەندەمنى كەچۇردۇم، دىگەن. ئاندىن ئۇ خۇدا خالىغانچە ۋاقت تۇرغاندىن كېيىن، گۇنا ئۆتكۈزۈپ: ئى پەرۋەردىگارىم، يەنە گۇنا ئۆتكۈزدۇم، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، دىگەن. ئاللا: بەندەم گۇنايىنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە گۇنايى ئۇچۇن جازالايدىغان پەرۋەردىگارى بارلىقىنى بىلگەن ئىكەن، بەندەمنىڭ گۇنايىنىڭ ئۇچىلىسىنى كەچۇردۇم. خالىغىنىنى قىلسۇن①، دىگەن.

ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ھەر بىر ئادەم بىلەن قىيامەت كۇنى ئاللا تەرجىمانسىز بىۋاستە سوزلىشىدۇ. ئۇ ئادەم ئوڭ تەرىپىگە قاراپ، ئوزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنى كورىدۇ، ئاندىن سول تەرىپىگە قاراپ، ئوزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان

---

①گۇنا ئۆتكۈزۈپ تۇۋا قىلسۇن ۋە ئىستىغفار ئېيتسۇن دىگەن گەپ، گۇنا قىلىپ تەۋبە قىلغاندىن كېيىن قايتا گۇنا قىلسۇن دىگەن گەپ ئەمەس. بۇنداق قىلىش يالغانچىلارنىڭ تەۋبىسىدۇر. ئەبۇلئەبباس: بۇ ھەدىس ئىستىغفارنىڭ پايدىسىنىڭ چوڭلۇغىنى، ئاللانىڭ پەزلىنىڭ كوپلۇگىنى، ئاللانىڭ رەھمىتى-ئىلتىپاتى ۋە كەرىمىنىڭ كەڭلىگىنى كورسىتىدۇ. لېكىن بۇ ئىستىغفار ئارقىلىق، گۇنانى قىلىۋېرىشتىكى تۇگۇنىنىڭ يېشىلىشى ۋە گۇناغا بولغان پۇشايماننىڭ ھاسىل بولۇشى ئۇچۇن، ئىستىغفار ئېغىزدا ئېيتىلىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ مەنىسى دىلىغا ئورنىشى كېرەك. "گۇنا قىلىپ بولۇپ تەۋبە قىلغان ئادەم سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ھىساپلىنىدۇ" دىگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى گۇنا بىلەن تەۋبە تەكرارلىنىپ تۇرغان، ھەرقاچان گۇنا ئۆتكۈزسە، تەۋبە قىلىدىغان، ئاغزىدا ئەستەغپىرۇللا دەپ قويۇپ، گۇناغا چومگەن بولماسلىغى كېرەك، دىگەنلىك بولىدۇ.

ئەمەللىرىنى كورىدۇ. ئۆزىنىڭ ئالدىغا قاراپ دەۋزەخنىڭ كوز ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كورىدۇ. يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ دەۋزەختىن ساقلىنىڭلار①.

## 605) قۇرئان بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، قۇرئان ئوقۇشقا ئۇستا ئادەم ۋە قۇرئاننى ياخشى ئوقۇش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىككى خىل ئادەمگىلا زوقلىنىشقا بولىدۇ، يەنى ئاللا قۇرئان ئوقۇشقا ئۇستا قىلغان، كېچە-كۈندۈز قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان ئادەمگە قاراپ مېنىمۇ ئاللا قۇرئان ئوقۇشقا مۇشۇنداق ئۇستا قىلغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭدەك كېچە-كۈندۈز تىلاۋەت قىلاتتىم، دەپ زوقلىنىشقا؛ ئاللا پۇل-مال ئاتا قىلغان، پۇل-مېلىنى ئاللانىڭ يولىدا سەرپ قىلىدىغان ئادەمگە قاراپ ماڭىمۇ ئاللا ئاشۇنداق پۇل-مال بەرگەن بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭدەك ئاللا يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلاتتىم، دەپ زوقلىنىشقا بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ياخشى ئوقۇيدىغان ئادەم② ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى ھۆرمەتلىك، ئىتائەتچان

---

①يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ كىشىگە زۇلۇم قىلماڭلار، ياكى يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ، ئۇنى دەۋزەخ بىلەن ئۆزەڭلارنىڭ ئاراڭلاردا قالقان قىلىڭلار، دېگەن مەنىدە.

② ھېپىزى قىلىپ ياخشى ئوقۇيدىغان ئادەم.

由 扫描全能王 扫描创建

پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ، قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن رەتلىك، ئوبدان ئوقۇغۇچىلار.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئاللاتائالا ھېچ نەرسىگە قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇغان پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاندەك قۇلاق سالغان ئەمەس.

## 608) مۇئەززىننىڭ ئاۋازى، ئاللانىڭ سىلەرنى ياراتقانلىقى ۋە مىراج توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرەھمانىغا ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: سېنى قوي بىلەن قىرنى ياخشى كورىدۇ، دەپ قارايمەن. سەن قوي بىلەن بولغىنىڭدا ياكى قىردا بولغىنىڭدا، نامازغا ئەزان ئېيتساڭ، ئۈنلۈك توۋلىغىن، چۈنكى مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىنسى-جىن ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا گۇۋا بولىدۇ. ئەبۇ سەئىد خۇدرى بۇ سوزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇشۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دېگەن: ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى، ماڭا ئوخشاش مەخلۇقات يارىتىشقا ئۇرۇنغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ چۈمۈلە ياكى ئۇرۇق ۋە ياكى ئارپا چاغلىق نەرسىنى يارىتىپ باقسۇن.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەنەس ئىبن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت
قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسچىت ھارامدىن مىراجغا ئېلىپ
چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ پەرىشتە
كەلدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىت ھارامدا ئۇخلا-
ۋاتاتتى، بىرىنچى پەرىشتە: مۇھەممەد قايسى (مەسچىت ھارامدا ئۇخلا-
ۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە.ــت)؟ دەپ سورىدى. ئىككىنچى پەرىشتە: ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدىكى ياخشىسى شۇ، دېدى. ئۈچىنچى پەرىشتە: ئۇلارنىڭ
ياخشىسىنى مىراجغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىڭلار، دېدى.
بۇ كېچىدىكى ۋەقە مۇشۇنداق بولدى. ئۇلار يەنە بىر كېچىدە
كەلگەنگە قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆرمىدى.
پەرىشتىلەر ئىككىنچى قېتىم كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
دىلى كۆرۈپ تۇراتتى، كۆزى ئۇيقۇدا، دىلى ئويغاق ئىدى. پەيغەم-
بەرلەرنىڭ ئەنە شۇنداق كۆزلىرى ئۇيقۇدا بولغان بىلەن، دىللىرى
ئۇخلىمايدۇ. پەرىشتىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گەپ قىلماستىن
كۆتىرىپ ماڭدى. ئۇنى ئېلىپ كېلىپ زەمزەم قۇدۇغىنىڭ يېنىغا
قويدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن جىبرىل ئىگە بولۇپ، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ كېكىرتىكىدىن كۆكرىكىگىچە ياردى. كۆكرىكىنى
يېرىپ بولۇپ، ئىچىنى جىبرىل ئۆزى زەمزەم سۈيى بىلەن يۇيۇپ
پاكىزلىدى. ئاندىن كېيىن ئىمان ۋە ھېكمەت توشقۇزۇلغان بىر
ئالتۇن قاچا سېلىنغان بىر ئالتۇن داس كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بىلەن
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكرىكى ۋە كېكىرتىكىنىڭ تومۇرلىرى
تولدۇرۇلدى، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇلدۇلغا
مىندۈرۈلۈپ بەيتۇلمۇقەددەسكە ئېلىپ كېلىندى. ئاندىن جىبرىل
ئۇنى ئېلىپ بىرىنچى ئاسمانغا ئۆرلىدى، جىبرىل ئاسماننىڭ دەرۋازى-



由 扫描全能王 扫描创建

لىرىدىن بىرىنى قاقتى، ئەھلى ئاسمان: كىم بۇ؟ دەپ توۋلىدى. جىبرىئىل: مەن، دىدى. ئەھلى ئاسمان: سەن بىلەن كىم بار؟ دىدى. جىبرىئىل: مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار، دىدى. ئەھلى ئاسمان: ئۇ ئاسمانغا ئورلەشكە چاقىرىلدىمۇ؟ دىدى. جىبرىئىل: ھەئە، دىدى. ئەھلى ئاسمان: ئۇنى قارشى ئالىمىز، دىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇمىتۋار بولدى. ئۇلار ئاللا زىمىندا ئىرادە قىلغان نەرسىنى بىلدۈرمىگىچە بىلمەيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى ئاسماندا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۇچراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جىبرىئىل: بۇ سىنىڭ ئاتاڭ بولىدۇ، ئۇنىڭغا سالام بەرگىن، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاپ قايتۇردى ۋە ئوغلۇمنى قارشى ئالىمەن، سەن نىمە دىگەن ياخشى ئوغۇل، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى ئاسماندا ئېقىپ تۇرغان ئىككى دەريانى كوردى. ئۇ جىبرىئىلدىن: بۇ ئىككىسى قايسى دەريا؟ دەپ سورىدى. جىبرىئىل: بۇلار نىل دەرياسى بىلەن فۇرات دەرياسىنىڭ مەنبەسىدۇر، دىدى. ئۇ يەردىن ئوتكەن-دىن كېيىن ئۇستىگە مەرۋايىت بىلەن زەبەرجەتتىن ساراي سېلىنغان بىر دەرياغا كەلدى. ئۇ دەرياغا قولىنى سېلىپ كورۇپ، ئۇنىڭ خۇش بۇيى ئىپار ئىكەنلىگىنى بىلدى. ئۇ: ئى جىبرىئىل، بۇ نىمە؟ دەپ سورىدى. جىبرىئىل: رەببىڭ ساڭا ساقلاپ قويغان كەۋسەر مۇشۇ، دىدى. ئاندىن ئۇ ئىككىنچى ئاسمانغا ئورلىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا دەسلەپكى قېتىمقىدەك: كىم بۇ؟ دىدى. جىبرىئىل: مەن، دىدى. ئۇنىڭغا: سەن بىلەن كىم بار؟ دىدى، جىبرىئىل: مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار، دىدى. ئۇلار: ئۇ ئاسمانغا ئورلەشكە چاقىرىلدىمۇ؟ دىدى. جىبرىئىل: ھەئە، دىدى. ئۇلار: ئۇنى قارشى



由 扫描全能王 扫描创建

ئالمىز، دىدى. ئاندىن ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ ئۈچىنچى ئاسمانغا چىقتى. ئەھلى ئاسمان ئۇنىڭغا بىرىنچى، ئىككىنچى ئاسماندىكىلەر قىلغان گەپلەرنى قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن تۆتىنچى ئاسمانغا چىقتى. ئۇ يەردىكىلەرمۇ شۇ گەپلەرنى قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بەشىنچى ئاسمانغا چىقتى، ئۇ يەردىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇ گەپلەرنى قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئالتىنچى ئاسمانغا چىقتى. ئۇ يەردىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇ گەپلەرنى قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يەتتىنچى ئاسمانغا چىقتى، ئۇ يەردىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇ گەپلەرنى قىلدى. ھەر بىر ئاسماندا پەيغەمبەرلەر بولۇپ، جىبرىل ئۇلارنىڭ ئىسملىرىنى ئاتاپ ئۆتتى. ئۇلاردىن ئېسىمدە قالغانلىرى: ئىدرىس ئىككىنچى ئاسماندا، ھارۇن تۆتىنچى ئاسماندا، يەنە بىرى بەشىنچى ئاسماندا بولۇپ، ئىسمىنى تۇتۇۋالالمىدىم. ئىبراھىم ئالتىنچى ئاسماندا، ئاللا بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىش شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسا يەتتىنچى ئاسماندا تۇراتتى. مۇسا: ئى رەببىم، ھىچ ئادەم مىنىڭ ئۈستۈمگە چىقالماس، دەپ ئويلىغان ئىدىم، دىدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەقەتلا ئاللا بىلىدىغان يۇقۇرى جايلارغا ھەتتا سىدرەتۇلمۇنتەھاغا ئېلىپ چىقتى. قۇدرەتلىك، غالىپ ئاللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشتى ۋە تېخىمۇ يېقىنلىشىشنى ئىرادە قىلدى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاش بىلەن كىرپىكتەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن دەرىجىدە يېقىنلاشتى. ئاللا پەيغەمبىرىگە ئىرادە قىلغان نەرسىلەرنى ۋەھيى قىلدى. جۈملىدىن ئۈممىتىگە بىر كېچە-كۈندۈزدە ئەللىك ۋاق ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ مۇسانىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئۇنى توختىتىپ:



由 扫描全能王 扫描创建

ئى مۇھەممەد، رەببىڭ ساڭا نېمىلەرنى تاپشۇردى؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: رەببىم ماڭا بىر كېچە-كۈندۈزدە ئەللىك ۋاق ناماز ئوقۇشنى تاپشۇردى، دېدى. مۇسا: ئۈممىتىڭنىڭ بۇنىڭغا تاقىتى يەتمەيدۇ، رەببىڭگە قايتىپ بېرىپ، سەندىن ۋە ئۈممىتىڭدىن يېنىكلىتىشنى سورا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مەسلىھەت سورىغاندەك جىبرىلغا قارىدى. جىبرىل ئۇنىڭغا: خالىساڭ شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن جىبرىل ئۇنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىنىڭ دەسلەپكى ئورنىدا تۇرۇپ: ئى رەببىم، بىزدىن يېنىكلەتسەڭ، چۈنكى ئۈممىتىم بۇنى ئورۇنلاپ بولالمايدۇ، دېدى. ئاللا ئۇنىڭدىن ئون ۋاق نامازنى ئېلىپ تاشلىدى، ئاندىن مۇسانىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم قايتىپ كەلگەندە مۇسا ئۇنى ئاللاغا قايتۇرۇۋېرىپ، ئاخىر ئەللىك ۋاق نامازنى بەش ۋاققا كەلتۈردى. بۇ چاغدا مۇسا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەنە توسۇۋېلىپ: ئى مۇھەممەد، ئاللاغا قەسەم قىلىمەنكى، قەۋمىم بەنى ئىسرائىلغا بۇنىڭدىن ئازنى ئورۇنلاشقا مۇراجەت قىلغان ئىدىم، ئۇلار ئاجىز كېلىپ بۇنىمۇ ئورۇنلىيالمىغان ئىدى. سېنىڭ ئۈممىتىڭنىڭ تەنلىرى، دىللىرى، بەدەنلىرى، كوزلىرى، قۇلاقلىرى تېخىمۇ ئاجىز، رەببىڭگە قايتىپ بارغىن، سېنىڭدىن يېنىكلەتسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىمدا جىبرىلغا مەسلىھەت يوسۇندا قارايتتى، جىبرىل بۇنى يامان كورمەيتتى. بۇ قېتىممۇ جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەنە ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى رەببىم، ئۈممىتىمنىڭ تەنلىرى، دىللىرى، قۇلاقلىرى، بەدەنلىرى ھەقىقەتەن ئاجىز، بىزدىن يېنىكلەتسەڭ، دېدى.



由 扫描全能王 扫描创建

قۇدرەتلىك ئاللا: ئى مۇھەممەد، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: لەببەي، دېدى. لەۋھۇلمەھپۇزدا پەرز قىلىپ بېكىتكەن سوزۇم ئۆزگەرمەيدۇ، ھەر بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى بېرىمەن، لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغىنى ئەللىك ۋاق، ساڭا ۋە ئۇممىتىڭگە پەرز قىلىنغىنى بەش ۋاقتۇر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسانىڭ يېنىغا قايتىپ بارغاندا: قانداق قىلدىڭ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەببىمىز بىزدىن يېنىكلەتتى، بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى بەردى، دېدى. مۇسا: بەنى ئىسرائىلغا ئۇنىڭدىنمۇ ئازراقنى ئورۇنلاشقا مۇراجەت قىلغان ئىدىم، ئۇلار ئۇنى ئورۇنلىغىنى يوق، رەببىڭگە قايتىپ بارغىن، سەندىن يەنە يېنىكلەتسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى مۇسا، ئاللاغا قەسەم قىلىمەنكى، قايتىپ بېرىۋېرىپ، رەببىمدىن ئۇيۇلۇپ قالدىم، دېدى. جىبرىل ئۇنىڭغا: بىسمىللا، دەپ چۈشكىن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويغاندى، قارىسا ئۇ مەسچىت ھارامدا تۇراتتى.

由 扫描全能王 扫描创建

# خاتىمە

## 611) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش رەۋىشى ۋە يولدىكى پۇتلىشىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش توغرىسىدا

مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىبنى ئەتا ئېيتىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرنەچچە ساھابىسى بىلەن ئولتۇراتتىم، بىز ئۇنىڭ ناماز ئوقۇش رەۋىشى ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى مۇنداق دېدى: مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش رەۋىشىنى ئەڭ ياخشى بىلىمەن، ئۇنىڭ مۇنداق ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، تەكبىر ئېيتىپ قۇلاق قاققاندا، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ يۇقۇرىسىدا تۇتاتتى، رۇكۇغا بارغاندا ئىككى ئالقىنى بىلەن ئىككى تىزىنى تۇتۇپ، بېلىنى ئېگىپ تۇراتتى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتەرگەندە، قوۋۇرغىلىرى جايىغا چۈشكىچە تىك تۇراتتى، سەجدە قىلغاندا ئىككى قولىنى يەرگە چاپلىۋالمايتتى ۋە يىغىۋالمايتتى، ئىككى پۇتىنىڭ بارماق ئۇچلىرىنى قىبلىگە قارىتاتتى، ئىككى رەكئەتلىك ياكى تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتە سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىك تۇتاتتى، ئاخىرقى رەكئەتنىڭ ئولتۇرۇشىدا سول



由 扫描全能王 扫描创建

يۈتنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ يۈزىنى تىكلەپ كېسىپ، زىمىن ئۈستىدە قويۇپ ئولتۇراتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: يولدىكى يېتىلىشىغان نەرسىلەرنى① ئېلىۋېتىش سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.

**613) خۇپتەندىن بۇرۇن ئۇخلاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئەللاھۇمم رەبىدنا دۇئاسىنىڭ پەزىلىتى ۋە مەجدىگە بارغاندا بىلگىنى كەلگۈچە ئىچىش توغرىسىدا**

ئەبى بەرزە ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەندىن بۇرۇن ئۇخلاشنى ۋە خۇپتەندىن كېيىن پاراڭ سېلىشنى ياخشى كۆرمەيتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىمام "سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە" (ئاللا ئۇنىڭغا ئېيتىلغان ھەمدىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ) دېگەندە، "ئەللاھۇممە رەببە نالە كەلھەمد" (ئى رەببىمىز ئاللا، بارچە مەدھىيە ساڭا مەنسۇپ) دېگىلار، كىمنىڭ بۇ سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

---

① تىكەن ياكى تاشقا ئوخشاش نەرسىلەرنى.

ئابدۇللا ئىبنى بۇھەينە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمـ
بەر ئەلەيھسسالام ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلغاندا قوللىرىنى شۇنـداق
كەڭ ئېچىپ تۇراتتىكى، ئۇنىڭ قولتۇغىنىڭ ئاقلىقى كورۇنۇپ
تۇراتتى.

### 616) يەتتە ئەزانى يەرگە تەككۈزۈپ سەجدە قىلىش توغرىسىدا

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: مەن پىشانىدىن باشقا يەتتە ئەزانى يەرگە
تەككۈزۈپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم دېگەن ۋە يەنە قولى بىلەن
بۇرنىنى، ئىككى قولىنى، ئىككى تىزىنى ۋە پۇت بارماقلىرىنىڭ
ئۇچلىرىنى كورسەتكەن ھەم كىيىملىرىمىزنى، چېچىمىزنى يىغىۋالـ
ماسلىقىمىز لازىم، دېگەن.

### 617) ئىمامنىڭ جامائەتكە ئالدىنى قىلىشى ۋە جۈمە كۈندە غۇسلى قىلماقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام نامازدىن پارىغ بولغاندا بىزگە ئالدىنى
قىلاتتى.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنى غۇسلى قىلماق



由 扫描全能王 扫描创建

بالاغەتكە يەتكەن ئادەمنىڭ ھەر بىرىگە لازىمدۇر.

## 619) ئىماننىڭ زىيادە بولۇشى ۋە مەسچىتكە بېرىش توغرىسىدا

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "بىز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى زىيادە قىلدۇق." "ئاللاتائالا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىنى زىيادە قىلىدۇ." ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەن: "بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالەتكە يەتكۈزدۈم." مۇكەممەل نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى تەرك ئەتسە، ئۇ كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قەلبىدە ئارپا چاغلىق ياخشىلىق بولۇپ، لائىلاھە ئىللەللاھۇ دەپ ئېيتقان ئادەم① دوزەختىن چىقىدۇ. قەلبىدە بۇغداي چاغلىق ياخشىلىق بولۇپ②، لائىلاھە ئىللەللاھۇ دەپ ئېيتقان ئادەممۇ دوزەختىن چىقىدۇ. قەلبىدە زەررىچىلىك ياخشىلىق بولۇپ، لائىلاھە ئىللەللاھۇ دەپ ئېيتقان ئادەممۇ دوزەختىن چىقىدۇ. ئەبۇ ئابدۇللا ئەباندىن، ئەبان قەتادەدىن، قەتادە ئەنەستىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەنەس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىلغان رىۋايىتىدە بۇ ھەدىستىكى "ياخشىلىق" دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا "ئىمان" دېگەن سۆزنى رىۋايەت قىلغان.

---

① ئۇنىڭغا قوشۇپ مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى دەپ ئېيتقان قىلسا.

② بۇ ياخشىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان بارلىق نەرسىلەردىن ئىبارەت.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى مەسچىتكە ئەتىگەندە ياكى ئاخشامدا بارىدىكەن، ئۇنىڭ بىرىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئاللا ئۇنىڭغا جەننەتتە چۈشىدىغان جاي ھازىرلايدۇ.

## 622) بايغا قىلىنغان سەدىقە، سوزلىگەن بوۋاق ۋە ئامانەت توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم[①] چوقۇم سەدىقە بىرىمەن دەپ چىقىپ، سەدىقىسىنى بىر ئوغرىغا بەردى[②]. كىشىلەر ئۇنىڭغا سەدىقەڭنى ئوغرىغا بەردىڭ، دەپ سوز-چوچەك قىلىشتى. سەدىقە بەرگۇچى: ئى ئاللا، ئوغرىغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۇچۇن ساڭا شۇكرى قىلىمەن[③]، چوقۇم سەدىقە بىرىمەن دەپ چىقىپ، سەدىقىسىنى پاھىشە ئايالغا بەردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا سەدىقەڭنى پاھىشە ئايالغا بەردىڭ، دەپ سوز-چوچەك قىلىشتى. ئۇ: ئى ئاللا، پاھىشە ئايالغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۇچۇن ساڭا شۇكرى قىلىمەن، چوقۇم سەدىقە بىرىمەن دەپ چىقىپ، سەدىقىسىنى بىر

---

① بەنى ئىسرائىلدىن.

② ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن بەرگەن.

③ ئوغرىغا سەدىقە بىرىش مىنىڭ ئىرادەم بويىچە ئەمەس، سىنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولغانلىقى ئۇچۇن، ساڭا شۇكرى قىلىمەن. سىنىڭ ئىرادىلىرىڭنىڭ ھەممىسى ياخشىدۇر. سەندىن غەيرى كوڭۇلسىزلىككە يەتكۈزگۈچىگە شۇكرى قىلىنمايدۇ.

بايغا بەردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا سەدىقىگىنى بايغا بەرىدىكەن، دەپ -غۇز-چۇچەك قىلىشتى. ئۇ: ئى ئاللا، ئوغرىغا، پاھىشە ئايالغا، بايغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا شۈكرى قىلىمەن، دېدى. سەدىقە بەرگۈچىنىڭ چۈشىدە ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلگەن: ئوغرىغا بەرگەن سەدىقەڭگە كەلسەك، ئوغرى شۇ ئارقىلىق ئوغرىلىقتىن باش تارتىشى مۇمكىن. پاھىشە ئايالغا بەرگەن سەدىقەڭگە كەلسەك، ئۇ شۇ ئارقىلىق پاھىشىدىن باش تارتىشى مۇمكىن. بايغا كەلسەك، ئۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئاللا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بايلىقنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشى مۇمكىن①.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: بىر ئايال يوۋاق ئوغلىنى ئېمىتىپ ئولتۇراتتى، ئۇلاغلىق بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئايال: ئى ئاللا، ئوغلۇم مۇشۇ ئادەمدەك② بولغىچە ئۇنىڭ جېنىنى ئال-

---

① يەنى ئىسرائىلنىڭ دىنىدا سەدىقە موھتاج بولغان ياخشى ئادەملەر-نىڭلا ئېلىشىغا خاس ئىدى. سەدىقە بەرگۈچىنىڭ نىيىتى ياخشى بولسا، سەدىقە مۇستەھىق ئادەملەرگە بېرىلمىگەندىمۇ قوبۇل بولاتتى. بۇنىڭدىنمۇ سەدىقە غەيرى مۇستەھىق ئادەملەرگە بېرىلىپ قالسا، ئۇنى قايتا بېرىشنىڭ مۇستەھەبلىكى چىقىدۇ. يۇقىرىدىكى ... تەبىلى سەدىقىگە قارىتىلغان، زاكاتقا كەلسەك، ئۇنى پەقىر دەپ ئويلاپ باي ئادەمگە بېرىپ سالسا دۇرۇس بولمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد زاكاتنى پېقىرغەدەك بېرىپ سالسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، قايتا بېرىش لازىم ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

② ئۇنىڭ چىرايلىق تۇرقىدەك.



由 扫描全能王 扫描创建

غىن دىدى. بۇۋاق سوزگە كېلىپ: ئى ئاللا، مېنى بۇ ئادەمدەك قىلمىغىن، دىگەندىن كېيىن، ئېمىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ يېنىدىن باشقىلار سورەپ ۋە ئويۇنچۇقتەك ئويناپ كېتىۋاتقان بىر ئايال ئوتتى، بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان ئايال: ئى ئاللا، ئوغلۇمنى بۇ ئايالدەك قىلىپ قويمىغىن، دىدى. بۇۋاق سوزگە كېلىپ: ئى ئاللا، مېنى ئاشۇنىڭغا ئوخشاش قىلغىن، ئۇلاقلىق ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كاپىردۇر، ئايالغا كەلسەك، كىشىلەر ئۇنى پاھىشىۋاز دەۋاتىدۇ. ئۇ بولسا ماڭا ئاللا كۇپايە، دەۋاتىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ئوغرى① دەۋاتىدۇ. ئۇ: ماڭا ئاللا كۇپايە دەۋاتىدۇ، دىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىر ئادەم بىر ئادەمدىن قورا سېتىۋاپتۇ، قورا سېتىۋالغان ئادەم قورادىن بىر كوپ ئالتۇن تېپىۋاپتۇ، بۇ ئادەم قورانى ساتقۇچىغا: سەندىن مەن قورانى سېتىۋالدىم، ئالتۇن سېتىۋالغىنىم يوق، ئالتۇنۇڭنى مەندىن ئېلى-ۋالغىن، دەپتۇ. قورانى ساتقان ئادەم: ساڭا مەن قورانى ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ ساتقان دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر كىشىنىڭ② ئالدىغا دەۋالىشىپ بېرىپتۇ، ئۇ: سىلەرنىڭ بالاڭلار بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئوغلۇم بار دەپتۇ. يەنە بىرى قىزىم بار دەپتۇ. ئۇ ئادەم: ئوغۇلغا قىزنى ئېلىپ بېرىڭلار، ئۇلار-

① ئۇ ئوغرىلىق قىلمىغان. ئى ئاللا بىزگىمۇ شۇنىڭدەك ئىمان ئاتا قىلغىن.

② بۇ كىشى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

نىڭ چىقىمىغا شۇ ئالتۇندىن خەجلەڭلار، قالغىنىنى سەدىقە قىلىڭلار①
دەپتۇ.

## 625) ئۇلۇمنى تاللىغان ۋە ئۇلتۇرۇلۇش ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى سۈننەت قىلىپ قالدۇرغان ئادەم توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون ئادەمنى دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، ئۇلارغا ئاسىم ئىبنى سابىت ئەنسارىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ چوڭ دادىسى ئىدى. ئۇلار ئۇسفان بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقىدىكى ھەددە دىگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بولغان بەنى لىھيان ئۇرۇغىنىڭ ئادەملىرى ئاڭلاپ قېلىپ، يۈزگە يېقىن ئوقچىلارنى ئۇلارنى قوغلاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلار چۈشكەن بىر مەنزىلگە كېلىپ ئۇلارنىڭ يېگەن خورمىلىرىنى ئۇچرىتىپ، بۇ مەدىنىنىڭ خورمىسى، دىيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئاسىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇشرىكلارنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، پانا ئىزدەپ

① ئىمام شافىئىنىڭ مەزھىبىدە، بىر كىشى يەر-زىمىن ساتسا، ئۇنىڭدا كۆمۈلگەن غەزنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، بۇ خۇددى بىر ئادەم ئۆي سەرەمجانلىرى بار بىر قورانى ساتسا، ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ ساتقۇچىغا قالدىغانلىقىغا ئوخشاشتۇر. ئى ئاللا، بىزگە قانائەتنى نىسىپ ئەيلىگىن، بىزنى ئامانەتنى ئادا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، بىزدىن رازى بولغىن.



由 扫描全能王 扫描创建

بىر جايغا چىقىۋالىدى. مۇشرىكلار ئۇلارنى قورشىۋېلىپ: چۈشۈپ بىزگە تەسلىم بولۇڭلار، سىلەردىن ھېچبىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بېرىمىز، دېيىشتى. ئاسىم ئىبنى سابىت: ئى قېرىنداشلار، مەن كاپىرنىڭ كاپالىتى بىلەن بۇ يەردىن چۈشمەيمەن، ئى ئاللا، بىزنىڭ ھالىمىزنى پەيغەمبىرىڭگە يەتكۈزگىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مۇشرىكلارنى ئوققا تۇتۇپ ئاسىمنى ئۆلتۈردى. خۇبەيب زەيد ئىبنى دەسىنە ۋە يەنە بىرەيلەن① بولۇپ ئۈچەيلەن مۇشرىكلارنىڭ كاپالىتى بويىچە، چىقىۋالغان يەرلىرىدىن چۈشتى. ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنى ئوقيالىرىنىڭ زەيلىرىنى چىقىرىپ باغلىدى. بۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى: مانا بۇ خىيانەتنىڭ باشلىنىشى، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،مەن سىلەر بىلەن ماڭمايمەن، بۇ ئۆلگەنلەرنى مەن ئۆلگە قىلىمەن، دېدى. مۇشرىكلار ئۇنى سورەپ ماڭدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كورسىمۇ، ئۇ ئۇلار بىلەن مېڭىشتىن باش تارتتى. خۇبەيب بىلەن زەيد ئىبنى دەسىنەنى ھەيدەپ بېرىپ ساتتى، بۇ ۋەقە بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن بولغان ئىدى. خۇبەيبنى ھەرىس ئىبنى ئامىر ئىبنى نۇفەلنىڭ باللىرى سېتىۋالدى، خۇبەيب بەدرى جېڭىدە ھەرىس ئىبنى ئامىرنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. خۇبەيب ئۇلارنىڭ قولىدا ئەسىر بولۇپ تۇردى، ئاخىر ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەلدى. خۇبەيب سۈننەت قىلىش ئۈچۈن ھەرىسنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرىدىن ئۇستۇرا سورىدى، خۇبەيبكە ئۇ ئۇستۇرا ئارىيەت بەردى. ھەرىسنىڭ قىزىنىڭ غەپلەتتە قېلىشى بىلەن، ئۇنىڭ بىر بالىسى خۇبەيبنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى، خۇبەيب ئۇ بالىنى

① بۇ ئابدۇللا ئىبنى تارىق ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

قۇچىغىدا ئۇلتۇرغۇزۇۋالغان ئىدى، خۇبەيبنىڭ قولىدا ئۇستۇرا تۇراتتى. ھەرىسنىڭ قىزى ئېيتىدۇكى، مەن بۇ ھالنى كورۇپ قاتتىق چوچۇپ كەتتىم، خۇبەيب بۇنى بىلىپ: مەندىن بالامنى ئولتۇرۇۋېتەرمىكىن دەپ قورقۇۋاتامسەن؟ ئۇنداق قىلمايمەن، دىدى. ھەرىسنىڭ قىزى: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خۇبەيبدىن ياخشى ئەسىرنى كورمىدىم، بىر كۇنى ئۇنىڭ پۇتىدا ئىشكەل، قولىدا بىر ساپ ئۇزۇمنى① يەۋاتقانلىغىنى كوردۇم، مەككىدە مىۋە يوق ئىدى. ئۇ چوقۇم ئاللانىڭ خۇبەيبگە بەرگەن رىزقى ئىدى، دەيدۇ. خۇبەيبنى ئادەم ئولتۇرۇش ھارام قىلىنغان ھەرەمنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرغاندا، خۇبەيب ئۇلارغا: مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالاي، دىدى. ئۇلار خۇبەيبنى قويۇپ بەردى. ئۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ: ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنى ئولۇمدىن چوچۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىمايدىغان بولساڭلار، مەن نامازنى جىقراق ئوقۇيتتىم، دىدى. ئاندىن كېيىن ئۇ: ئى ئاللا، ئۇلارنىڭ سانىنى ئالغىن، ئۇلارنى تارقاق ئولتۇرگىن، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن، دىدى، ئاندىن مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا بولدى، يوقكى پەرۋايىم —
شەھىت بولۇپ يىقىلسام سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن.
خۇدانىڭ يولىدا ئولدۇم ئەگەر ئۇ خالىسا شەكسىز،
ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ رىزۋاندىن②.

---

① بۇ ئاللانىڭ خۇبەيبگە بەرگەن كارامىتى ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ موجىزىلىرى بولغاندەك، ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى بولىدۇ.

② بۇ مىسرالار خۇبەيبنىڭ شەھىت بولۇش ئالدىدا ئېيتقان قەسىدىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى توۋەندىكىچە:



由 扫描全能王 扫描创建

ئانـدىن ئەبۇ سەرۋە ئۇقـبە ئىبـنى ھەرىـس بېرىپ خـۇبەيبـنى ئۆلـتۈردى. خۇبەيـب ئۆزىـنى قوغـداش ئىقـتىدارى يوق ھالەتـتە ئۆلتۈرۈلگەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن، ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا ناماز ئوقۇشنى سۈننەت قىلىپ قالدۇردى①. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار

---

يىغلىدى بارچە دۈشمەنـلەر، دىۋەيـلەپ كەلـدى ھەر ياندىن،
بولۇپ توپ ـ توپ ئاۋۇل، ئايماق، قەبىلە تاغ ـ باياۋاندىن.
تاماشا بولدى ياۋلارغا يىغلدى ئەر ـ ئايال قالماي،
ئورۇن ئالغان چېغىمدا مەن ئۆلۈم گىرداۋى مەيداندىن.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەستلەر جىنىمنى، مەندە يوق چارە،
قولۇم باغلاندى ئايرىلدىم، ئۇلارغا قارشى ئىمكاندىن.
ئۆلۈم ئالدىدا دادىمنى خۇداغا ئېيتىمەن يالغۇز،
ئۇلۇق تەڭرىم مەدەتكارىم، مەدەت كۈتمەيمەن ئىنساندىن.
ئىلاھىم ماڭا بەرداشلىق ئاتا قىلغىنكى، دۈشمەنلەر ـــ
ئازاپلاشلار بىلەن تىلدى شىلىپ گوشتۇمنى ئۇستىخاندىن،
خۇدانىڭ يولىدا ئۆلدۈم ئەگەر ئۇ خالىسا شەكسىز
ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ رىزىۋاندىن.
مېنى قىستاشتى ئىماندىن يېنىشقا، يىغلىمايمەن ھىچ،
ئۆلۈشكە رازىمەنكى، يوق يېنىش ھەرگىزمۇ ئىماندىن.
ئۆلۈمدىن زادى قورقمايمەن، ياشامتىم مەڭگۈ ئۆلمەستىن،
ئۆلۈم مىڭ ياخشى ئاسىلىق قىلىپ دەۋزەختە يانغاندىن.
خۇدا دەرگاھىغا قايتقۇم، پەسەنت قىلمايمەن دۈشمەنگە،
ئېگىپ باش ياۋغا قىلمايمەن خوشامەت قىلچە يالغاندىن.
پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا بولدى، يوقكى پەرۋايىم ـــ
شەھىت بولۇپ يىقىلسام سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن.

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇبەيبنىڭ ئوقۇغان نامىزىنى مەقبۇل كوردى ۋە ئېتىراپ قىلدى.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇلتۇرۇلـگەن كۈنلا ساھابىلىرىگە ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى يەتـكۈزدى. ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ ئۇلتۇرۇلگەنـلىك خەۋىرى قۇرەيـش خەلقىگە ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭ راست ئۇلتۇرۇلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپـىتىدە ئۇنىڭ ئەزالـىرىـدىن بىر پارچـە ئېـلىپ كېـلىشـكە بىر تۈركۈم كىشىنى ئەۋەتتى. ئاسىم قۇرەيش خەلقىنىڭ چوڭ ئادەملىرىـدىن بىرىـنى① ئۇلـتۇرگەن ئىدى. ئاللا ئاسـىمـغا سايا چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان بۇلۇتـقا ئوخـشاش ھەرـىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇنى قۇرەيش خەلـقى ئەۋەتـكەن كىشـلەردـن قوغدىـدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاسىمنىڭ جەسىدىدىن ھېچ نەرسىنى كېسىۋېلىشقا قادىر بولالمىدى②.

### 626) ۋىترى نامىزى ئوقۇش، يامغۇر تەلەپ قىلىش، جۈمـە خۇتبىسىنى ئاڭـلاش ۋە كېچـىسى بىدار بولۇش توغرىسىدا

ئابدۇلـلادىـن رىۋايەت قىلىنـىدۇكى، پەيـغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دېگەن: كېـچىسى ئوقۇلىدـىغان ئاخىرقى نامىزىڭلار ۋىترى نامىزى بولسۇن.

---

① بۇ ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيت بولۇپ، بەدرى جېڭىدە ئۇلـتۇرۇلـگەن ئىدى.

② چۈنكى ئاسىم بىرەر مۇشرىكنىڭ جەسىدىنى تۇتـماسلىقـقا، ئۇزـىنىڭ جەسىدىمۇ بىرەر مۇشرىك تەرىپىدىن تۇتۇلماسلىقـقا قەسەم ئىچـكەن ئىـدى، ئاللا ئۇنىڭ قەسىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇنى دۈشمەنلەردىن ساقلىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن ئىدى. قۇرغاقچىلىق بولغاندا كىشىلەر ئاببباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى شېپى كەلتۈرۈپ يامغۇر تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار: ئى ئاللا، بىز پەيغەمبىرىمىزنى شېپى كەلتۈرۈپ يامغۇر تەلەپ قىلساق، يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتىڭ. بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنى شېپى كەلتۈرۈپ سەندىن يامغۇر تەلەپ قىلىمىز، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنىدە پەرىشتىلەر مەسچىتنىڭ ئىشىگىدە تۇرۇپ، بۇرۇن كەلگەنلەرنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ، بىرىنچى بولۇپ كەلگەن ئادەم سەمرىتىلگەن توگە ھەدىيە قىلغاندەك (بەيتۇللاغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن. — ت) بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئادەم قوشقار ھەدىيە قىلغاندەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئادەم مىكىيان ھەدىيە قىلغاندەك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئادەم تۇخۇم ھەدىيە قىلغاندەك بولىدۇ. ئىمام خۇتبىگە چىققان چاغدا پەرىشتىلەر دەپتەرلىرىنى قاتلاپ قويۇپ ئولتۇرۇپ خۇتبە ئاڭلايدۇ.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى كېچىسى بىدار بولۇپ، يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللانىڭ شېرىكى



由 扫描全能王 扫描创建

يوق، پادىشالىق ئاللاغا مەنسۇپ، ھەمدۇ-سانا ئاللاغا مەنسۇپ، ئاللا ھەممە نەرسىگە بەكمۇ قادىردۇر، بارلىق مەدھىيە ئاللاغا مەنسۇپ، ئاللانى پاك دەپ ئېتىقات قىلىمەن، پەقەت بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ھەممە كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاغا يولەنگەندىلا كېلىدۇ دىسە، ئاندىن كېيىن، ئى ئاللا: مېنى مەغپىرەت قىلغىن دىسە، ياكى دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ، ئەگەر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل بولىدۇ.

**630) جىنازىنى تېز كوتىرىپ مېڭىش، مېيىتنىڭ تىرىكلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقى، ئوزىنى ئولتۇرۇۋالغۇچى ۋە كىشىلەرنىڭ مېيىتنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشى توغرىسىدا**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: جىنازىنى كوتەرگەندە، تېز مېڭىڭلار، ئەگەر مېيىت ياخشى بەندە بولسا، ئۇنى ياخشى ئەمىلىنىڭ نەتىجىسىنى كورۇشكە تېز ئېلىپ بارغان بولىسىلەر. ئەگەر ئۇ يامان بەندە بولسا، مۇرەڭلاردىن يامان ئادەمنى تېز ئېلىۋەتكەن بولىسىلەر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان بەندە قەۋرىدە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىگىلىرى قايتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاياق تىۋىشىنى چوقۇم



由 扫描全能王 扫描创建

ئاڭلاپ تۇرىدۇ، بۇ چاغدا ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، مۇھەممەد ھەققىدە نىمە دەيسەن؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: گۇۋالىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ھەققەتەن ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: دەۋزەختىكى ئورنۇڭغا قارا، ئاللا ئۇنى ساڭا جەننەتتىكى ئورۇنغا ئالماشتۇرۇپ بەردى، دەيدۇ. ئۇ دەۋزەختىكى ئورنى بىلەن جەننەتتىكى ئورنىنى كورىدۇ. كاپىر بىلەن مۇناپىق بولسا پەرىشتىلەرنىڭ سوئالىغا: بىلمەيمەن، كىشىلەر نىمە دىسە شۇنى دىگەن ئىدىم، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. پەرىشتىلەر: ئەقىل ئىشلىتىپ ئۆزەڭ بىلىۋالمىدىڭ، بىلىدىغانلاردىن سوراپمۇ بىلىۋالمىدىڭ، دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى قۇلىغىنىڭ ئارىسىغا تومۇر توقماق بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇرۇلىدىكى، ئۇنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئىنسى-جىنىدىن باشقا، يېقىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلايدۇ.

جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىر يارىدار ئادەم ئۆزىنى ئولتۇرۇۋالغان ئىدى. ئاللاتائالا: بەندەم ئۆلۈشكە ئالدىراپ ئۆزىنى ئولتۇرۇۋالدى، ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلدىم، دىدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن بىر جىنازە ئۆتكەن ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: تېگىشلىك بولدى، دىدى. ئاندىن كېيىن يەنە بىر جىنازە ئۆتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: تېگىشلىك بولدى، دىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نىمە تېگىشلىك بولىدى؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىرىنچى جىنازىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغان ئىدىڭلار، ئۇنىڭغا جەننەت تېگىشلىك بولدى، ئىككىنچى جىنازىنىڭ يامان گېپىنى قىلغان ئىدىڭلار، ئۇنىڭغا دوزىخ تېگىشلىك بولدى، سىلەر ئاللانىڭ زېمىندىكى گۇۋاچىلىرى، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئال- دىدىن يۇقۇرقىدەك ئەھۋال يۈز بەرگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تېگىشلىك بولدى دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى سورىغان ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ مەنىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدەك دەيمەن دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قايسىبىر مۇسۇلماننى تۆت ئادەم ياخشى دەپ گۇۋالىق بەرسە، ئاللا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، دېۋىدى، بىز: ئۈچ ئادەم گۇۋالىق بەرسىچۇ؟ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۈچ ئادەم گۇۋالىق بەرسىمۇ ئاللا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، دېدى. بىز: ئىككى ئادەم گۇۋالىق بەرسىچۇ؟ دەپ سورىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىككى ئادەم گۇۋالىق بەرسىمۇ ئاللا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، دېدى. ئاندىن بىز ئۇنىڭدىن بىر ئادەم گۇۋالىق بەرسىچۇ؟ دەپ سورىمىدۇق.

**634) ھەج سەپىرىدە ئۇزۇق-تۈلۈك ئېلىۋېلىش، تەلبىيە ئېيتىش ۋە مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يەمەنلىكلەر ھەجگە بارسا ئۇزۇق-تۈلۈك ئېلىۋالماي، بىز تەۋەككۇل قىلغۇچىلار-



由 扫描全能王 扫描创建

منز، دەيتتى. ئۇلار مەككىگە كەلگەندىن كېيىن كىشىلەردىن نەرسە سورايتتى، ئاللاتائالا بۇ توغرىلىق مۇنداق دىگەن: "ھەجگە بارغاندا ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىۋېلىڭلار، ئاخىرەت سەپىرى ئۈچۈن ياخشى ئوزۇق تەقۋىدارلىقتۇر."①

ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق تەلبىيە ئېيتاتتى: سېنىڭ تائىتىڭدە بەرقاراردۇرمەن، ئى ئاللا، سېنىڭ تائىتىڭدە بەرقاراردۇرمەن، سېنىڭ تائىتىڭدە بەرقاراردۇرمەن، سېنىڭ شېرىكىڭ يوق، سېنىڭ تائىتىڭدە بەرقاراردۇرمەن، پۈتكۈل مەدھىيە ۋە نېمەت ساڭا مەنسۇپ، پادىشالىق ساڭا مەنسۇپ، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق.

سەئدىنىڭ قىزى ئائىشە سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاڭلىغانلىغىنى ئېيتىدۇ: سەئد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: مەدىنە خەلقىنى پەنلىگەن ئادەم خۇددى تۇز سۇدا ئېرىگەندەك ئېرىپ كېتىدۇ.

---

① بۇنىڭدىن تەۋەككۇل قىلىشنى يامانلىغانلىق چىقمايدۇ، يەمەنلىكلەرنىڭ قىلمىشى ئۇزئارا قوساق بېقىشتۇر. تەۋەككۇل قىلىش ھېچقانداق سەۋەپ قىلماسلىق بولماستىن، بەلكى سەۋەپنى قىلىپ قويۇپ ئۇنىڭغا نەزەر سالماسلىقتىن ئىبارەت. كوز ئالدىدىكى زىياندىن مۇداپىيە كورۇش تەۋەككۇلغا زىت كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنداق قىلىش زورۇر، خۇددى ئورۇلۇپ چۈشۈۋاتقان تامدىن قېچىش، كالىغا تورۇپ قالغان تاماقنى سۇ بىلەن يۇتۇۋېتىش، داۋالىنىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بەزى ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ ئاغرىقنى داۋالىتىشنى تەرك ئېتىشى ئېھتىمال ئاللانىڭ ئۇلارغا كېسەلنىڭ ساقايمايدىغانلىغىنى بىلدۈرگەنلىگىدىن بولسا كېرەك.

由 扫描全能王 扫描创建

نافى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: نەپلى نامىزىڭلارنى ئۆيۈڭلاردىمۇ ئوقۇڭلار، ئۆيۈڭلاردا ناماز ئوقۇماي ئۇنى قەۋرىستاندەك قىلىۋالماڭلار.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: رامىزان ئېيى كىرگەندە ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، دەۋزەخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ.

## 642) روزىدار ئادەمنىڭ بىر نەرسە يەپ سېلىشى ۋە گەدىنىدە قازا روزىسى قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: روزىدار ئادەم ئېسىدە يوق بىر نەرسە يەپ ۋە ئېچىپ سالسا، روزىسىنى بۇزماي تۇتىۋەرسۇن، چۈنكى ئۇنى ئاللا يىگۈزگەن ۋە ئىچكۈزگەن بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى گەدىنىدە قازا روزىسى قېلىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋارىسى تۇتۇپ قويسۇن.

ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر ئايلىق رامىزان روزىسى قېلىپ ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن بىر كۈندىلا ئوتتۇز ئادەم روزا تۇتسا دۇرۇس بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللا، مېنىڭ ئانام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ گەدىنىدە بىر ئايلىق قازا روزىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن تۇتۇپ قويسام بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، بولىدۇ. ئاللاغا تۆلىنىدىغان قەرز ئادا قىلىنىشقا ھەممىدىن بەك تېگىشلىكتۇر، دېدى.

### 646) ئىبتارنى بالدۇر قىلىش ۋە جۈمە كۈنىدە روزا تۇتۇش توغرىسىدا

سەھل ئىبنى سەئدىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىشىلەر مادامىكى ئىبتارنى بالدۇر قىلغان ئىكەن، ئۇلار مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە ئىش قىلغان بولىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: سىلەردىن بىرىڭلار جۈمە كۈنىدە روزا تۇتسا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ياكى كەينىدىكى بىر كۈننىمۇ قوشۇپ تۇتسۇن.

### 648) ساتقۇچىنىڭ ۋە بەرگۈچىنىڭ ئۆلچەپ بېرىشى، ئالتۇننى ئالتۇنغا سېتىش، شاختىكى ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىش توغرىسىدا

مىقدام ئىبنى مەئدىكەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت



由 扫描全能王 扫描创建

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: يېمەكلىك نەرسىلەرنى ساتقان چېغىڭلاردا ئۆلچەپ سېتىڭلار، ئۇلارنىڭ بەرىكىتى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەققىڭلارنى تولۇق تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆلچەپ ئېلىڭلار. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: سېتىپ بەرسەڭ، ئۆلچەپ بەر، سېتىۋالساڭ، ئۆلچەپ ئال.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى بىرەر يېمەكلىكنى سېتىۋالىدىكەن، ئۇنى تاپشۇرۇۋالمىغىچە ئىككىنچى بىر ئادەمگە ساتمىسۇن.

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتماڭلار، ئەمما ئۇ باراۋەر بولسا، ساتساڭلار دۇرۇس؛ كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار، ئەمما ئۇ باراۋەر بولسا، ساتساڭلار دۇرۇس؛ ئالتۇننى كۈمۈشكە ۋە كۈمۈشنى ئالتۇنغا بولسا خالىغىنىڭلارچە سېتىڭلار.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: شېخىدىكى مېۋە مەنپەئەتلىنىشكە يارىمىغىچە ئۇنى بەيئى قىلىشماڭلار، شاختىكى ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا ساتماڭلار.



由 扫描全能王 扫描创建

## 653) ئىتنىڭ پۇلى، ئىشەنچلىك ئادەمنى يالـلاپ ئىشلىتىش، باللار ئارىسىدا ئادىل بولـۇش ۋە مەھرىدىكى شەرتلەر توغرىسىدا

ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىـۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام: ئىتـنىڭ پۇلىنى، پاھىشىدىن كەلگەن پۇلنى ۋە پالچىلىقتىن كەلگەن پۇلنى يېيىشنى مەنئى قىلدى.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: نىمىنى بىرىشكە بۇيرۇلسا، شۇنى خوشاللىق بىلەن بىرىدىغان غەزىنىچى سەدىقە بەرگۈچى ھىساپلىنىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتىدىغان چاغدا مۇنداق دېگەن: زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلغىن، چۈنكى ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللانىڭ ئارىسىدا پەردە-ھىجاپ بولمايدۇ.

ھۇسەيىن ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، نۇئمان ئىبنى بەشىرنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: ئاتام ماڭا مىلىدىن بىر قىسمىنى بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ئىدى. رەۋاھەنىڭ قىزى ئانام ئەمرە: بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شاھىت



由 扫描全能王 扫描创建

قىلمىغىچە رازى بولمايمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتام رەسۇلۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ: مەن رەۋاھەنىڭ قىزى ئەمرەدىن بولغان ئوغلۇمغا مېلىمدىن بىر قىسمىنى بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ئىدىم، ئى رەسۇلۇللا، ئەمرە بۇنىڭغا سېنى شاھىت قىلىشىمنى بۇيرۇدى، دېدى. رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا: ھەممە بالاڭغا مۇشۇنىڭغا بەرگەندەك بەردىڭمۇ؟ دېۋىدى، ئاتام: ياق دېدى. رەسۇلۇللا: ئاللادىن قورقۇڭلار، بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتام قايتىپ كېلىپ بەخشەندىسىنى قايتۇرۇۋالدى.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئايالنى نىكاھ ئالغان ۋاقىتىڭلاردا ئۇستۈڭلارغا ئالغان شەرتلەر ئورۇنلىنىشقا ئەڭ تېگىشلىكتۇر.

**658) ۋەخپىنىڭ شەرتلىرى، ئۇنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى ۋە روزا تۇتقۇچىنىڭ جەننەتكە رەييان دېگەن دەرۋازىدىن كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا**

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەردە بىر زېمىنغا ئىگە بولغان ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ زېمىننى قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ: ئى رەسۇلۇللا، مەن خەيبەردە بىر پارچە زېمىنغا ئېرىشتىم، مەن ھېچقاچان مەن ئۇچۇن بۇنىڭدىن



由 扫描全能王 扫描创建

قىممەتلىك بولغان نەرسىگە ئېرىشمىگەن ئىدىم، بۇنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ دىدى. رەسۇلۇللا: ئەگەر خالىساڭ، ئۇنى ۋەخپە قىلىپ قويساڭ بولىدۇ، دىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇنى سىتىۋەت-مەسلىك، سوغا قىلىپ بەرمەسلىك، مىراس قىلىۋالماسلىق، ئۇنىڭ كىرىمىنى پەقىرلەرگە، خىش-ئەقرىبالارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، ئاللانىڭ يولىدا ئىبنى سەبىل (باشقا يۇرتتا مال-مۈلكى بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن يوقسۇزلۇقتا قالغان ئادەم. — ت) گە، مىھمانغا سەرپ قىلىش شەرتى بىلەن ۋەخپە قىلدى. ۋەخپىنى باشقۇرىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئۇنىڭدىن لايىغىدا يىسە ۋە قول-ئىلكىدە يوق ئادەملەرگە يىگۈزسە، گۇنا بولمايدۇ. ئىبنى ئەۋن: بۇ ھەدىسنى ئىبنى سىرىنگە سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ ”قول-ئىلكىدە يوق ئادەملەرگە“ دىگەن سۆزنى پۇل-مال يىغمىغان ئادەملەرگە دەپ رىۋايەت قىلدى، دەيدۇ.

خەۋلە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىنى ناتوغرا تەسەررۇپ قىلىدىغان ئادەملەرنى ئاللا قىيامەت كۈنى دوۋزەخقە تاشلايدۇ.

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى بار، ئۇلارنىڭ بىرى رەييان دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدىن پەقەت روزا تۇتقان ئادەملەرلا كىرىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

## 1881. تەۋبە توغرىسىدا ۋە ئۇرۇشتا ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىلدا بىر كىشى بولۇپ، ئۇ توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇ تەۋبە توغرىلىق سوراپ ئۆيىدىن چىقتى. ئۇ بىر راھىبنىڭ ئالدىغا كېلىپ: مېنىڭ تەۋبە قىلىشىم توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. راھىب: ياق، دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى، ئۇ ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: تەۋبە قىلسام توغرا بولامدۇ؟ دەپ يەنە سوراشقا باشلىدى. بىر ئادەم ئۇنىڭغا پالانى - پالانى يېزىغا بېرىپ سورا دېدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەجىلى يېتىپ، ئۇ يېزا تەرەپكە يۈزلىنىپلا دۈم چۈشۈپ ئۆلدى. رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە تالىشىپ قالدى. ئاللا رەھمەت پەرىشتىسىگە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىن دەپ، ئازاب پەرىشتىسىگە ئۇنىڭدىن يىراقلاشقىن، دەپ ۋەھيى قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئۆلچەپ قارىسا، ئۇنىڭغا رەھمەت پەرىشتىسىنىڭ بىر غېرىچ يېقىنراق ئىكەنلىكى بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلدى.

نافىئ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن چىققان بىر غازاتتا①

---

① مەككىنى پەتھى قىلىش غازىتى.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇلتۇرۇلگەن بىر ئايال ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيـ
ھىسسالام ئاياللارنى ۋە ئۇششاق بالىلارنى ئۇلتۇرۇشنى مەنئى قىلدى.

## 663) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرى توغرىسىدا

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئاتىسى
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم
دەيدۇ: مەن مۇھەممەددۇرمەن، مەن يوقاتقۇچىدۇرمەنكى، ئاللا مەن
ئارقىلىق كۇپرىنى يوقىتىدۇ، مەن قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىدا
تىرىلگۈچىدۇرمەنكى، ئاللا كىشىلەرنى مىنىڭ ئارقامدىن تىرىلدۇرىدۇ،
مەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇرمەن.

## 664) تويغا چاقىرىش، قان ئېلىپ داۋالاش ۋە گال ئاغرىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: بايلار چاقىرىلىپ،
كەمبەغەللەر چاقىرىلمايدىغان تويىنىڭ ئېشى ئەڭ يامان ئاش
ھىساپلىنىدۇ، كىمكى چاقىرىلغان تويغا ئۇزرىسىز بارمىسا، ئاللانىڭ
ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا گۇناكار بولىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەزىلەر
ئۇنىڭدىن قان ئالغۇچىنىڭ ئىش ھەققى توغرىسىدا سورىغان ئىدى.
ئەنەس مۇنداق دىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تەيىبگە قان
ئالدۇرغان، ئۇنىڭ قان ئېلىپ قويغانلىق ئىش ھەققىگە ئىككى سا

(بىر سا تۇت قوش چاڭگال كېلىدۇ.ــت) خورما بەرگەن ۋە ئەبۇ تەيىبنىڭ خوجايىنلىرىغا ئۇنىڭ سېلىغىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدا گەپ قىلىپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەيىبنىڭ خوجايىنلىرى ئۇنىڭ سېلىغىنى يېنىكلەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرىڭلار ئىچىدە قان ئالدۇرۇش ۋە دېڭىز قۇستىسىنى ئىستېمال قىلىش ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر، دېگەن. يەنە ئۇ: باللىرىڭلارنىڭ كېچىك تىلى ئاغرىپ قالسا، ئۇنى بارماقلىرىڭلار بىلەن سىقماڭلار، ئۇنى قۇست بىلەن داۋالاڭلار، دېگەن.

مىھسەننىڭ قىزى ئۇممۇ قەيستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى (ئۇممۇ قەيس رەسۇلۇللاغا بەيئەت قىلغان دەسلەپكى مۇھاجىرلاردىن بولۇپ، ئۇكاشە ئىبنى مىھسەننىڭ ھەمشىرىسى ئىدى.) ئۇ ئۇكاشەغە مۇنداق دەپ بەرگەن: كىچىك تىلى ئاغرىپ قېلىپ مەن ئىلاق ئۇسۇلى① بىلەن داۋالاۋاتقان ئوغلۇمنى ئېلىپ رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم. رەسۇلۇللا: قاچانغىچە باللىرىڭلارنىڭ گېلىغا بۇ ئازاپلىغۇچى ئىلاقنى سانچىيسىلەر؟ سىلەر ئۇنى بۇ ئۇد ھىندى (قۇستنى دېمەكچى.ــت) بىلەن داۋالاڭلار، ئۇد ھىندى يەتتە خىل ئاغرىققا جۇملىدىن كوكرەك پەردە ياللۇغىغا داۋا بولىدۇ، دېدى.

---

① ئىلاق دېگەن چىلىك ئىشلىگەن لاتا بولۇپ، ئۇ بالىنىڭ بۇرنىغا تىقىپ ئاغرىق يەرگە سانچىلىدۇ، ئۇ يەردىن قارا قان ئېتىلىپ چىقىدۇ، بارماق بالىنىڭ كانىيىغا كىرگۈزۈلۈپ ئاغرىغان يەر بېسىلىدۇ.

## 667) پۇتنى منىگەشتۇرۇش ۋە ئائىلىدە قانداق بولۇش توغرىسىدا

ئەبباد ئىبنى تەمىم تاغىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتتە پۇتىنى منىگەشتۇرۇپ يېنى ياتقانلىقىنى كورگەن.

ئىبراھىم ئەسۋەددىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيدە نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغان ئىدىم. ئائىشە: رەسۇلۇللا ئۆي ئىچىدە بولغان چاغدا ئۆيىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولاتتى، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا، تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى، دىگەن.

## 669) كىشىلەرنى كوككە كوتىرىپ ماختاش ۋە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبى بەكرە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا بىر ئادەمنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئىدى، ئۇنى بىر ئادەم ماختاپ كەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ساڭا ئۇۋال، بۇرادىرىڭنى (ماختىغان كىشىگنى.ــ ت) ھالاك قىلدىڭ، دىدى ۋە بو سوزنى تەكرارلىدى: سىلەردىن بىركىم بىراۋنى ماختىماي بولمايدىغان بولسا، مېنىڭچە پالانى مۇنداق-مۇنداق دىسۇن، ئۇنىڭ قارىشىدا ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئاللا



由 扫描全能王 扫描创建

كىشىنىڭ قىلغان ئەمىلىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ جازا بېرىدۇ، كىشى ئاللانىڭ ئالدىدا ھېچبىر ئادەمنى ئاقلىمىسۇن. ۋۇھەيبنىڭ ئېيتىشىچە، خالىدنىڭ رىۋايىتىدە "ساگا ئۇۋال" دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا "ئىست ساگا" دېگەن سۆز كەلتۈرۈلگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق بىر ھەدىسنى ئاڭلىدىمكى، ئۇنى سىلەرگە مەندىن باشقا كىشى ئېيتىپ بەرمەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جاھالەتنىڭ تارىلىشى، ئىلىمنىڭ ئازىيىشى، زىنانىڭ تارىلىشى، ھاراقنىڭ ئىچىلىشى، ئەرلەرنىڭ ئازىيىشى، ئاياللارنىڭ كۆپىيىشى ھەتتا ئەللىك ئايالنىڭ بىر ئەر كىشىگە قاراشلىق بولۇشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

**671) ئۇخلايدىغان چاغدا، ئۇيقۇدىن ئويغانغان چاغدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇشنىڭ رەۋىشى توغرىسىدا**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توشەكتە ياتقان چېغىدا: ئى ئاللا، سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە سېنىڭ نامىڭ بىلەن ياشايمەن، دەيتتى. ئۇيقۇدىن ئويغانغان چاغدا: بارچە مەدھىيە بىزنى ئۆلتۈرۈپ قايتا تىرىلدۈرگەن ئاللاغا مەنسۇپ، ئاللا بىزنى قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرىدۇ، دەيتتى.



由 扫描全能王 扫描创建

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبى لەيلا رىۋايەت قىلىدۇكى، كەئب ئىبنى ئۇجرە ماڭا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ساڭا بىر ھەدىيە ئاتا قىلايمۇ؟ دەپ مۇنۇلارنى دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقىپ كەلدى، بىز ئۇنىڭغا: ئى رەسۇلۇللا، بىز ساڭا قانداق سالام قىلىدىغانلىقىمىزنىغۇ بىلدۇق، ئەمدى ساڭا قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: مۇنداق دۇرۇد ئېيتىڭلار، دېدى: ئەللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما سەللەيتە ئەلائىبراھىمە ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىد؛ ئەللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممىدىن كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىد (ئى ئاللا، مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغانىدەك رەھمەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىق ئۇلۇغسەن؛ ئى ئاللا، مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلغانىدەك بەخت ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىق سەن، ئۇلۇغسەن.)

## 673) كېچىسى ئويغانغان چاغدا قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى، مەن مەيمۇنەنىڭ يېنىدا يېتىپ قالغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجەت قىلدى، ئاندىن يۈزىنى، ئىككى قولىنى يۇدى، ئاندىن ئۇخلىدى، ئاندىن يەنە تۇرۇپ تۇلۇمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى يەشتى، ئاندىن كېيىن سۇنى تېجەشلىك ئىشلىتىپ تاھارەتنى تولۇق ئالدى، ئاندىن نامازغا تۇردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىس-



由 扫描全能王 扫描创建

سالامنى كورۇپ قىلىپ ماراپ تۇرۇپتۇ دەپ ياقتۇرماي قالمىسۇن دەپ، بىر سوزۇلۇۋېتىپ، تاھارەت ئالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇردى، مەنمۇ ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇردۇم، ئۇ مېنىڭ قۇلىقىمدىن تۇتۇپ ئايلاندۇرۇپ، ئوڭ تەرىپىگە تۇرغۇزدى. يەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولۇق ئون ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن يېتىپلا پۇشۇلداپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ پۇشۇلداپ ئۇخلايتتى، بىلال ئەزان ئېيتىپ ئۇنى ئويغاتتى، رەسۇلۇللا يېڭىدىن تاھارەت ئالماي بۇرۇنقى تاھارىتى بىلەن ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىدا مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللا، مېنىڭ قەلبىمنى نۇرلۇق قىلغىن، كوزۇمنى نۇرلۇق قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، سول تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئۈستۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئاستىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئالدىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئارقامنى نۇرلۇق قىلغىن، ماڭا نۇر ئاتا قىلغىن.

**674) مېيىت قەۋرىدە قويۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالىدىغان نەرسىلەر ۋە قايتىپ كېتىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا، نەزىر قىلىش ۋە ئەمەل تۇتۇشقا بولغان ھىرىسلىق توغرىسىدا**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مېيىت دەپنە قىلىنغاندا ئۇنىڭغا ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ بارىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىككىسى قايتىپ كېلىدۇ، بىرسى مېيىت بىلەن قالىدۇ: ئۇنىڭغا يېقىنلىرى، پۇل-مېلى



由 扫描全能王 扫描创建

ۋە قىلغان ئەمەلى ئەگىشىپ بارىدۇ، ئۇ دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېقىنلىرى ۋە پۇل-مېلى قايتىپ كېلىدۇ، ئەمەلى بۇنىڭ بىلەن بىللە قالىدۇ.

سەئىد ئىبنى ھەرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ ئىبنى ئومەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: نەزر قىلىش (شەرىئەتتە يوق ئىبادەتنى قىلىمەن دەپ ئۈستىگە ئېلىۋېلىش. — ت) تىن سىلەر مەنئى قىلىنغان ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەن: نەزر قىلىش يولى بىلەن قازا ۋە قەدەردىن بىرەر نەرسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كېچىكتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بېخىلدىن پەقەت نەزر ئارقىلىق نەرسە يۇلۇۋېلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر ئەمەل تۇتۇشقا ھېرىسلىق قىلىڭلار، تۇتقان ئەمەلىڭلار ئۇچۇن قىيامەت كۈنى نادامەت چېكىسىلەر، ئەمەلدار بولۇشنىڭ دەسلىۋى نېمە دېگەن ياخشى، ئاخىرى نېمە دېگەن يامان.

## 677) ئىككى يۈزلىمىلىكنىڭ يامانلىقى ۋە ئاللاتائالانىڭ ئاللاغا زىكرى قىلغانلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەھۇللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئۇلارغا بىر خىل، بۇلارغا بىر خىل باقىدىغان ئىككى يۈزلىمە ئادەم كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ يامان ئادەمدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاتائالا بەندەم قەيەردە بولمىسۇن، مېنى زىكرى قىلىپ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ تۇرىدىكەن. مەن شۇ يەردە ئۇنىڭ بىللەن بىللە بولىمەن.

### 679) ئىماننىڭ ھالاۋىتى، تاھارەتنى تولۇق ئېلىش ۋە ھاجەتخانىغا كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمدە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك نەرسە تېپىلسا، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ، ئۇلار: ئاللانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى باشقا ھەرقانداق نەرسىگە قارىغاندا تېخىمۇ سۆيۈش؛ بىرەر بەندىنى دوست تۇتسا، ئۇنى پەقەت خۇدالىق ئۈچۈن دوست تۇتۇش، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كۇپرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، قايتا كۇپرىغا يېنىشنى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا: تاھارەتنى تولۇق ئېلىش ئەزالارنى پاكىز يۇيۇشتىن ئىبارەت،



由 扫描全能王 扫描创建

دىگەن.

ئابدۇللەزىز ئىبنى سۇھەيب ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خالاجايغا كىرگەندە مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللا، مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پانا تىلەيمەن.

## 682) باشقىلارنى ئۆزىدىن ئەلا بىلىش ۋە تاھارەتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاياللىرىغا ئادەم ئەۋەتتى، ئۇلار: بىزنىڭ يېنىمىزدا پەقەت سۇدىن باشقا نەرسە يوق دىيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساھابىلىرىگە: بۇ ئادەمنى كىم مېھمان قىلىدۇ؟ دىدى. ئەنسارىلاردىن بىرەيلەن: مەن مېھمان قىلىمەن دەپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئايىلىغا: رەسۇلۇللانىڭ مېھمىنىنى كۈتكىن، دىدى. ئايىلى ئۆيدە پەقەت بالىلارنىڭ يەيدىغان تومىقىدىن باشقا نەرسە يوق، دىدى. ئۇ ئايىلىغا تامىقىڭنى تەييارلىغىن، چىرىغىڭنى يورۇتقىن، كەچكى تاماق ۋاقتىدا بالىلىرىڭنى ئۇخلاتقىن، دىدى. شۇنىڭ بىلەن ئايىلى تامىقىنى تەييارلىدى، چىرىغىنى يورۇتتى، بالىلىرىنى ئۇخلاتتى، ئاندىن كېيىن تۇرۇپ چىرىغىنى ئوڭشىغان بولۇپ ئۆچۈرۈۋەتتى، ئەر-خوتۇن ئىككىسى مېھمانغا تاماقنى ئۇنىڭ



由 扫描全能王 扫描创建

بىلەن بىللە يەۋاتقان قىياپەتتە كورۇنۇپ، ئەمەلدە ئاماقىنى يىمەي ئاچ قوساق يېتىپ قىلىشتى. ئەتىسى ئەتىگىنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئاللا سىلەرنىڭ ئاخشامقى ئىشىڭلاردىن كۆلدى ياكى ئەجەپلەندى، دىدى. ئاللاتائالا ئۇلار توغرىلىق مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: "ئۇلار ئۆزلىرى مۇھتاج تۇرسىمۇ، باشقىلارنى ئۆزلىرىدىن ئەلا بىلىدۇ، ئوز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر......"

(سۈرە ھەشر، ٩ ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ـــ ت)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزى ۋاقتىدا بىلالغا: ئى بىلال، سەن مۇسۇلمان بولغاندىن بۇيان قىلغان ئەمەللىرىڭ ئىچىدە ئۈمىتلىك ئەمىلىڭنى ماڭا سوزلەپ بەرگىن، چۈنكى مەن كېچە جەننەتتە ئالدىمدا كەشىڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، دىدى. بىلال: مەن ئۇچۇن ئۇنىڭدىن ئۈمىتلىك بولغان ئەمەلنى قىلغىنىم يوقكى، كېچە ياكى كۈندۇزنىڭ قايسى ۋاقىتلىرىدا بولمىسۇن، تاھارەت ئالساملا شۇ تاھارەت بىلەن ئاللا ماڭا مۇيەسسەر قىلغان نامازلارنى ئوقۇيتتىم، دىدى.

## 684) ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى چاقىرغان بالا ۋە ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بىر ئايال ئوغلىنى سەۋمەئە



由 扫描全能王 扫描创建

(راھىپ ياكى ئابدالار ماكان قىلىپ تۇرغان تاغ ياكى ئېگىزلىكتىكى جاي. — ت) دە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئى جۇرەيج، دەپ چاقىرغان. جۇرەيج: ئى ئاللا، ئانامغا جاۋاپ قايتۇرامدىمەن؟ نامىزىمنى ئوقۇۋېرەمدىمەن؟ دىگەن. ئانىسى: ئى جۇرەيج، دەپ يەنە چاقىرغان. جۇرەيج: ئى ئاللا، ئانامغا جاۋاپ قايتۇرامدىمەن؟ نامىزىمنى ئوقۇۋېرەمدىمەن؟ دىگەن. ئانىسى يەنە: ئى جۇرەيج، دىگەن، جۇرەيج: ئى ئاللا، ئانامغا جاۋاپ بېرەمدىمەن؟ نامىزىمنى ئوقۇۋېرەمدىمەن؟ دىگەن. ئانىسى: ئى ئاللا، جۇرەيج پاھىشە ئاياللارنىڭ يۈزىگە قارىمىغىچە ئۆلمىسۇن، دىگەن. جۇرەيجنىڭ سەۋمەئەسىدە قوي باقىدىغان بىر پادىچى ئايال تۇراتتى، ئۇ تۇغۇپ قويىدى، بەزىلەر ئۇنىڭدىن بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ كىملىكىنى سورىدى. ئۇ: جۇرەيج سەۋمەئەسىدىن چۈشۈپ مېنى ھامىلدار قىلىپ قويىدى، دىدى. جۇرەيج: بالىنى مەندىن بولدى دەپ گۇمان قىلىدىغان ئايال قېنى؟ دىدى ۋە: ئى بابۇس①، ئاتاڭ كىم بولىدۇ؟ دەپ بوۋاقتىن سورىدى، بوۋاق ئاتام قوي باقىدىغان پادىچى، دەپ جاۋاپ بەردى②.

ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دىگەن: بىز (ئاياللار — ت)

---

① بابۇس دىگەن كىچىك بالا ياكى ئېمىۋاتقان بالا دىگەن مەنىدە، ياكى شۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى.

② بۇ يەردە نامازنىڭ ھەققى بىلەن ئانىنىڭ ھەققى توقۇنۇشۇپ قېلىپ، نامازنىڭ ھەققى بېسىپ كەتتى، شۇنداق بولۇشى ھەقلىق ئىدى. ئانىنىڭ ھەققىمۇ بىكار كەتمىدى، ئانىنىڭ ھەققى تەرك ئېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئانىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولدى، لېكىن نامازنىڭ ھەققى ئېتىۋارغا ئېلىنىپ، جۇرەيجنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولدى، ئۇنىڭ كارامىتى مەيدانغا چىقتى.



由 扫描全能王 扫描创建

جىنازىغا ئەگىشىشتىن مەنئى قىلىندۇق، لېكىن بۇ مەنئى قىلىش ھارام تەرىقىدە ئەمەس.

### 686) بازارلاردا سۈرەن سېلىشنىڭ يامانلىقى ۋە رەسۇلۇللانىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتى توغرىسىدا

ئەتا ئىبنى يەسار ئېيتىدۇكى، مەن ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ: رەسۇلۇللانىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىنى ماڭا سۆزلەپ بەرسەڭ، دېدىم. ئۇ: بولىدۇ، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللا تەۋراتتا قۇرئاندىكى بەزى سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەن، دېدى. تەۋراتتىكى سۈپىتى مۇنداق ئىدى: ئى پەيغەمبەر، بىز سېنى ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بىشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئەرەپلەرگە قورغان قىلىپ ئەۋەتتۇق، سەن مېنىڭ بەندەم ۋە رەسۇلىمسەن. مەن سېنى مۇتەۋەككىل (ئاللاغا تەۋەككۈل قىلغۇچى.—ت) دەپ ئاتىدىم، سەن بەتتەخلاق، قوپال ئەمەسسەن، بازارلاردا سۈرەن سالغۇچى ئەمەسسەن، ساڭا يامانلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلماي، كەڭ قوساقلىق قىلىسەن، كەچۈرىسەن. ئازغان خەلق بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ ئىمان ئېيتىش بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى كورمەس كوزلىرى، ئاڭلىماس قۇلاقلىرى، چۈشەنمەس دىللىرى ئېچىلمىغىچە ئاللا سېنى قەبزى روھ قىلمايدۇ.

### 687) ئەركەك ھايۋانلار ئۈچۈن چاپتۇرۇش ھەققى ئېلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئىبنى ئومەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر



由 扫描全能王 扫描创建

ئەلەيھىسسالام ئەركەك ھايۋانلار ئۇچۇن چاپتۇرۇش ھەققى ئېلىشنى مەنئى قىلدى①.

## 688) غۇسلى قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشى، يىتىمنى باققان ئادەم ۋە جۇمەگە ھازىر بولغانلارنى پەرىشتىلەر خاتىرىلەپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، مەيمۇنە مۇنداق دىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇپلۇقتىن غۇسلى قىلغان چاغدا مەن ئۇنىڭغا دالدا بولۇپ تۇردۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئىككى قولىنى يۇدى، ئاندىن ئوڭ قولىدا سۇ قۇيۇپ سول قولى بىلەن ئەۋرىتىنى ۋە تازا ئەمەس يەرلىرىنى يۇدى، ئاندىن كېيىن قولى بىلەن تامنى ياكى زىمىننى سىيپىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈنلەي نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت

---

① ئەركەك ھايۋانلارنىڭ چېپىشىنى سېتىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئەركەك ھايۋانلارنىڭ سېپرمىسىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلىگىلى ۋە ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئۆتكۈزۈپ بەرگىلىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەڭ توغرا رىۋا-يەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇنى ئىجارىگە ئېلىشقىمۇ بولمايدۇ، چىشى ھايۋاننىڭ ئىگىسى ئەركەك ھايۋاننىڭ ئىگىسىگە سوغا قىلىش يولى بىلەن بىر نەرسە بەرسە دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى كىلاپ ئايىمىغىدىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەركەك ھايۋانلارنى چاپتۇرۇش ھەققى توغرىلىق سوراپ: ئى رەسۇلۇللا، بىز ئەركەك ھايۋانلىرىمىزنى چاپتۇرغانلىغىمىز ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىمىز دىگەندە، رەسۇلۇللا ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىنىشىگە رۇخسەت قىلغان.

ئالدى، پۇتىنى يۇمدى، ئاندىن بەدىنىگە سۇ قۇيدى، كېيىن بىر چەتكە چىقىپ پۇتىنى يۇدى.

سەھل ئىبنى سەئد رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن يېتىمنى باققان ئادەم بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن، دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىغى بىلەن ئوتتۇرا بارمىغىنى كۆرسەتكەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى جۈمە كۈنى جۇنۇپلۇقتىن غۇسلى قىلغاندەك غۇسلى قىلىپ جۈمەگە دەسلەپكى سائەتتە بارسا، ئۇ بىر تۆگە سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ، كىمكى ئىككىنچى سائەتتە بارسا، ئۇ بىر كالا سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ، كىمكى ئۈچىنچى سائەتتە بارسا ئۇ بىر قوچقار سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ، كىمكى تۆتىنچى سائەتتە بارسا، ئۇ بىر مىكىيان سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ، كىمكى بەشىنچى سائەتتە بارسا، ئۇ بىر تۇخۇم سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ، ئىمام خۇتبىگە چىققان چاغدا پەرىشتىلەر ھازىر بولۇپ خۇتبە ئاڭلايدۇ.

### 691) كېچىسى ئىبادەت قىلىش ۋە "بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىپ بىكار قىلىۋەتمەڭلار" دىگەن ئايەت توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا كىشىلەر بىرەر چۈش كۆرسە، ئۇنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامـغا سوزلەپ بـﯩرەتـتى، مەن بىرەر چـۈش كورۈپ رەسۇلۇللاغا سوزلەپ بېرىشـنى ئارزۇ قىلىپ قالـدىم. مەن ياش بالا ئىدىم، رەسۇلۇللانىڭ ۋاقـتىدا مەسـچىتـتە ئۇخـلايتـتىم، چۈشۈمدە گويا ئىككى پەرىشتە كېلىپ مېنى دەۋزەخقە ئېلىپ باردى. قارىسام دەۋزەخ قۇدۇققا ئوخشاش قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قىرغىغى بار ئىكەن، ئۇ يەردە تۇرغان كىـشـلەرنى مەن تونۇدۇم، شۇنىڭ بىلەن، مەن: ئاللاغا سىغىنىپ دەۋزەختىن پانا تىـلەيـمەن، دېيىشكە باشلىدىم. ماڭـا ئىككىنـچى بىر پەرىشـتە يولۇقۇپ: ساڭـا قورقۇنچ يوق، دېدى. بۇ چۈشنى ھەفسىگە سوزلەپ بەردىم، ھەفسە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەپ بېرىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالام: ئابدۇللا ئەگەر كېچىسى ناماز ئوقۇيـدىغان بولـسا، ئۇ نـىمە دېگەن ياخشى ئادەم، دەپتۇ. ئابـدۇللا ئىبـنى ئومەر مۇشۇنـىڭـدىن كېـيـىـن كېچىسى ئازلا ئۇخلايدىغان بولغان①.

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "ئى مومىنلەر، بەرگەن سەدىقـەڭلار-نىڭ ساۋابىنى مىننەت قىلىش ۋە رەنجىتىش بىلەن بىكـار قىلىـۋەت-مەڭلار، (ئۇنداق قىلساڭـلار) مېلـىنى باشـقـىلارنى كورسۇن دەپ بېرىدىغان، ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنـمەيـدىغان ئادەمـدەك بولۇپ قالىسىلەر. بۇنداق ئادەم گويا ئۈستـىدە توپا بولغان، قاتـتىق ياقىقان يامغۇر توپىنى ئېقىتىپ كېتىش بىلەن يەنىلا بۇرۇنقى پېتـىچە

---

① يۇقۇرقى ھەدىستىن كېچىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ كىشىـنى دەۋزەخـتىن خالاس قىلىدىغانلىغى ۋە كېچىسى كوپ ئۇخـلاشـنىڭ ياخـشى ئەمەسـلىگى چىقىدۇ، كوپ ئۇخلاش كىشىنى قىيامەت كۈنى نامرات قالدۇرىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ، رىياكارلار قىلغان سەدىقىلەردىن ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، كاپىرلارنى ئاللا ھىدايەت قىلمايدۇ①.» (سۈرە بەقەرە، 264 ـ ئايەت. ــ ت)

## 963) باي تۇرۇپ قەرزىنى ئارقىسغا سورەش، ۋاقتىدا بەرمەسلىك توغرىسىدا، توقلۇقتا شۈكرى قىلغۇچى، ئاچلىقتا سەۋرى قىلغۇچى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: باي② ئادەمنىڭ قەرزىنى ئارقىغا سورىشى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

---

① قىلغان سەدىقىسىنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن يوققا چىقىرىدىغان ئادەمنى ئاللاتائالا كورۇنۇشتە ئاللانىڭ رىزاسى ئۈچۈن سەرپ قىلغاندەك كورۇنۇپ، ماھىيەتتە كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا، شوھرەتكە ۋە ياخشى نامغا ئېرىشىش مەقسىدىدە كىشىلەرگە كورستىش ئۈچۈن پۇل ـ مال سەرپ قىلغان ئادەمگە ئوخشىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، باشقىلارغا كورستىش ئۈچۈن سەدىقە قىلغان ئادەمنىڭ ھالى سەدىقىسگە مىننەت قىلغان ئادەمنىڭ ـ كىدىن يامانراقتۇر. ئاندىن ئاللا رىياكارلىق بىلەن بەرگەن سەدىقىنى ئۈستىدە توپا بولغان، قاتتىق يامغۇر يېغىش بىلەن توپىدىن ئەسەر قالماي تاپ ـ تازا بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشىتىدۇ. دىمەك، رىياكارلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى تاشنىڭ ئۈستىدىكى توپا يوققا چىققاندەك يوققا چىقىرىلىپ، قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا، قىلغان سەدىقىسىدىن ھېچقانداق ساۋاپقا ئېرىشەلمەيدۇ.

② باي ئادەمنىڭ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزنى بېرىشكە قادىر تۇرۇقلۇق ۋاقتىدا بەرمەي ئارقىغا سورىشى ھارامدۇر، قايتۇرۇشقا ئاجىز كەلگەن ئادەم ئۇنىڭغا كىرمەيدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: توق تۇرمۇشقا شۈكرى قىلغان ئادەمنىڭ دەرىجىسى ئاچلىققا چىداپ روزا تۇتقان ئادەمنىڭ دەرىجىسى بىلەن باراۋەردۇر①.

## 695) ھەسەلنىڭ داۋا بولىدىغانلىقى، كۆز تېگىشنىڭ راست ئىكەنلىكى، كېسەلنىڭ كۆچمەيدىغانلىقى ۋە ماخاۋ كېسىلدىن قېچىش توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: قېرىندىشىمنىڭ ئىچى سۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: قېرىندىشىڭغا ھەسەل ئىچكۈزگىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېرىندىشىغا ھەسەل ئىچكۈزگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

---

① مىشكاتنىڭ شەرھىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئىمان ئىككى يارتا بولۇپ، بىر يارتىسى سەۋرىدىن، بىر يارتىسى شۈكرىدىن ئىبارەت. ئاللانىڭ نېمىتىنى كۆرگەن، شۇ نېمەتتىن سەدىقە قىلغان، ئاللانىڭ مۇھەببىتىگە دىلى بىلەن بېرىلگەن، ئۇنى تىلى بىلەن بايان قىلغان شۈكرى قىلغۇچى ئادەم سەۋرلىك ئادەملەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدۇ.

شېئىر:

چەكلىدىم نەپسىمنى رەببىم سەن ئۈچۈن مېھرىڭنى دەپ،
خەيرىيەت گەر بولسا ئىشكەلدە كىشى ئىشكەللىنەر.

سەۋرلىك ئادەم نېمەت بېغىشلىغۇچى ئاللانىڭ تائىتىگە ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدۇ، شۈكرلىك ئادەم ئاللانىڭ مۇھەببىتىگە سەدىقە بېرىش ۋە مەدھىيە ئېيتىش بىلەن بېرىلىدۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

قىرىندىشىمىغا ھەسەل بەرسەم ئىچىمۇ سۈرۈۋاتىدۇ، دېدى①.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللانىڭ سۆزى راست، قېرىندىشىڭنىڭ
قورسىقىنىڭ ئاغرىشى يالغان②، دېدى.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كۆز تېگىش ئىشى راستتۇر③.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىسلامدا ئاغرىق كۆچىدۇ
دەپ ئېتىقات قىلىش يوق، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىدىن شۇملىنىش
يوق④، ھۇقۇشتىن شۇملىنىش يوق⑤، سەپەر ئېيىدىن شۇملىنىش

① چۈنكى ئاللا: "ھەسەل كىشىلەرگە داۋا بولىدۇ" دېگەن.
② ئاشقازاندا بۇزۇق ماددىلار كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قەي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەكرار ھەسەل ئىچىشكە بۇيرۇغان، ھەسەلنى تەكرار ئىچكەندىن كېيىن ئۇ ساقايغان.
③ كۆز تېگىش ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت نەرسە، ئىمام مۇسلىم: ئەگەر تەقدىرنى بۇزۇۋېتىدىغان نەرسە مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم كۆز تېگىشتىن ئىبارەت بولىدۇ، دېگەن سۆزنى بۇ ھەدىسكە قوشۇپ رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىستە كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆزنىڭ تېز تەسىر قىلىدىغانلىقى ئەسلىتىپ ئۆتۈلىدۇ. ئەنەس رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: كىمكى بىر نەر-سىنى كۆرۈپ ئەجەپلەنگەندە، بۇ — ئاللانىڭ ئىرادىسى، كۈچ پەقەت ئاللادىنلا كېلىدۇ دېسە، ئۇ نەرسىگە ئۇنىڭ كۆزى تەگمەيدۇ، دېيىلگەن.
④ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ئۇۋ قۇشلىرىنىڭ سولدىن ئوڭغا ۋە ئوڭدىن سولغا ئۇچۇشلىرىدىن شۇملىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدا-زىيان كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.
⑤ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر، ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭەكلىرى ھۇقۇشقا ئايلىنىپ، ئۇچى بارلاردىن ئۇچ ئالىدۇ، دەپ ئېتىقات قىلاتتى.

يوق①، ماخاۋ كېسىلىدىن خۇددى يولۋاستىن قاچقاندەك قاچقىن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەگەر مېنىڭ ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇم بولىدىغان بولسا، قەرزىمگە بېرىشكە ئېلىپ قالغىنىمدىن تاشقىرى، ئالىدىغان ئادەم تاپالايدىغانلا بولسام، ئۈچ كۈنگە قالماي ئۇنىڭدىن بىر دىنارمۇ قالدۇرماستىن ھەممىنى بىرىۋېتىشنى ئەلۋەتتە ياقتۇراتتىم.

**غەيۋەت قىلماسلىق، ئادىل بولۇش، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ كەچۈرۈشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن تاللانغان دۇئالار ۋە داۋاملىق دۇئا قىلىپ تۇرۇشقا تەرغىپ قىلىش توغرىسىدا**

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "بىر بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار②، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى

① جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر، سەپەر ئېيى ھادىسە-بالا، پىتنە-پاسات كۆپ يۈز بېرىدىغان ئاي دەپ گۇمان قىلىشاتتى.

② ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك قارىشىچە، غەيۋەت قەتئىي ھارام قىلىنىپ چەكلەنگەن نەرسە، ئۇ ئوچۇق-ئاشكارا بۇزۇقچىلىق قىلمايدىغان بىر مۇسۇلماننىڭ كەينىدە ئۇنىڭ يامان كېپىنى قىلىشتىن ئىبارەت، كۆز يۇمۇشلاش ياكى يېزىش ياكى ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ.



由 扫描全能王 扫描创建

ياقتۇرامدۇ؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللادىن قورقۇڭلار، ئاللا تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر......" (سۇرە ھۇجرات، 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ــ ت)

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "ئاللا ھەققانىي بولۇشقا ①، ئېھسان قىلىشقا ②، خىش ـ ئەقرىبالىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، گۇنالاردىن، ناچار قىلىقلاردىن ۋە زۇلۇمدىن مەنئى قىلىدۇ، ئاللا سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ، ئاللانىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلغايسىزلار." (سۇرە نەھل، 90 ـ ئايەت. ــ ت)

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "ئاشكارا ياكى مەخپىي ھالدا قايسى بىر ياخشىلىقنى قىلساڭلار، ياكى بىرەر يامانلىقنى كەچۈرسەڭلار، ئاللانىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولىسىلەر، ئاللا ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن قادىردۇر③." (سۇرە نىسا، 149 ـ ئايەت. ــ ت)
يەنە ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر. كىمكى ئەپۇ قىلىدىكەن ۋە ئەپلىشىش يولىنى تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللا ئۆزى بېرىدۇ، ئاللا زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇچرىغان زۇلمى ئۈچۈن ئىنتىقام

---

① زۇلۇم قىلماسلىق ۋە ھەقدارنىڭ ھەققىنى جايىغا قارار تاپقۇزۇش.
② كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەش.
③ ئاللا سىلەردىن ئۆچ ئېلىشقا تولۇق قۇدرەتلىك بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ سىلەرنى كەچۈرۈپ تۇرىدۇ، سىلەرمۇ شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك. بۇ بوزەك قىلىنغانلارنى ئەپۇ قىلىشقا تەرغىپ قىلغانلىقتۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

由 扫描全能王 扫描创建

ئالغانلارنى جازالاشقا ھېچ يول يوق. پەقەت ناھەق رەۋىشتە كىشىلەرگە
زۇلۇم قىلغانلارنى، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى جازالاشقا يول
باركى، ئۇلار قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدۇ. يەتكەن ئەزىيەتكە
سەۋرى قىلىش، قادىر تۇرۇقلۇق، زۇلۇم قىلغۇچىدىن ئىنتىقام
ئالماسلىق ئەڭ بۈيۈك ئىشلاردۇر①." (سۈرە شۇرا، 40 — 43 —
ئايەتلەر. — ت)

ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەن: "ئاللا بىرىڭلارنى بىرىڭلاردىن
ئارتۇق قىلىپ بەرگەن نەرسە ئۈچۈن ھەسەت قىلىشماڭلار، مەيلى
ئەرلەر بولسۇن، مەيلى ئاياللار بولسۇن، ئۇلار قىلغان ئەمەللىرىدىن
ھەسسىدار بولىدۇ. ئاللانىڭ پەزلى-كەرىمىدىن سوراڭلار، ئاللا ھەقى-
قەتەن ھەر بىر نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ." (سۈرە نىسا، 32-ئايەت. — ت)

---

① ھېكايە قىلىنىدۇكى، ھەسەن رەھىمەھۇللاھۇ (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت
قىلسۇن)نىڭ يېنىدا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى تىللىغان، تىللانغان ئادەم
ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تەرلەپ كېتىپ تەرىنى ئېرتىپ ئولتۇرغان، ئاندىن
مەزكۇر ئايەتنى ئوقۇغان. ھەسەن: نادانلار بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلمىغان بىلەن،
بۇ ئادەم ئۇنى چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تونۇپ يەتكەن، دېگەن.
بەزىدە ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. دېمەك، ئەپۇ قىلماسلىق ياخشى
سانىلىدۇ، يەنى زۇلۇمنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنى چەكلەشكە ۋە زۇلۇمنىڭ
ئاساسىنى قۇرۇتۇشقا زورۇرىيەت تۇغۇلغاندا شۇنداق بولىدۇ. ئى ئاللا،
پەيغەمبىرىڭنىڭ بۇ گوھەر ياڭلىغ ھەدىسلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقاتقۇچى
ۋە دۇئالارنى كۆچۈرگۈچى ئەرزىمەس خار بەندەڭ مۇستەفا ئىبنى مۇھەممەد
ئەمارەنى كەچۈرگىن، ئۇنى سېنىڭ ياخشى بەندىلىرىڭ ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن
بىرلىكتە سېنىڭ رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن.
ئى ئاللا، مەن ئاجىز بەندەڭ، مېنى ياخشىلىققا، رازىلىقىڭغا ۋە ئېھسانىڭغا

ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دىگەن: "رەببىڭلار، ماڭا دۇئا قىلىڭلار، ئىجابەت قىلىمەن، دىدى" (سۇرە مۇئمىن، 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ـــ ت).

ئاللاتائالا مۇنداق دىـگەن: "رەببىڭـلارغا يالـۋۇرغان ھالـدا ۋە يوشۇرۇن ھالـدا دۇئا قىلـىڭلار، ئاللا ھەقىقەتەن دۇئادا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ياخشى كورمەيدۇ." (سۇرە ئەئراف، 55 ـ ئايەت. ـــ ت) (توۋۇلاپ ۋاقىراپ دۇئا قىلىش، نامۇۋاپىق ياكى غەيرى مۇمكىن نەرسىلەرنى سوراش ياكى گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا ياردەم سوراش ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ). ئاللاتائالا مۇنداق دىگەن: "بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا، ئېيتقىنكى، مەن ئۇلارغا يېقىن، ماڭا دۇئا قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن......" (سۇرە بەقەرە، 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ـــ ت)

ئاللاتائالا مۇنداق دىگەن: "مۇزتەر (ئېغىرچىلىقتا قالغان. ـــ ت)

---

مۇۋەپپەق قىلىشىڭنى، ئاقىۋىتىمنى بەختلىك قىلىشىڭنى، قىلغان تائىتىمگە يار ـ يولەك بولۇشۇڭنى، سىنىڭ ئۇلۇغ جامالىڭنى كورۇشتىن بەھرىمەن قىلىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن. سىنىڭ ئىلتىپاتىڭ بىلەن بۇ خىزمىتىمنى رىياسىز، خالىس، سەن ئۇچۇنلا رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسلىرىنى تارقىتىش ۋە دىنغا ياردەم بېرىش مەقسىدىدە قىلغان بولغايمەن. مېنىڭ ئىلمىمنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلمىنى زىيادە قىلغايسەن، سىنى پاك دەپ ئېتىقات قىلىمەن. بىز پەقەت سەن بىلدۇرگەن نەرسىلەرنىلا بىلىمىز، سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى دانادۇرسەن.

بۇ كىتاپ 1340 ـ ھىجرىيە رەجەپ ئېيىنىڭ 7 ـ كۇنى تاماملاندى، يۇقۇردىكى دۇئاغا ئائىت ئۇلۇغ ئايەتلەرنى ئاللانىڭ پەزلى ـ كەرىمىنى تىلەپ، تەۋەررۇك يۇزىسىدىن بۇ يەردە كەلتۇردۇم، شۇنىڭدەك يۇقۇرقى ئايەتلەرگە ئۇلاپ بېرىلگەن دۇئا ھەدىسلىرىنىڭ 1 ـ دىن 17 ـ گىچە بولغان قىسمىنى «رىيازۇسسالىھىن» («ياخشىلارنىڭ باغچىسى») دىگەن كىتاپتىن ئالدىم.



由 扫描全能王 扫描创建

ئادەم دۇئا قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغان ۋە ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋېتىدىغان كىم......“ (سۈرە نەھل، 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ــ ت)

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: دۇئا قىلىشنىڭ ئۆزى ئىبادەتتۇر. (بۇنى ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

(1) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان ئەڭ كۆپ دۇئاسى: رەببىمىز ئاللا، بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن، دىگەندىن ئىبارەت ئىدى. (بۇنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

(2) ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى دىللەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللا، دىللىرىمىزنى ساڭا تائەت قىلىشقا ئۆزگەرتكىن. (بۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

(3) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئېغىر ئەھۋالدا قېلىشتىن، بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن، بالا ـ قازاغا يولۇقۇشتىن ۋە دۈشمەنلەرنى خوش قىلىدىغان ئىشقا دۇچار بولۇشتىن ئاللا بىلەن پانا تىلەڭلار. (بۇنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

(4) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ئى ئاللا، مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە



由 扫描全能王 扫描创建

توغرا ئادەم قىلغىن دىگىن، دىگەن. (يەنە بىر رىۋايەتتە) ئى ئاللا، سەندىن ھىدايەتنى ۋە توغرىلىقنى سورايمەن، دەپ ئېيتقىن دىگەن. (بۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

(5) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان دۇئاسىدا مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللا، قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە قىلمىغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پانا تىلەيمەن. (بۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

(6) زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللا، سەن بىلەن ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ۋە گور ئازابىدىن پانا تىلەيمەن. ئى ئاللا، نەپسىمنى تەقۋىدار قىلغىن، ئۇنى پاك قىلغىن، ئۇنى پەقەت سەنلا پاك قىلىسەن، سەن ئۇنى قوغدىغۇچىسەن ۋە سەن ئۇنىڭ ئىگىسى سەن. ئى ئاللا، سەن بىلەن پايدىسىز ئىلىمدىن، بوي سۇنماس دىلدىن، تويماس نەپستىن، ئىجابەت بولماس دۇئادىن پانا تىلەيمەن. (بۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

(7) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ سوزلەر بىلەن دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللا، سەن بىلەن دەۋزەخنىڭ پىتنىسىدىن، دەۋزەخنىڭ ئازاۋىدىن، بايلىق ۋە كەمبەغەللىكنىڭ يامانلىقلىرىدىن پانا تىلەيمەن. (بۇنى ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

(8) زىياد ئىبنى ئەلاقە تاغىسى قۇتبە ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق



由 扫描全能王 扫描创建

دەيتتى: ئى ئاللا، سەن بىلەن يامان ئەخلاقلاردىن، يامان ئەمەللەر-دىن ۋە ھاۋايى ھەۋەسلەردىن پانا تىلەيمەن. (بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

(9) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللا، سەن بىلەن ئاق كېسەلدىن، روھىي كېسەلدىن، ماخاۋدىن ۋە يامان ئاغرىقلاردىن پانا تىلەيمەن. (بۇنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.)

(10) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللا، سەن بىلەن ئاچلىقتىن پانا تىلەيمەن، ئاچ قېلىش نېمە دېگەن يامان، سەن بىلەن خىيانەتتىن پانا تىلەيمەن، خىيانەت قىلىش نېمە دېگەن يامان. (بۇنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.)

(11) ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمراننىڭ ئاتىسى ھۇسەينگە دۇئا قىلىدىغان مۇنداق ئىككى سوزنى ئۆگىتىپ قويغان: ئى ئاللا، ھەق يولدا چىڭ تۇرۇشۇمنى مېنىڭ كۆڭلۈمگە سالغىن، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن. (بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

(12) ئەبۇلفەزل ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن، ئى رەسۇ-لۇللا، ماڭا ئاللاتائالادىن تىلەيدىغان بىرەر نەرسىنى ئۆگىتىپ قويساڭ، دېسەم، رەسۇلۇللا: ئاللادىن ئامانلىقنى تىلەڭلار، دېدى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەن يەنە بېرىپ: ئى رەسۇلۇللا، ماڭا ئاللاتائالادىن تىلەيدىغان بىرەر نەرسىنى ئۆگىتىپ قويساڭ،



由 扫描全能王 扫描创建

دىسەم، ئۇ ماڭا: ئى ئابباس، ئى رەسۇلۇللانىڭ تاغىسى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللادىن ئامانلىقنى تىلەڭلار، دىدى. (بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

(13) شەھر ئىبنى ھەۋشەبدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ئى مومىنلەرنىڭ ئانىسى، سىزنىڭ قېشىڭىزدىكى چاغدا رەسۇلۇللانىڭ كۆپرەك قىلىدىغان دۇئاسى نىمە ئىدى؟ دەپ سورىغاندا، ئۇممۇ سەلەمە: رەسۇلۇللانىڭ كۆپرەك قىلىدىغان دۇئاسى، ئى دىللەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللا، قەلبىمنى سېنىڭ دىنىڭدا ئىزچىل قىلغىن، دىگەندىن ئىبارەت ئىدى دەپ جاۋاپ بەرگەن. (بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

(14) ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مۇنۇ دۇئا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان دۇئالىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى: ئى ئاللا، مەن سەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، ساڭا مۇھەببەت باغلىغانلارنىڭ مۇھەببىتىنى سورايمەن ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى سورايمەن. ئى ئاللا، سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى ماڭا مېنىڭ ئۆزەمدىنمۇ، خىش-ئەقرىبالىرىمدىنمۇ ۋە مۇزدەك سۇدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن. (بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

(15) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: دۇئايىڭلارنى يازەلجەلالى ۋەلئىكرام (ئى ئەزەمەتلىك ۋە ھورمەتلىك ئاللا) دىگەن سۆز بىلەن باشلاڭلار. (بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

(16) ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق



由 扫描全能王 扫描创建

دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرغۇن دۇئا قىلدى، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى تۇتۇۋالالماي، ئى رەسۇلۇللا، تۇرغۇن دۇئا قىلدىڭ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى تۇتۇۋالالمىدۇق، دېدۇق. رەسۇلۇللا مۇنداق دېدى: دۇئانىڭ بارلىق مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر دۇئانى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، مۇنداق دېسەڭ بولىدۇ: ئى ئاللا، سەندىن سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سورىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى سورايمەن، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەن بىلەن پاناە تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ يامىنىدىن پاناە تىلەيمەن. مەدەت سەندىنلا سورىلىدۇ. ھەرقانداق چارە-تەدبىر ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاللانىڭ خاھىشى بىلەنلا بارلىققا كېلىدۇ. (بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

(17) ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: بۇ دۇئا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان دۇئالىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى: ئى ئاللا، سەندىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى، مەغپىرىتىڭگە سەۋەپ بولىدىغان نەرسىلەرنى سورايمەن، ھەر بىر گۇناھدىن ساق بولۇشنى، ھەر بىر ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى، جەننەتنىڭ قولغا كېلىشىنى، دەۋزەختىن نىجات تېپىشنى سورايمەن. (بۇنى ھاكىم رىۋايەت قىلغان.)

**ئى ئاللا، يېتەكچىمىز مۇھەممەدگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغە ئەزەلدىن تائەبەت كېچە ھەر دائىم رەھمەت قىلىپ تۇرغىن ۋە ئۇلارنى ئامان قىلىپ تۇرغىن①.**

---

① بۇ دۇرۇد بەزى ئەۋلىيالار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.



由 扫描全能王 扫描创建

(18) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللا، مەن سەن بىلەن ئىتتىپاقسىزلىقتىن، مۇناپىقلىقتىن ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن پانا تىلەيمەن.

(19) شىتىر ئىبنى شەكەل ئاتىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى ئاللا، سەن بىلەن قۇلىقىمنىڭ يامانلىقىدىن، كوزۇمنىڭ يامانلىقىدىن، تىلىمنىڭ يامانلىقىدىن، قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە جان يېرىمنىڭ يامانلىقىدىن پانا تىلەيمەن.

(20) ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، ھەق يولدا چىڭ تۇرۇشۇمنى مېنىڭ كوڭلۇمگە سالغىن، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن.

(21) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئارقىلىق غەزىۋىڭدىن پانا تىلەيمەن، سېنىڭ قوغدىشىڭ بىلەن سېنىڭ ئازاۋىڭدىن پانا تىلەيمەن. سەن بىلەن سېنىڭ دەۋزىخىڭدىن پانا تىلەيمەن، سەن ئوزەڭگە سانا ئېيتقاندەك مۇكەممەل رەۋىشتە سانا ئېيتىشتىن ئاجىزمەن.

(22) ئابدۇللا ئىبنى ئومەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، سەن بىلەن بەرگەن نېمىتىڭنىڭ ئوزۇلۇپ قېلىشىدىن، ئامانلىقىمنىڭ ئوزگىرىپ قېلىشىدىن، تويۇقسىز جازالىشىڭدىن ۋە جىمى غەزەپلىرىڭدىن پانا تىلەيمەن.



由 扫描全能王 扫描创建

(23) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، ماڭا بىلدۇرگەن نەرسەڭدىن مېنى پايدىلاندۇرغىن، ماڭا پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگىن ۋە ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن، قايسى ھالدا بولماي، ئاللاغا شۇكرى قىلىمەن ۋە ئەھلى دەۋزەخنىڭ ھالىدىن ئاللا بىلەن پانا تىلەيمەن.

(24) ئەبۇ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، مېنى، مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمى قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، مېنى سالامەت قىلغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، گۇنالىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھويلامنى كەڭ قىلغىن ۋە رىزقىمنى بەرىكەتلىك قىلغىن.

(26) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، ھالال نەرسەڭ ئارقىلىق مېنى ھارامدىن بىھاجەت قىلغىن، پەزلى-مەرھەمىتىڭ بىلەن مېنى ئۆزەڭدىن غەيرىدىن بىھاجەت قىلغىن.

(27) ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، سېنىڭ توغرا يولغا يېتەكلىشىڭنى، تەقۋىدار قىلىشىڭنى، ھارامدىن پاك قىلىشىڭنى ۋە باي قىلىشىڭنى تىلەيمەن.



由 扫描全能王 扫描创建

(28) ئومەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئى ئاللا، بىزگە بەرگىنىڭنى زىيادە قىلغىن، كېمەيتىۋەتمىگىن، بىزنى ئەزىز قىلغىن، خار قىلمىغىن، بىزگە ئاتا قىلغىن، بىزنى مەھرۇم قىلمىغىن، بىزنى ئۈستۈن قىلغىن، تۆۋەن قىلمىغىن، بىزنى مەمنۇن قىلغىن ۋە بىزدىن رازى بولغىن.

(29) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئى ئاللا، سەن بىزدىن پەقەت ئۆزەڭنىڭ ياردىمى بىلەنلا قىلالايدىغان نەرسىلەرنى تىلىدىڭ، ئى ئاللا، بىزگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سېنى بىزدىن رازى قىلىدىغان نەرسىلەرنى بەرگىن.

ئى ئاللا، بىزگە بىزنى سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناكار بولۇشتىن توسىدىغان قورقۇنچ ئاتا قىلغىن، بىزنى جەننىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان تائەت-ئىبادىتىڭگە مۇيەسسەر قىلغىن، بىزگە دۇنيانىڭ بالايى-ئاپەتلىرىنى مەنستىمەيدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغىن، مادامىكى جېنىمىزنى ئېسەن قىلىدىكەنسەن، بىزنى قۇلاقلىرىمىزدىن، كۆزلىرىمىزدىن ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمىزدىن بەھرىمەن قىلغىن، ھاياتىمىز بويىچە بىزنى شۇ ئىشەنچتىن ئايرىمىغىن، بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئۆچىمىزنى ئالىدىغان قىلغىن، دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، بېشىمىزغا كېلىدىغان پېشكەللىكنى دىنىي جەھەتتە كەلتۈرمىگىن، دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە بىلىمىمىزنىڭ چېكى قىلمىغىن، سەندىن قورقمايدىغان، بىزگە رەھىم قىلمايدىغان ئادەمنى گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن بىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن.

(30) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، ئۈشمەنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان دىنىمنى ياخشى قىلغىن، مىنىڭ ياشايدىغان بۇ دۇنيايىمنى ياخشى قىلغىن، قايتا تىرىلىدىغان ئۇ دۇنيايىمنى ياخشى قىلغىن، ياخشىلىققا قالغاندا ھاياتىمنى زىيادە قىلغىن، يامانلىققا قالغاندا ئۆلۈمىمنى راھەت قىلغىن.

(31) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، مىنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن ۋە مىنى ئاخىرەتتە پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار، شەھىتلەر ۋە ياخشى بەندىلەر بىلەن بىر يەردە قىلغىن.

(32) بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، مىنى شۈكرى قىلغۇچى قىلغىن، مىنى سەۋرى قىلغۇچى قىلغىن، مىنى ئۆزەمگە كىچىك، كىشىلەرگە چوڭ كورسەتكىن.

(33) ئەبۇ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن سورايمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللا بىردۇر، ئاللاغا ھەممە مۇھتاجدۇر، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەمەس، ئاتا-ئانىسى بولغان ئەمەس ۋە ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس.

(34) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئى ئاللا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سەندىن ئامانلىق تىلەيمەن.



由 扫描全能王 扫描创建

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئى ئاللا، سەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇرسەن، كەرەملىكدۇرسەن، ئەپۇنى دوست تۇتىسەن، مېنى كەچۈرگىن.

(35) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئى ئاللا، مېنىڭ بەدىنىمنى سالامەت قىلغىن، كوزۇمنى ساق قىلغىن، كوزۇمنى مەن ئۆلگىچە ساق قىلغىن، مۇلايىم-كەرەملىك بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللانى نۇقسانلاردىن پاك ھېساپلايمەن. جىمى مەدھىيە پۈتۈن ئالەملەرنىڭ تەربىيىچىسى ئاللاغا خاستۇر①.

ئەمدى بۇ يەردە قەلەمنى تەۋرىتىشتىن توختايمەن. سەۋەنلىكلىرىمگە ئاللادىن مەغپىرەت تىلەيمەن، باشتىن-ئاخىر ئاللاغا شۇكرى قىلىمەن، يېتەكچىمىز پەيغەمبەر مۇھەممەدگە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە ئاللانىڭ رەھمەتلىرى ۋە ئامانلىقلىرى بولسۇن.

---

① 18 - دىن 35 - گىچە بولغان دۇئا ھەدىسلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىس-سالامدىن رىۋايەت قىلىنغان تۈرلۈك كىتاپلاردىكى دۇئالاردىن تاللاپ ئالدىم.

# بۇ كىتاپتا ئۇچرايدىغان ئايرىم چۈشىنىكسىز سۆزلەرگە ئىزاھ

| | |
|---|---|
| ئالىمى غەيب | روھانى ئالەم، سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان ئالەم |
| ئاسى | گۇناكار بولغۇچى، ئازغۇچى |
| باتىل | ناتوغرا، بىكار، بىھۇدە |
| بالىغ | بالاغەتكە يەتكەن، ياش قورامىغا يەتكەن |
| پارىغ بولماق | بوشىماق، بىكار بولماق |
| پەجۋەخ | تەقۋىدار |
| پەتھى قىلىش | ئىشغال قىلىش، ئىگىلەش، ئېلىش |
| پەزلى | ئىلتىپات، مەرھەمەت، پەزىلەت |
| پىتنە | توغرا يولدىن ئازماق، گۇناھ، سىناق |
| تەبلىغ قىلماق | يەتكۈزمەك، ئۇقتۇرماق |
| تەزىر | ئۇرۇش، تىللاش، شەرىئەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان تەن جازاسى |
| تەسبىھ ئېيتماق | ئاللانى پاك دەپ بىلىش، سۇبھانالla دەپ ئېيتىش |
| تەلبىيە | جاۋاپ قايتۇرۇش، ئاۋاز قوشۇش، ھەج ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان مەلۇم دۇئا |
| تەۋپىق | ئىناپىقا كەلمەك، لايىقلاشتۇرۇش، مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، يارىشىش، توغرا يولغا كىرىش |
| تەۋھىد | بىر دەپ بىلمەك، ئاللا بىر دەپ ئېتىقات قىلماق |



由 扫描全能王 扫描创建

| | |
|---|---|
| جايىز | رۇخسەت قىلىنغان، دۇرۇس |
| جىھاد | جەڭ، ئۇرۇش، دىن ئۇچۈن ئۇرۇشۇش |
| چارگاھ | كىرىش چەكلەنگەن جاي |
| خۇتبە | جۈمە نامىزىدا ئىمام مۇنبەردە تۇرۇپ قىلىدىغان سوز (ئوقۇيدىغان دۇئا) |
| خىش ـ ئەقرىبا | ئۇرۇق ـ تۇققان ۋە يېقىنلىرى |
| ھىيزى قىلىش | يادلىۋېلىش، ياد ئېلىش |
| ھەمدۇ ـ سانا | مەدھىيە، ماختاش |
| ھىجرەت قىلماق | كوچمەك، يوتكەلمەك |
| ھىدايەت | ھەق يول، توغرا يول ئىزدەش، توغرا يولغا كىرىش |
| رىدا | ئەرەپلەرنىڭ يەڭسىز تونى، يىلاش |
| رىيا | بىرەر ئىشنى باشقىلار كورسۇن دەپ قىلىش |
| راۋى | رىۋايەت قىلغۇچى |
| زىكرى قىلماق | يادلىماق، تىلغا ئالماق، ئەسلىمەك |
| سائىل | سورىغۇچى، نەرسە تىلىگۈچى |
| سەھىھ | توغرا، راست |
| سەلىب | كىرىست بەلگىسى |
| سىلە ـ رەھىم | مېھرى ـ شەپقەت قىلماق |
| سۇخەنچى | گەپ توشۇغۇچى |
| شاپائەت قىلماق | ئاراتۇرماق، تىلىۋالماق، ئارىغا چۈشمەك |
| شەررى | يامانلىق، بۇزۇقلۇق |
| شەقى | بۇزۇق، يامان، ئەسكى، بەتنەخت، بىتەلەي |
| قەبزى روھ قىلماق | جىنىنى ئالماق، جاننى تەندىن جۇدا قىلماق |
| قۇببە | گۈمبەز |
| فىقھى | شەرىئەت ئىلمى |
| گۇنايى كەبىرە | چوڭ گۇنا، ئېغىر گۇنا |
| گۇنايى سەغىرە | كىچىك گۇنا، يېنىك گۇنا |



由 扫描全能王 扫描创建

| | |
|---|---|
| گۇمراھ | يولدىن ئازغان، ئاداشقان |
| مالامەت | ئەيىپلەش، كايىش |
| مەبۇد | ئىبادەت قىلىنغۇچى، خۇدا |
| مەغپىرەت قىلماق | كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق، گۇنايىدىن ئۆتمەك |
| مۇفەسسىر | قۇرئاننى شەرھىلىگۈچى |
| مۇستەھىق | ھەقلىق، لايىق |
| مۇشرىك | ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگۈچى، كوپ خۇداغا ئېتىقات قىلغۇچى |
| مۇشەررەپ بولماق | شەرەپ بىلەن ئېرىشمەك |
| مۇلاقات بولماق | ئۇچراشماق، كورۇشمەك |
| مۇبەددەل قىلماق | ئۆزگەرتمەك |
| نازىل بولماق | چۈشمەك |
| نەپلى (نەفلى) ناماز | پەرز نامازنىڭ سىرتىدىكى ناماز |
| نەپلى روزا | پەرز روزىنىڭ سىرتىدىكى روزا |
| ئەرابى | قىرلىق ئەرەپ، تاغلىق چارۋىچى ئەرەپ |
| ئەرەسات | مەھشەرگاھ، قىيامەت كۈنى ئىنسانلار جەم بولىدىغان مەيدان |
| ئەزىيەت | زىيان ـ زەخمەت |
| ئەھكام | ھوكۇم، قارار، بەلگىلىمە |
| ئەمەل | ئىش، ھەركەت، دىنىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە قىلىنىغان ئىش |
| ئىستىغفار ئېيتماق | گۇنايىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلىمەك |
| كاپارەت | مەلۇم گۇنانى يۇيۇش ئۇچۇن بېرىلىدىغان سەدىقە، تۇتۇلىدىغان روزا قاتارلىقلار |
| كاھىنلىق | پالچىلىق |
| كۇپۇرلۇق قىلماق | نېمەتنى ئىنكار قىلماق، ناشۈكۈرلۈق قىلماق |
| كەلىمە | سوز |
| فەسلى قىلماق | مېيىتنى يۇماق |



由 扫描全能王 扫描创建

本书根据埃及幸福出版社1929年(伊斯兰教历1348年)第3版阿拉伯文版翻译出版。

بۇ كىتاپ مىسىر بەخت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1929 ـ يىلى (ھىجرىيىنىڭ 1348 ـ يىلى) نەشر قىلىنغان ئەرەپچە 3 ـ نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ساھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى
تۈزگۈچى: مۇستەفا مۇھەممەد ئەمارە [مىسىرلىق]
تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەت سالىھ
تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
قاتتىق مۇقاۋىلىقىنىڭ باھاسى: 2.50 يۈەن
ئاددى مۇقاۋىلىقىنىڭ باھاسى: 1.60 يۈەن



由 扫描全能王 扫描创建